# تارىم

7

1992

# پارلاق يول، سەممىي غەمخورلۇق

## نوتۇقنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر






ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ
شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ مۇھىم سۆز قىلماقتا.

سۇڭ خەنلياڭ، جانابىل، قەييۇم باۋۇدۇن،
فېڭ داجېن يولداشلار رەئىس سەھنىسىدە.




يولداش سۇڭ خەنلياڭ ھەر مىللەت
يازغۇچىلىرى بىلەن سەممىي سۆھبەتتە.






جانابىل، قەييۇم باۋۇدۇن
يولداشلار ئەدىبلەر بىلەن بىللە.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

42-يىل نەشرى

7

1992

باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

ئارسلان

مەسلىھەتچىلەر

ئابلىمىز نىيازىي، ئەلقەم ئەختەم

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مۇھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

## بۇ ساندا

### ماقالىلەر


سۇلۇ خەنلىيالۇ ................ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى ................ 4


### نەسرىي ئەسەرلەر


ت. ئايۇپ ................ گۈگۈمدىكى تەنھالىق (ھېكايە) ................ 8
م. ئىمىن ................ مەردلىك، جىنايەت ۋە مۇھەببەت (ھېكايە) ............ 29
ر. روسۇل ................ يېشىللىققا ئەسىر قەلب (ئەدەبىي ئاخبارات) ......... 38
ئا. ساۋۇت................ ئۇششۇك ماڭغان كېچە (پوۋېست) ................ 50
ق. جېلىل ................ پەم (ھېكايە) ................................ 106
م. مۇھەممەت ................ مەڭگۈلۈك ھەسرەت (ھېكايە)...................... 113
س. دۈگايلى ................ بەدەل (ھېكايە) ................................ 133
ئى. راشىدىن ................ مېنىڭ ئوقۇغۇچىم (ھېكايە) ...................... 138
ئە. ھاشىم ................ قازىنىڭ ھۆكۈمى (مەسەل) ...................... 146


### شېئىرلار


ق. ئىمىن ................ قەلەمدىن چاقىندى چاقماق ................ 42
ئو. ساۋۇت ................ مەن ساڭا بەردىم بىر بىپايان دېڭىز ............ 44
ئا. سۇلايمان ................ مۇھەببەتلىك ھايات، يېڭى كۈن ئۈچۈن ............ 48
غ. رەھىم ................ ھايات كۆرۈنۈشلىرى ................................ 49


### ئۈمىد چېچەكلىرى


ئا. تۇنىياز ................ قويرۇقلۇق يۇلتۇز تەزكىرىسى (شېئىر) ................ 87
ئەزىزى ................ ئۈزۈك رىشتىلەر (شېئىر) ................................ 89
ج. ئەمەت ................ دېھقان ئاكامغا (شېئىر) ................................ 90
ئە. مەتسەيدى ................ سۆيگۈ (شېئىر) ........................................ 91

د. روزى ............ تىلسىم كەچ (شېئىر) ............ 92
ئە. يولداش ............ سەھرادىكى يوللار (شېئىر) ............ 92
ئا. تۇيغۇن ............ ۋىدا (شېئىر) ............ 93
ت. تۇردى ............ شائىر كۆيىدۇ (شېئىر) ............ 93
گ. يۇسۇپ ............ يالقۇنلۇق ھېسلاردىن باشلانغان قەدەم ............ 93
ت. ئەزىزى ............ دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ دەريا ............ 94
س. تەۋەككۇل ............ ئارزۇ (ھېكايە) ............ 96
م. سەيپۇللا ............ نومۇس (ھېكايە) ............ 101
ئە. ئابدۇقادىر ............ نەسىرلەر ............ 104

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئا. ئەمەت ............ «سەنيۇەنلىدىن قايتقان ئادەم» دىن ئاڭلىغانلىرىم ............ 148

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

ق. بارات ............ مول مېۋىلىك ئۆتكەن 50 يىل ............ 151

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

ش. ئوگالبايېۋ ............ شېئىرلار ............ 155

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

ئېكىسلى ............ خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش (ھېكايە) ............ 159

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: 1. يولداش سۇك خەنلياڭ يازغۇچى قەييۇم تۇردى بىلەن سۆھبەتتە.

2. يولداش جانابىل قەييۇم تۇردى، ۋاڭ يۇخۇ، شاكەن ئوگالبايېۋ قاتارلىق ھەر مىللەت يازغۇچىلىرى بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە.

* * *

بۇ سانىنىڭ رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.

سۇڭ خەنلياڭ

# سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرايلى

## — ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئۆتكۈزۈلگەن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1992 - يىلى 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى)

يولداشلار:

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ شانلىق ئەسىرى — «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ئېلان قىلىنغانلىقىغا توپتوغرا 50 يىل بولدى. بۈگۈن داغدۇغىلىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ بۇ كۈننى خاتىرىلىمەكتىمىز، بۇ ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. نۇتۇق يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى تەدبىقلاپ، ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىسىنى سىستېمىلىق ھەم چوڭقۇر شەرھلىگەن زور ئەسىرى، ئۇ، ماركسىزمنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خەزىنىسىدىكى گۆھەر. نۇتۇقتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن تۇرمۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن خەلق، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن دەۋر، ئەدەبىيات - سەنئەت بىلەن ئىنقىلاب، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىش، مەزمۇن بىلەن شەكىل، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش قاتارلىقلار توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلار مەيلى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە بولسۇن ياكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش دەۋرىدە بولسۇن، ئۆچمەس ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇتۇق روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، بەدىئىي سۈپىتى كۈنسايىن ئۆستى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىجاد

قىلغان، دەۋر روھى چاقناپ تۇرغان ئەسەرلەر مەملىكەت ئىچىدە ئالقىشلىنىپلا
قالماي، خەلقئارا سەھنىگىمۇ قەدەم قويۇپ، دۆلەت ۋە مىللەتكە شان ـ شەرەپ كەل-
تۈردى. يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتى شۇنى ئىس-
پاتلىدىكى، نۇتۇقنىڭ ئاساسىي روھى مەڭگۈ داۋاملىشىدۇ، ئۇ بۈگۈنكى كۈندىمۇ
ئوخشاشلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى، بىزنىڭ
بۈگۈن نۇتۇقنى خاتىرىلەشتىكى مەقسىتىمىز، ئاساسلىقى، ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن
ماركسىزملىق ئىدىيە ۋە نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ھەم ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلان-
دۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ج ك پ مەركىزىي كومى-
تېتى سىياسىي بيۇروسى ئومۇمىي يىغىنى ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى-
نىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنەمەكتە ۋە ئىزچىللاشتۇرماقتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،
ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. پارتىيىنىڭ «بىر
مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىز-
چىللاشتۇرۇپ، پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
قەدىمىنى تېزلىتىپ، زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن بىرنەچچە
يىل ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ
ئورتاق قارىشى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت
خادىملىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى ۋەزىپىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچى-
ۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ قاينام ـ تاشقىنلىق تۇرمۇشقا چوڭقۇر
چۆكۈپ، ئۇلۇغ دەۋرىمىز، ئۇلۇغ خەلقىمىزگە مۇناسىپ ئېسىل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ،
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى تۇرمۇش
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈ-
رۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پائال
تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش — سوت-
سىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.
يولداش ماۋزېدۇڭ نۇتۇقتا «ماركسىزمچى ئىنقىلابىي يازغۇچىلار، بولۇپمۇ
پارتىيىلىك يازغۇچىلار ماركسىزم ـ لېنىنىزم ساۋاتلىرىنى بىلىشى لازىم»، «ماركسىزم ـ
لېنىنىزم — بارلىق ئىنقىلابچىلار ئۆگىنىشكە تېگىشلىك پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىم-
لىرىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس» دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ
جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش ھەققىدىكى بايانلىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ
بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەمە-
لىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ، ماركسىزملىق ھۆججەت. ئۇ ئىسلاھات

ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىلا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، باشقا ئىشلاردىمۇ، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدىمۇ مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەدىبلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا ئەدەبىيات - سەنئەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ھەققىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىدىيىسىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، دادىل ئىزدىنىپ، قېتىرقىنىپ ئىجاد قىلىپ، ۋەتىنى، خەلقنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن بولۇشى كېرەك.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ نۇتقىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ئەدەبىيات - سەنئەت خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىنى، بولۇپمۇ «يېڭى شەخس، يېڭى دۇنيا» نى ئەكس ئەتتۈرۈشى، خەلق ئۈچۈن، خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ ئاساسىي ئىدىيىسىنى سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئوخشاشلا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش — قەدىمكىلەر قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىش، ئۇ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر يولى. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى دەۋردە بىزنىڭ ئىشلىرىمىز، تۇرمۇشىمىز، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئوبرازى يېڭىلانماقتا. بۇ ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىمىزغا ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان كەڭ زېمىن ھازىرلاپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياخشى پۇرسەت ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى. كەسپچانلىقتا ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە بارلىق ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار نى - نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىش دولقۇنىغا پائال ئاتلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، قاينام - تاشقىنلىق رېئال تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئىدىيىۋىلىكى بىلەن بەدىئىيلىكى، مەزمۇنى بىلەن شەكلى مۇكەممەل ۋە بىرلىككە كەلگەن، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ئەسەرلەرنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئىجاد قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان قەھرىمانلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىدىغان، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، ئىلگىرىلىشى يولىدا جاپالىق خىزمەت ئىشلەيدىغانلارغا مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە بىلەن ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ئالىيجاناپ پەزىلەت ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىسىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە يېپيېڭى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. مۇشۇ يېڭى ئوبرازلار ئارقىلىق ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي

خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭى دەۋرنى كۈيلەش، ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق يېڭى تۇرمۇش يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش يولىدا ھارماي ـ تالماي تىرىشىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ـــ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كاپالىتى. ئىدېئولوگىيە ساھەسى ئەزەلدىن سىنىپىي زىددىيەت ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ ئاساسلىق بازىسى بولۇپ كەلدى. بۇ بازىنى پرولېتارىيات ئىگىلىمىسە، بۇرژۇئازىيە ئىگىلەپ كېتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم تەرەپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ئىنتايىن مۇھىم، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، «بىرنى چىڭ، بىرنى بوش» تۇتىدىغان ھالەتنى تۈگىتىشى لازىم. پارتىيىنىڭ بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، سەنئەت جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇب ۋە شەكىللەرنىڭ ئەركىن راۋاجلىنىشىنى، ئىلىم جەھەتتىكى ئوخشاش بولمىغان قاراش ۋە ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن مۇنازىرىنى تەشەببۇس قىلىش كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر قوشۇنىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ ۋە ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ۋە تۇرمۇشىغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۈچۈن پايدىلىق تۈردە زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، گەۋدىلىك تۆھپىسى بارلارنى مۇكاپاتلىشىمىز لازىم. ئىختىساس ئىگىلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىت يارىتىپ، ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ زور قوشۇنىنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك.

يولداشلار، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ دەۋرى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىغا شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى يۈكلىدى. ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ زور ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۇتۇق ئېچىپ بەرگەن يولنى بويلاپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىشى لازىم.

توختى ئايۇپ



(ھېكايە)

1

گۇگۇم پەيتى. زېرىكىشلىك تىمتاسلىقتا چۆمگەن تىنجىق كەچكى گۇگۇم...

تولۇن ئاي قارايغان كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى، ئۇ ئېگىز بىنالارنىڭ كەينىگە ئاستا ـ ئاستا پېتىۋاتاتتى. ئۇ گويا زېمىنغا تارتىشىۋاتقاندەك، نېمىگىدۇر ئېسىلىۋالماقچىدەك، ئەمما ئۇنى قانداقتۇر قۇدرەتلىك بىر كۈچ ئاشۇ تىمتاس، زۇلمەتلىك ئالەمگە سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئاي يۈزىدە داغ، ئۇ قىرلىق جاراھەت دېغى. ئاي پات ئارىدا زۇلمەت ئىچىگە پاتىدۇ. زېمىنمۇ ئاخىرقى نۇردىن ئايرىلىدۇ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولىدۇ...

ھامىتوۋ ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز، ئۈستەل يېنىدا خىيالغا چۆمگەن. ئۇ ئېگىزكىنى مۇشتۇمى بىلەن تىرەگىنىچە دېرىزىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئايغا قاراپ ئولتۇراتتى. بېشىنىڭ ئۇدۇلىدا ـ تورۇستا چاڭ ـ توزاندىن قارىداپ كەتكەن خىرە چىراغ ئېسىلىپ تۇراتتى. كارىۋات ئۈستىدە ئۇزاقتىن بېرى يىغىلمىغان، كىرلىشىپ قارايغان يوتقان ـ كۆرپە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ تاشلاپ قويۇلغان كىيىم ـ كېچەك، پايپاق، چېچىلىپ ياتقان كىتاب ـ ژۇرنال... چۆرىسى قىرچىلغان، سىرلىرى ئۆچكەن ئۈستەلدە ئاغزى ئېچىلغان ھاراق بوتۇلكىسى، پەتنۇستا قېتىپ ئېگىلىپ، خۇددى مېكىسكىلىق پادىچىنىڭ قالپىقىغا ئوخشاپ قالغان نان، بىر تەخسىدە ئۇۋۇلۇپ كەتكەن مايلىق خاسىڭ...

زاكوسكا ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىنىڭ
بار ـ يوقى مانا شۇ.

هامىتوۋنى كەيپچىلىك ئورنىغا
ۋەھىمە باستى. خىرەلەشكەن سەزگۈسى
بىردىنلا روشەنلەشكەندەك بولدى. ئۇ
ھەسرەت ئىچىدە ئىڭراپ كەتتى. ئۇنىڭ
نەزەرىدە شۇ تاپتا ھەممە نەرسە ـــ ئۆزىمۇ،
ئايىمۇ تەنها، ھەتتا مۇشۇ زېمىنمۇ تەنها
ئىدى.

ئۇ ئۈستەلدىكى بوتۇلكىنى قولىغا
ئالدى. ئاچلىق ۋە مەستلىكتىن ئېلىشقان
كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ سىلكىپ باقتى،
پۇرىدى. ھاراق ئاللىقاچان ئىچىلىپ
تۈگىگەن. بوتۇلكا قۇرۇقدالغان. ئاھ،
بوتۇلكا... ئۇ ئىچىدىكى ئاشۇ ئۆتكۈر
ئىچىملىك بىلەنلا قەدىرلىك. ئىچىملىكنىڭ
قىممىتى ئۇنى قېقىلىپ، تولغىنىپ، ئازاب
بىلەن ئىچىپ، ئۇنىڭ سېنى غەمسىز،
دەرد ـ ئەلەمسىز باشقا بىر دۇنياغا باشلاپ
بارغان چاغدىكى شېرىن كەيپىنى سۈرۈش-
تە. ئادەمنىڭ قىممىتىچۇ؟ ئادەمنىڭ
قىممىتىنى ھەرگىز بىر بوتۇلكا ھاراقچا
تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ھامىتوۋنى بولسا
تېخىمۇ شۇنداق. بىراق، مۇشۇ كۈنلەردە
ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاشۇ قۇرۇقدالغان بوتۇل-
كىدەك قەدىر ـ قىممەتسىز ھېس قىلدىغان
بولۇپ قالغىنى نېمىسى؟

ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى،
كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش قۇيۇلدى.
خۇمپەرلەر... قارانىيەتلەر... تالانتنى
ئاياغ ئاستى قىلغۇچى تەلۋىلەر! ـــ
ھامىتوۋنىڭ ۋۇجۇدىدىكى باينقى تەنھالىق
ۋەھىمىسى بىردىنلا غەزەپ ۋە ئۆچلۈك
تۇيغۇسى بىلەن ئالماشتى. ئورۇق، قاتاڭغۇر
گەۋدىسى ئۈستەلگە ئېڭىشكەندى، قۇرۇق
رومكىنى مىجىقلاپ تۇتۇۋالغان قولى تىترە-
رەپ كەتتى، ـــ نېمىشقا شۇنداق قىلىشىدۇ؟
قەۋەتلىك، ھەشەمەتلىك بىنا، ئازادە
ئىشخانا، تېلېفون، لۆم ـ لۆم ئورۇندۇقلارغا
ئېرىشكىنى ئۈچۈنمۇ؟ گېزىتخانىنى مانا
بىز... مەندەك پېشقەدەملەر قۇرغان،
ئاساسىنى ياراتقان. راستقۇ! پارتىيە سىيا-
سىتىنى مەن بىرىنچى بولۇپ تەشۋىق
قىلغان، ئۇچكە قارشى تۇرۇش، يەرلىك
مىللەتچىلىككە ۋە ئوڭچىلارغا قارشى
تۇرۇش كۈرىشىدە بىرىنچى توپنى مانا
مەن ئاتقان. گۇڭشېلىشىش، سەكرەپ
ئىلگىرىلەش، پولات تاۋلاش، مەدەنىيەت
ئىنقىلابى... مەن بۇ سىياسىي كۈرەشلەر-
نىڭ قايناملىرىدا قانچىلىك ئاۋانگارتلىق
رول ئوينىمىدىم؟ ئېيخ قانداق ياخشى
چاغلار ئىدى ـ ھە ئۇ؟! پارتىيە ـ ھۆكۈ-
مەت ئالدىدا ھۆرمەت ـ ئىناۋىتىم ئاسماندا-
دەك يۈكسەك ئىدى. ئەنە شۇ تۆھپىلىرىم
ئۈچۈن گېزىتخانا ئالدىدا ھەيكىلىمنى
قاتۇرۇشقا ئەرزىيتتى... ـــ ھامىتوۋنىڭ
غەزىپى ئۆرلەپ، خۇمارى تۇتتى، يانچۇ-
قىنى ئاختۇرۇپ تەتۈر ئۆرىدى. تاماكا
تۈگىگەن، ئېسىت، مۇشۇنداق چاغدا ـ ھە؟
ئۇنىڭ خۇمارى ئەۋجىگە چىقىپ، ئەسەب-
لىرى قاقشاپ كەتتى. خۇددى ھاسىسىنى
يوقاتقان ئەمادەك ئۈستەل ئەتراپىنى بىر
ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن كۆلدانىدىكى
تاماكا قالدۇقلىرىنى تېرىپ، قەغەزگە
بىر ـ بىرلەپ تۆكۈپ ئوراشقا باشلىدى، ـــ
بىر توپ تەلۋىلەر ھوقۇقنى ئىگىلىۋېلىپلا
نېمە قىلدى؟ ئاشۇ شۆھرەتلىك ھەيكەلنى
ئۇرۇپ چۇشۇردى. گېپى ناھايىتى چىراي-
لىق: يېشىڭىز ئېشىپ كېتىپتۇ، سىزنى
ئاسراش ئۈچۈن دەم ئېلىشقا چىقىرايلى

دېدۇق... تۇفى! بىز پېشقەدەملەرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈشنىڭ باھانىسى ئۇ خۇمپەرلەرنىڭ! ئېيتىپ باقسۇنچۇ، مەركەزدىكى قايسى رەھبەرنىڭ يېشى مەندىن كەم؟ ئاتمىشقا كىرگىنىم راست، لېكىن بۇنىڭغا شۇ تاپتا كىم ئىشىنىدۇ؟ ئازراق جۈدەپ، ماغدۇرسىزلىنىپ قالغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆزۈمنى قىرىق ـ ئەللىك ياش ۋاقتىمدىكىدەك قىران، چەبدەس ھېس قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەقىل - ھوشۇم جايىدا. تەجرىبەم مول. ھازىرقى تەھرىر، مۇخبىرلارنىلا ئەمەس، ئىدارە باشلىقى، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى دېگەنلەرنىمۇ كۆرۈۋاتىمەنغۇ. ئېخ، ھامتوۋ! سەن ئەسلىدە ئىدارىنغا، ھەتتا تەشۋىقات بۆلۈمىگە باشلىق بولۇشقا لايىق ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمما تالانتلىقلىقىڭ ئۈچۈن يەرگە ئۇرۇلدۇڭ، خۇددى ۋاقتى ئۆتكەن كېرەكسىز گېزىتتەك يىرتىلدىڭ، ئەخلەتخانىغا چۆرۈۋېتىلدىڭ...

ئۇ راستىنلا ۋاقتى ئۆتكەن كېرەكسىز گېزىتتەك پۈكلىنىپ، ئۈستەلگە جەينىكىنى تىرىگىنىچە ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ تەنھالىق ۋەھىمىسىدىن، غەزەپ، ھەسرەتتىن ئۇيقۇسى قاچقان. شۇ تاپتا چىراغنى ئۆچۈرۈپ كارىۋاتتا ئۆزىنى تاشلاش گويا تىرىك تۇرۇپ گۆرگە كىرگەندەك قورقۇنچلۇق بىر ئىش. ياق، شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ھاراق ئەڭ ياخشى ئۇلپەت! ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ئۆچۈردى-دە، ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

مانا، تونۇش كوچا، تونۇش قاۋاقخانا. ھامتوۋ قاۋاقخانىغا كىرىپ، ئۈستەل ئەتراپىدىكى ناتونۇش كىشىلەرگە تەمە بىلەن ھەجىيىپ قويدى، ئۇلاردىن سادا بولمىغاندىن كېيىن شىمىسىنىڭ يانچۇقىدىن قۇرۇق بوتۇلكىنى ئالدى - دە، پوكەيگە تاققىدە قويۇپ:

— تۆت سەر! — دېدى.

— ھامتوۋكا، سەن...— دېدى ياش، سېمىز، تاقىر باش قاۋاقخانا خوجايىنى چاقچاق قىلىپ، — ھەر ئايلىق پېنسىيە پۇلۇڭ ئىككى، ئۈچيۈز يۈەن، ئەمما ئىچىشىڭ پارچە ھاراق. تىككەندەك يالغۇز جېنىڭغا يا يېمەيدىكەنسەن يا كىيمەيدىكەنسەن. شۇنچىۋالا پۇلۇڭنى نەگە سىغدۇرىدىغانسەن؟ پىخسىق ئادەم - دە، سەن!

— پارچە ھاراق دەمسىنا؟ — ھامتوۋ مەست كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ خوجايىنغا گۆلىيىپ قارىدى، — ئۇنىڭ پەيزىنى نەدىن بىلىسەن؟ ھاراقنى مۇشۇنداق ئىچىشنى ئورۇستىن ئۆگەنگەنمەن. مانا مۇنداق... — ئۇ جەينىكىنى پوكەيگە تىرىدى، — رومكىنى كوم قويىسەن - دە، يېنىڭغا چىرت قىلىپ تۆكىۋېرىسەن. مانا بۇنى ئەركەكچە ئىچىش دەيمىز. ئونبەش يېشىمدا ئىچىشنى ئۆگەنگەن. ھازىرغىچە ئوتتۇز - قىرىق تونىنچە ئىچكەندىمەن. قانداق، پىخسىقمىكەنمەن؟

ئۇ تۆت سەر ھاراق قويۇلغان بوتۇلكىنى ئاغزىغا ئۆڭتۈرۈپ، ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ ئىچتى، كېكىردىكىنىڭ پۇرلاشقان تېرىسىدىن بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغان بوغدىيىكى يۇقىرى - تۆۋەن كۆتۈرۈلدى. ئاندىن ئاغزىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئېرتتى - دە، يەرگە چىرت قىلىپ تۈكۈردى.

— مانا مۇشۇنداق، — دېدى ئۇ قاۋاقخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

كوچىدا ئادەملەر شالاڭلاشقان، ئۇ ئۆز - ئۆزىگە نېمىلەرنىدۇر سۆزلىگىنىچە

گاھ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە، گاھ بۇ تەرىپىگە سەنتۈرۈلۈپ كېلەتتى.

ھە... ئەمدى ئىككىمىز قالدۇقمۇ بۇرادەر؟ — ئۇ ئۈستىدىكى ئاقۇش رەڭلىك چىراغ ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇرغان ستولبا يېنىدا توختاپ، قولىدىكى بوتۇلكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھاراقنىڭ شالاقشىپ چايقىلىشىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئۇششاق كۆپۈكچىلەرگە، ئاندىن ئاشۇ تىترەپ تۇرغان رەڭسىز ھاراققا قاراپ كەتتى، — ھەئە، ئىككىمىز قالدۇق. بۇ ۋاپاسىز ئالەمدە پەقەت ئىككىمىزلا قالدۇق... ئېيتقىنا، سەن نېمە؟ سەن دۇنيادىكى جىمى دەردمەنلەرنىڭ ئۈنسىز غەمگۇزارىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان قايناق كۆز يېشىمۇ؟ مەن بۇ دۇنيادا تاپالمىغان مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنى، پاكلىق ۋە سەمىمىيەتنى سېنىڭ مۇشۇ لىغىرلاپ تۇرغان سۈزۈك قەترەڭدىن تاپىمەن. دۇنيادا ھېچكىمدىن، ھېچنېمىدىن تاپالمىغان تەسەللى ۋە ھەمدەردلىكنى سەندىن تاپىمەن، دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت بىلەن تولغان كۆڭلۈم سەن بىلەن ئاۋۇنىدۇ. راستىنى ئېيتسام، سېنى ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ تەڭرىمۇ، دوست، ئاغىنىلىرىمگىمۇ، بۇرۇن ئېلىپ قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرىمغىمۇ تەڭ قىلمايمەن. سەۋەبى تەڭرىنىڭ كۆزى كور، دوستلىرىم ئىشەنچسىز، خوتۇنلىرىم ۋاپاسىز. ھەي تەڭرى! تەڭرىنى تىللاپ قارغايمەنۇ ئەمما ئىچىمدە قورقىمەن. قورقۇپ تۇرۇپ تىللايمەن. نېمىشقا مەندەك گۇناھسىز، مۆمىن بەندەڭنى خار قىلىسەن، دەيمەن. دوستلىرىم، خوتۇنلىرىمغا كەلسەك، ئۆمرۈمدە نەچچە دوست تۇتتۇم، نەچچە خوتۇن ئالدىم. يەتتىمۇ، سەككىزمۇ... تازا ئېسىمدە يوق. ئاشنىلىرىمچۇ دەمسىنا؟ ئۇنىڭ سانىنى ئېيتىپ يۈرىدىغانغا چولام نەدە؟ بىراق ئۇنىڭ پەيزى باشقىچە جۇمۇ! نېمىشقا دېسەڭ، ئايال خەق ھەم پەرىزات ھەم ئالۋاستى، ئاشنا ئوينىغىنىڭ پەرىزات بىلەن ئوينىغىنىڭ، خوتۇن ئالغىنىڭ ئالۋاستىنى ئالغىنىڭ. راست... راستقۇ! سەن بىردە كۆيسەن، ئاشىق بولىسەن، بۇ خوتۇن خەقنىڭ پەرىزاتقا ئايلانغان ۋاقتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نەرسەڭنى، ھەتتا جېنىڭنىمۇ قۇربان قىلغۇڭ كېلىدۇ. ئەمما ئۇنى سەن ئەمرىڭگە ئالسەنۇ، بالاغا قالىسەن، ئۇ سېنىڭ يېمىگىنىڭ، ئىچمىگىنىڭ بىلەن كارى يوق، كىيسەم - كىيسەملا دەيدۇ. ئالتۇن جابدۇق، زىبۇ - زىننەت بىلەن كۆمۈۋەتسەڭمۇ نەپسى قانمايدۇ. ئەسلى - ۋەسلىڭنى قۇرۇتۇپ قويۇپ، خېتىمنى ئالىمەن دەيدۇ. ياقاڭغا ئېسىلىدۇ، كوچىغا چىقىۋېلىپ ئاۋازىنىڭ بارىچە تىللاپ قارغايدۇ. ئەلەمگە پايلىماي بىرەر شاپىلاق ئۇرۇپ قويدۇڭمۇ بولدى، ئىدارەڭگە، ھەتتا سوتقا چاقىدۇ، ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ يېتىۋالىدۇ. خۇدايىم باركى، ھايا - نومۇس، پەدىشەپ دېگەنلەر ئۇلار ئۈچۈن يات، مانا بۇ خوتۇن خەقنىڭ ئالۋاستىغا ئايلانغان ۋاقتى. ئەر كىشى ئەر كىشىگە تەڭ كېلەلىشى مۇمكىن، ئەمما، ئاغزى يامان بېشەم خوتۇنغا تەڭ كېلەلىشى مۇمكىن ئەمەس، مەن ئاشۇنداق ھازازۇل خوتۇنلاردىن ئاجراشقىچە قايسى كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ ئانا - مانامنى كۆزۈمگە كۆرسەتتىغۇ! شۇڭا دەيمەنغۇ، ئاشنا ئوينىغاننىڭ پەيزى باشقىچە دەپ. كاۋاپ نېمىشقا تاتلىق؟ كۆلگە مىلەنگەچكە. ئاشنا نېمىشقا

تاتقلىق؟ چالا - بۇلا سۆيۈشكەچكە. قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى بىر تونۇشۇم بولىدىغان، يېقىندا ئۇچرىشىپ قالدۇق. بالاڭ نەچچە، دېسەم بەش، دېمەسمۇ. بالىلىرىڭنىڭ ئاپىسىنى ئالغىلى نەچچە يىل بولدى، دەپ سورىسام، يىگىرمە يەتتە يىل دەيدۇ. يىگىرمە يەتتە يىل؟ ياﺋاللا! ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. بىر خوتۇنغا يىگىرمە يەتتە يىل باغلىنىپ قانداقمۇ چىدىغاندۇ، ئويمىغانمىدۇ، زېرىكمىگەنمىدۇ؟ ئېسىت ئۆمرى...يىگىرمە يەتتە يىللىق ئۆمرىنى باغلاقتىكى ئىتتەك ئۆتكۈزگەن-دە، بىچارە. بەزىلەر مېنى يالغۇز بىچارىسەن دەيدۇ. شۇنداق چاغدا ئاغزىغا مۇشت بىلەن كېلىشتۈرۈپ سالغۇم كېلىدۇ. ئۇلارنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇلار خوتۇنۇم، بالام، ئۆيۈم دەپ ئۆيىنى ئىتتەك چۆگىلەپ يۈرىدۇ. خوتۇنلىرىچۇ؟ ئېرىنى ۋاي غوجام دەپ پەپىلەپ قويۇپ ئۆزلىرى نە-نەلەردە ئويناپ يۈرگەن. ۋاي قاپاقباشلار... ئۆزۈم تىكەندەك يالغۇز بولسامۇ ئۇلارغا قارىغاندا كۆڭلۈم گۈلدەك ئۆتتۈۋاتقان ئەركەكمەن. ئۆمرۈمنىڭ ئەڭگۈشتىرى—دادامدىن مىراس قالغان ھېلىقى تۆمۈر ساندۇق. ئۆز ۋاقتىدا دادام رەھمەتتى يىغقان دەپى-دۇنيانىڭ ھەممىسى تۆمۈر ساندۇقتا ساقلانغانىكەن، ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ داتلىشىپ كەتكىنىگە قارىماي ئوتتۇز ئالتە مىڭ يۈەن پۇلۇمنى جىمغىنا تۇيدۇرماي ساقلاپ كېلىۋاتامدۇ. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچى كالتە ئىشتىنىمنىڭ ئۆزۈم تىكىۋالغان يانچۇقىدا، شۇنداق قىلىپ پۇلنى يىغدىممۇ، خەجلىمىدىم. خەجلىمەي يىغىۋەردىم. ئۇنى كېيىن نېمىگە ئىشلەتىمەن؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. لېكىن نېمىشقىدۇر مېنىڭ جېنىم تۆمۈر ساندۇقتا ساقلىنىۋاتقاندەك، ساندۇقنى ھەر قېتىم سىلاپ-سىيپىغىنىمدا ئۆزۈمنى چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ۋە شان-شەرەپ ئىگىسىدەك ئادەتتىن تاشقىرى جۇشقۇن ۋە كۆتۈرەڭگۈر ھېس قىلىمەن. لېكىن ئۆزۈم شۇنداق تۇرۇقلۇق ئىلگىرى ئىشىكىمنى تولا قېقىپ ئارام بەرمەيدىغان ئويۇنچى خوتۇنلارنىڭ ئەمدى مەندىن بىراقلا تېزىپ كەتكىنى نېمىسى؟ ياكى مېنىڭ«پېنسىيىگە چىققان» دېگەن لەنىتى نامىمدىن نومۇس قىلىپ ئۆيۈمگە يولىمايدىغان بولۇشتىمىكىن؟ ئۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارغا خەجلەيدىغان تۆت-بەش تەڭگە پۇلۇمغا پايدا، ئەمما جېنىمغا ئازاب. يالغۇز قالغاندا ئەمدى سەنلا ماڭا ھەمراھ، ئۆلپەت، سىرداش... ئەمدى بىلدىم، بۇ دۇنيادا ئەمدى ۋۇجۇدۇمغا كۈچ-قۇۋۋەت، كۆڭلۈمگە تەسەللى بېرىدىغان ئاشۇ تۆمۈر ساندۇقۇم بىلەن سەن بوتۇلكاملا قالغان ئوخشايسەن...

ھامتوۋنىڭ بوتۇلكىغا ئېيتىدىغان دەرد-ھالىمۇ تۈگىدى. ئەمدى ئۇ ھەمىشە ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ناخشىنى دىمىقىدا غىڭشىغىنىچە، يولدا مۆدۈرۈلۈپ، سوقۇلۇپ كېلەتتى:

خەق مېنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى...

ئۇ ھەر بىر قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ، ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ چوڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ بۇرنىغا چۈشۈپ قالغان كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇغان. پەقەت قولىدا ھارىقى ئىچىلىپ ئازلا قالغان بوتۇلكىنى چىڭ قامالىلىۋالغانىدى، ئۇ نېمىدۇر دەپ

غۇدۇڭشىيتتى. كىملەرنىدۇر ئىنىڭ يامان تىل بىلەن تىللايتتى. ئۇ كارىدورغا كىردى. شۇ چاغدا قوشنىسى نادىرنىڭ ئۆيىدىن ئۈنئالغۇدا قويۇلۇۋاتقان يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. چوقۇم خوتۇنلار بىلەن ئولتۇرۇپ تىلىشىۋاتقان گەپ-چۆچەكلىرىنى غۇچۇرلاتتى ئۇ نادىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئىشىككە ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ، — ئويۇننىڭ زېرىكىنى مۇشۇ خۇمپەرلا چىقارغىلى تۇردىنمۇ بۇ كۈندە، كىمنى كۆزلىگەن، ئىلمايدۇ ئۇ؟ بىلدىم، بىر چاغلاردا ماڭا سايىدەك ئەگىشىۋالىدىغان خوتۇنلارنى بىر ئامال قىلىپ ئۆزىگە قارىتىۋالغان گەپ-تە، تۆۋا لەنتىلەر.... دېمىدىممۇ، خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق دەپ... ئەرلىرىنى پەپىلەپ تېلېۋىزورنىڭ ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ، ئۆزلىرى بولسا بويتاقلارنىڭ ئۆيىگە چاپىدۇ. ئازادە ئۆي، بوقا پاتاڭ ئەر، يېيىشىدۇ، ئىچىشىدۇ، ئوينىشىدۇ... ئۇلارغا راھەت، شوغىنىسى ماڭا ئازاب... ئۇ بىرەر نەرسىنى كۆرەلمەيدىكىن دەپ ئېڭىشىپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ قاراپ باقتى، ھېچنېمە كۆرەلمىگەندىن كېيىن ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۇ ئىدارە باشلىقى جاپپارنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قاتاڭغۇر، ئالدىغا سەل مۈكچەيگەن ئورۇق گەۋدىسىنى، پۇرلاشقان تاتىراڭغۇ چىرايىنى كۆرگەن خىزمەتچى-تەھرىرلەر گويا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قورققاندەك ئۇپۇل-توپۇل ئىشخانىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن تېخىچە ھاراق بۇسى كەتمىگەنىدى. يۇقىرى گىرادۇسلۇق قېلىن كۆزەينەكنىڭ ئاستىدا نۇرسىز كۆزلىرى سىرتقا پولتىيىپ، ھازىرلا چانىقىدىن ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! كېلىڭ، كېلىڭ ھامتوۋكا، — دېدى جاپپار ئۈستەل-ئورۇندۇقلارنى سۈرتىۋاتقان ھۆل لۆڭگىنى تاشلاپ قويۇپ، ھامتوۋقا قول ئۇزىتىپ، — مانا ئەتىگەندىلا بۇ ياققا قەدىمىڭىز يېتىپتۇ. نېمە دېگەن ياخشى. قېنى، ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ.

ئۇ گۈللۈك فارفور كورۇشكىغا چايداندىن چاي قۇيۇپ ھامتوۋنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە قېلىن قاشلىرىنى ھېمىرىپ، سوئال مەنىسىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— مەن ئۆتكەندە ئىنكاس قىلغان مەسىلىنى سىلەرنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىڭلار توغرىسىدا خەۋەر تاپاي دەپ كېلىۋىدىم.

— نادىرنىڭ ھېلىقى زىيارەت خاتىرىسى توغرىلىقمۇ؟ — جاپپارنىڭ چىرايىدا سۈس كۈلكە پەيدا بولدى، — ئۇنى ئوقۇدۇم. ئۇ ماقالىگە ئۆزۈم قول قويغان. ماقالىدە ناھايىتى ياخشى بىر مەسىلە — رەھبىري كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق رولىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغانغۇ.

— زىيارەت خاتىرىسىدە ئەخمەت سىيىت يېزىلغان. سىز ئۇ ئادەم توغرىلىق ئازدۇر-كۆپتۇر گەپ ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز؟ — ھامتوۋ چايدىن ئالدىرىماي ئوتلاپ، گەۋدىسىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۆتۈرۈپ قويدى.

— ئاڭلىغانلا ئەمەس، شەھەرلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۇنىڭ مەسىلىسى

توغـرىسـىدا چىقـارغان قارارىـنىڭ نۇسـ
خىسىنىمۇ كۆرگەن. ئۇ، ئىلگىرى شـەھەر-
لىك يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا مۇئاۋىن
باشلىق بولغان، بۇ مەزگىلدىكى خىزمىتىـ
دە كۆرۈنەرلىك ئۇتۇق قازانغان. لېكىن
ئۇ پىراۋىسىز كىچىك ماشىنا هـەيدەپ
يولدا بىر هارۋىدىكەشنى سوقۇپ زەخىملەنـ
دۈرگەنلىكى ئۈچۈن دەرىجىسى تـۆۋەنلىـ
تىلىپ، شەهەرلىك فارفـور بۇيۇملار زا-
ۋۇتىغا باشلىق قىلىپ چۈشۈرۈلگەن. ئېهـ
تىمال، سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز مۇشۇ مەسىـ
لە بولسا كېرەك.

ـــ ئۇ جازالانغان،ـــ قوشۇمچە قىلـ
دى هامىتوۋ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

ـــ توغرا، ئۇ جازالانغان.

ـــ مېنىڭ دەۋاتقىنىم دەل مـۇشـۇ
مەسىـلە،ـــ هامىتوۋ جـانلانـدى،ـــ سىـز
ئىدارە باشلىقى هەم مۇئاۋىن باش مۇ-
هەررىر. نېمىشقا خاتالاشقان، جازالانغان
بىر ئادەمنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرىدىغان
ماقالىنى بېسىشقا يول قويدىـڭىز؟ سىـز
ئۆزىڭىزنى بۇ ئارقىلىق شەهەرلىك پارتـ
كومنىڭ ئەخمەت سىيىتقا چارە كۆرگەنـ
لىك توغرىسىدىكى قارارى بىلەن قارشىـ
لىشىۋاتىمەن دەپ ئويلىمامسىز؟

ـــ دەل ئەكسىچە، هامىتوۋكا... سىز
ئاخبارات ساهەسىدە ئۇزۇن يىل ئىشلـ
گەن پېشقەدەم خادىم. ئۆزىڭىزنى پارتىيىـ
نىڭ كادىرلار سىياسىتىدىن زادىلا خەۋىـ
رىم يوق دەپ هېس قىلمايدىـغانىسىـز؟
پارتىيىنىڭ خاتالاشقان كادىرلارنى جازا-
لىغانلىقى هەرگىز ئۇنى بىر كالتەك بىـ
لەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنلىكى ئەمەس. پار-
تىيىنىڭ ئەخمەت سىيىتنى بىر زاۋۇتنىـڭ
باشلىقلىقىغا بېكىتكەنلىكى ئۇنىڭغا خا-
تالىقنى يۇيۇش، خىزمەت كـۆرسـىتىـش
پۇرسىتى بەرگەنلىكى-دە. ئەخمەت سىيىت
بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. ئۆزىنىڭ
جازالانغانلىقىنى هەرگىزمۇ ئۆزىگە يـۈك
قىلىۋالمىغان. خاتالىقلىرىـدىـن سـاۋاق
ئېلىپ، كەمتەر، ئېهتىياتچان بولۇپ، قىسـ
قىغىنە بىر يىل ئىچىدە فارفـور بۇيۇمـ
لار زاۋۇتىدا زور ئىقتىسـادىـي ئـۈنـۈم
ياراتقان، قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇدا زىيان
تارتىپ كەلگەن بۇ زاۋۇتتىكى ئىقتىسا-
دىي ئۈنۈمدارلىق نەدىن كەلگەن؟ ئۇنىڭ
پارتىيە سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلغانـ
لىقىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىـرىشـ
نىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ ئىشچىلارغـا
باشلامچىلىق قىلغانلىقىدىن كەلگەن.

ـــ شۇنىڭ ئۈچۈنلىمۇ؟ شۇنىڭ ئۈـ
چۈنلا ئۇنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش كېـ
رەكمۇ؟

ـــ ئۇ ماختالمىغان، ئىش-ئىزلىـرى
ماختالغان.

ـــ ئىككىسى ئوخشاش گەپ...ـــ غۇـ
دۇڭشىدى هامىتوۋ.

ـــ بوپتۇ، ئىككىسى ئوخشاش گەپمۇ
دەيلى، ئەمما بۇنىڭ نەرى يامان؟ كـا-
دىرلار پارتىيىمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىـ
قى. بىز ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرگەن چاغـ
دا، ئوخشاشلا ئۇنىڭ ئۇتۇقىنىمۇ كۆرۈشـ
مىز كېرەكـتە، مەيلى... ـــ جاپپار
ئورنىدىن تۇردى-دە، يانچۇقىدىن چاقمىقىنى
ئېلىپ، هامىتوۋنىڭ قوللىرىنىڭ تىترىشىـ
دىن سەرەڭگە ياقالمايۋاتقان تاماكىسىغا
ئوت تۇتاشتۇردى، ـــ نېمىلا دېگەنبىـلەن
سىزنىڭ پېشقەدەملەرگە خاس مۇشۇنىداق
مەسئۇلىيەتچان روهىڭىز ياخشى جۇمـۇڭە
ـــ سىز مېنى ئۈچۈرماڭ، بۇ سىزنىڭ

ئالـچىكى دەۋاتـقان گېپـىڭىز، — دېدى هامىتوۋ بىر خىل تەئـەددى بىـلەن، — قىسقىسى سىز بىز پېشقەدەملەرنى چۆكۈرۈپ، نادىـردەك ئادەملەرنى قانات ئاستىڭىزغا ئېلىۋاتىسىز، — ئۇ تىتـرىگەن قوللىرىنى كاستيۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىپ، پۈكلەنگەن بىر پارچە خەتنى ئالدى-دە، جاپپارغا ئۇزاتتى، — نادىرغا پرىنسىپسىز يان بېسىۋاتىسىز دېسەم ئېھتىمال تەن ئالماسىز، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

جاپپار خەتنى ئېچىپ ئۇنىڭغا ئالدىرىماي كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. هامىتوۋنىڭ نۇرسىز ئەمما سەزگۈر كۆزلىرى جاپپارنىڭ قورۇقلار كۆپىيىۋاتقان ئاقۇش چىرايىغا سىناش نەزەرى بىلەن تىكىلگەندى، جاپپارنىڭ قوشۇمىسى بىر خىل تەئەججۈپ ئىچىدە تۈرۈلگەندە قېلىن قاشلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇ خەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئادىتىگە خاس سالماق، ئەمما بىر خىل هاياجانلىق ئاهاڭدا دېدى:

— خەتكە قىسقىلا يېزىپسىز، تەپسىلىرەك سۆزلەپ بېقىڭا.

هامىتوۋ گېلىنى قىردى، خۇددى ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغانـدەك ئالدىراپ سۆزلىدى:

— شۇنداق ئىش...ئۇ ئىككى يىلـدىن بېرى بويتاق، بويتاق ئادەم ئۆزىنى تېخىمۇ تۇتۇۋېلىشى كېرەكـتە. بىلمەن... ياش ئادەم نەچچە يىل خوتۇن كۆرمىسە، بىقىسىراپ كەتكەن هاڭگىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالىدۇ. لېكىن هاڭگىمەن دەپ ئىنسانىي ئەخلاقنى، قانۇن-تۈزۈمنى ئۇنتۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆيى هازىر بىر پاھىشـخانىغا ئايلاندى. هەر كۈنى كەچتە قارىسىڭىز ئۆيىگە كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن سەتەڭلەر... قىيا-چىيا دەستىدىن قولۇم-قوشنىلار جاق تويدۇق. كۆچۈپ كەتكۈدەك هالغا يەتتۇق. تېخى بۇلا ئەمەس، قويۇۋەتكەن هېلىقى خوتۇنى قورساق كۆپۈكىدە نەچچە بالىسى بار باشقارما باشلىقىغا تەگكەن ئەمەسمىدى، نادىرنىڭ ئەمدى شۇ خوتۇن بىلەن ئىرماش-چىرماش بولۇپ يۈرگىنىنى دېمەيسىز. نەدە، دەڭ؟ خۇددى بىزگە كۆز-كۆز قىلغاندەك كارىدوردىلا....كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ تامامەن قانۇنسىز هەرىكەت. بىر رەهبىرىي كادىرنىڭ ئائىلىسىگە مەقسەتلىك هالدا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق. سىز ئەمدى بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

هامىتوۋ بۇ تەهدىت خاراكتېرىدىكى سوئال بىلەن جاپپارنى قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ نىيىتى ئېنىق. ئۇ نادىرنىڭ، يەنە ئائىلىكىملەرنىڭ «خاتا قىلمىشلىرى» غا قارشى تۇرۇشنى دەستەك قىلىۋالغىنى بىلەن ماهىيەتتە جاپپارنىڭ خىزمىتىدىن قۇسۇر چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ هېلىھەم كۈچلۈك، قابىلىيىتىنى كۆز-كۆز قىلماقچى هەم ئۆزىدىن كېلىدىغان تەهدىت ۋە بېسىمنى هېس قىلدۇرماقچى ياكى هېچ بولمىغاندا ئۆزىنىڭ تەھرىر بۆلۈم مۇدىرلىقىدىن ئايرىلىپ قالغان قورساق كۆپۈكىنى مۇشۇ يوللار ئارقىلىق چىقارماقچى. بۇنى جاپپار ياخشى بىلىدۇ. ئۇ يەنە هامىتوۋنىڭ نۇرغۇن-نۇرغۇن ئىشلىرىنى بىلىدۇ، ئۇزاق داۋاملىشىپ كەلگەن سولچىل سىياسىي هەرىكەتلەر داۋامىدا هامىتوۋ

شۇنداق بىر ھاياتلىق قانۇنىيىتىنى ئۆگەنگەنكى، خاتىرجەم، بەختلىك ياشىشىڭ، پېشكەللىكلەرگە ئۇچرىماسلىقىڭ ئۈچۈن سىياسىي شوئارنى ئاۋازىڭنىڭ بارىچە توۋلا، باشقىلارنى قاسا، چىشلە، ھۆكۈمەتكە چاق... مانا بۇ ھامىتوۋنىڭ ئۆمرىنى مۇشۇ كۈنگىچە ئۇزارتىپ كەلگەن ئىلاھىي قۇدرەت. ھامىتوۋ بۇ ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ پايدا - راپاۋىتىنى كۆپ كۆرگەن. «ئۆچكە قارشى» تۇرۇش ھەرىكىتىدىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىغىچە قانچىلىك ئادەم ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىدى؟ بىرلىرى قالپاق كىيدى، بىرلىرى خىزمەتتىن ھەيدەلدى، يەنە بىرلىرى تۈرمىلەرگە چۈشتى. ئەمما ئۆزى ھەر قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىدىن قانتىسىغا سۇ تەگكۈزمەي قۇتۇلۇپ قېلىۋەردى. جاپپار بۇنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئاجىز، بىچارىلەرنىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسى دەپ چۈشىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ھامىتوۋنىڭ مۇشۇنداق يولغا كىرىپ قالغىنىغا ئىچ ئاغرىتىدۇ.

— ئەگەر سىزنىڭ ئىنكاس قىلغىنىڭىز راست بولىدىغانلا بولسا، — دېدى جاپپار تەمكىن، ئەمما جىددىي قىياپەتتە ھامىتوۋنىڭ كۆزلىرىگە دادىل تىكىلىپ، — نادىرغا بۇ قىلمىشى ئۈچۈن تېگىشلىك چارە كۆرىمىز، ئەمما بىز ئالدى بىلەن ئىنكاس قىلغانلىرىڭىز بويىچە بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ كۆرىمىز.

— بۇ تامامەن مۇمكىن، — خاتىرجەم جاۋاب بەردى ھامىتوۋ.

— ئەمما بىر گەپ، — جىددىي ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى جاپپار، — نادىرنىڭ مەسىلىسىنى تەشكىلگە ئىنكاس قىلغانلىقىڭىز بىلەن سىزنىڭ بۇ ئىشتىكى ۋەزىپىڭىز ئادا بولغان بولىدۇ. شۇڭا بۇنى سىرتتا كىشىلەرگە خالىغانچە سۆزلەپ يۈرمەيسىز. بولمىسا كېيىن بۇنى ئۆزىڭىز يىغىشتۇرالماي قالىسىز.

— كىچىك بالىمۇ مەن، — ھامىتوۋ ئېگىز - پەس، شالاڭ، سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى، — تېخى كاللامدىن كەتمىدىم جۇمۇ، ئۇنچىلىك ئىشلارنى بىلىمەن.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ بىرەر نەرسەم قالدىمىكىن، دەپ ئولتۇرغان كرېسلوغا، ئالدىدىكى چاي شىرەگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن جاپپارغا قاراپ كۈلدى:

— ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ھې... ھې... ھې... قىزىقلا بىر ئىش.

— قايسى ئىشنى دەيسىز؟

— خاسىيەت خانىمنىڭ ئىشى. ھېلىقى... سەنئەت ئۆمىكىدىكى داڭدار ئارتىس، ناخشىچىچۇ، ئۆزى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، نەۋرە كۆرگىنىگە قارىماي بىر تامچى يىگىتكە تېگىۋالغىنىنى قارىمامسىز.

— تەگسە تەگكەندۇ، نىكاھتا ئەركىنلىك ئەمەسمۇ.

— ۋاھ، گەپ ئۇ يەردە ئەمەس، ئېرى ئۇنىڭ ئوغلىدەكلا يىگىتمىش. قايسى كۈنى يىگىتىنىڭ ئانىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «ۋاي قارىسىلا ھامىتوۋكا، خاسىيەتخانىنىڭ قىز تويى بولغان كۈنى ئوغلۇم تېخى ئالىتە ئايلىق بوۋاق ئىدى. مەن ئۇنى يۆگەككە يۆگەپ شۇ تويغا بارغان. ئەمدى ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەندە

ئىككىسىنىڭ ئەر - خوتۇن بولۇپ قالغىنىنى... خەپ دەيمەن. ئۇ جادۇگەر خوتۇن كۆزى ئېچىلمىغان بالىنىڭ كاللىسىنى ناخشىسى بىلەن ئايلاندۇرۇۋەتكەن گەپ. ۋاي ئۆلەي... ئەھلى جامائەت ئىچىدە نېمە سەتچىلىك، نېمە ئاھانەت ...؟» مەن نېمەمۇ دەيتتىم. بۇ ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇچقاندەك ئۆيگە كەلدىم - دە، خاتىرەمگە يېزىۋالدىم. مېنىڭ بىر رومان ئۈستىدە ئىشلەۋاتقانلىقىمدىن خەۋىرىڭىز بار بولغىيدى؟ ئەپچىل بىر يېرىگە قىستۇرۇشقا خام ماتېرىيال دەڭا ...

هامىتوۋ ئۆز سۆزىدىن ئۆزى ھۇزۇرلانغان هالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

هامىتوۋنىڭ بۈگۈنكى بىر كۈنى نادىرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا مۇمكىن بولمايدىغان مۇھىم بىر ئەرباپنىڭ خوتۇنى بىلەن ئويناپ تۇتۇلۇپ قالغانلىقى، ئەمدى ئۇنى گېزىتخانا رەھبەرلىكىنىڭ قانداق جازالىماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى «ئەڭ يېڭى خەۋەر»نى ئاشخانا، چايخانا، قاۋاقخانا ۋە كىنوخانا ئالدىدا سۆزلەپ، ئۇنىڭبەدىلىگە كىملەرنىڭدۇر بىر پىيالەچېيىغا، ئىككى - ئۈچ چوكا قورۇمىسىغا، بىرەر - ئىككى رومكا هارىقىغا داخىل بولۇش بىلەن ئۆتتى.

ئۇ بۈگۈن ئادەتتىن ئاشقىرى خۇشال ۋە مەغرۇر. ۋۇجۇدى غەلىبە ۋە شان - شەرەپ قۇچقۇچىنىڭ تەنتەنە - ئالقىش سادالىرىغا چۆمگەن ۋاقتىدىكىدەك جۇشقۇن هاياتىي كۈچ بىلەن تولغانىدى. ئۇ بۇنداق تۇيغۇنىڭ لەززەتلىك تەمىنى يەنە قاچانلاردا تېتىغان بولغىيدى؟ ھە، ھە، ئېسىگە كەلدى. 70 - يىللاردا، كۈرەش - تەنقىد يىغىنلىرىدا ... سەھنىگە ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، قانتى بوغۇلغان كەپتەردەك مۇكچەيتىپ قويۇلغانلاردىن قايسىبىرىنىڭ چېچىنى سۇندۇرغان، قۇلاقلىرىنى سوزغان، ماخالىرىنى ئەزگەن چاغدا... ۋاھ ئۇ چاغ هامىتوۋ ئەجەب ئامەت قۇچقان ۋاقىت ئىدى - دە!

هامىتوۋ كەچكە يېقىن ئۆيگە قايتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ كوچا شاۋقۇنلىرى ۋە ماشىنىلارنىڭ تىنىمسىز گۈركىرەشلىرى ئارىسىدىن ئۆزگىچە يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ توختىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىدىكى بىنالارغا ئەلەڭلەپ قارىدى. ئېلېكترونلۇق مۇزىكا ۋە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنىپ چېلىنىۋاتقان جاز دۇمبىقىنىڭ جۇشقۇن، رىتىملىك ئاۋازى يول چېتىدىكى قايسىبىر ئىدارىنىڭ مەركە زالىدا ياڭراۋاتاتتى. ئىدارىنىڭ هويلىسىدا، دەرۋازا سىرتىدا تۆت - بەشچە كىچىك ماشىنا توختىتىپ قويۇلغان، ماشىنىلارنىڭ ئالدىغا قىزىل شەلپەر چىگىلگەن.

توي... كەچكى توي! هامىتوۋ بېشىدىكى شلەپىسىنى ئالدىغا سۈرۈپ، كاستيۇمىنىڭ پەشلىرىنى، شىمىنىڭ پۇشقاقلىرىنى تۈزەپ قويدى. ئۇزۇن ۋاقىت يۇيۇلمىغان ئۈستىباشلىرى كىر ۋە تەردىن ئەسلى رەڭگىنى يوقىتىپ ساتىراشنىڭ كېپىدەك پارقىراپ كەتكەن. بىراق هامىتوۋنىڭ هازىر ئۈستىباشلىرىنىڭ كىر - مەينەتلىكى، ئۇنىڭدىن دىماغىنى سەسكەندۈرىدىغان غەلىتە سېسىق پۇراقنىڭ بۇقسۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىلىق ئويلىنىپ تۇرۇشقا تاقىتى يوق. ئۇ كېلىنى قىردى، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى، ئۇدۇل مەركە زالىغا قاراپ يۈرۈپ

كەتتى.

ھەئە، بۇ يەردە كۈندۈزدىكى تويىنىڭ داۋامى، بىر جۈپ قىز-يىگىتنىڭ كەچكى توي ئولتۇرۇشى بولۇۋاتاتتى.

ئىشىك يېنىدا مېھمان كۈتۈپ تۇرغان يىگىتلەر پەلەمپەيدىن ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ چىقىۋاتقان ناتونۇش بوۋاينى كۆردى-دە، ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ كەلدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قېنى مەرھەمەت قىلسىلا ئاتا! —يىگىتلەردىن قايسى بىرى ھامىتوۋنى زالغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.

— كىم بۇ؟ —دەپ سورىدى بىرى.

— تاڭەي تونۇمايدىكەنمەن.

— تويغا كېچىكىپ قالغان بىرىدۇر ھەقىچان.

— ياق، چوقۇم قىز تەرەپ ياكى ئوغۇل تەرەپنىڭ تۇغقىنى. ئۇنداق بولمىسا تويىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن چاغدا نېمىش قىلىدۇ ياشلار ئارىسىدا؟

ئەنە... ھامىتوۋ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بەش-ئالتىچە يىگىت چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلدە ياغ ۋە تەردىن چۆرىسىگە سارغۇچ شور ئۆرلەپ چىققان كونا شلەپىسى ئاستىدا چوقچىيىپ ئولتۇرىدۇ. شىرە ئۈستىدىكى يېمەكلىكلەرگە، مېۋە-چېۋىلەرگە ۋە ئارقا-ئارقىدىن تارتىلىۋاتقان قورۇملارغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلگەن نۇرسىز قارىچۇقى كۆزىنىڭ چوڭقۇر چانىقى ئىچىدە خۇددى ئەينەك ساقىدەك دومىلايدۇ. ئۈستەلدىكى نېمەتلەرگە ئېغىز تەگكەچ كۈلكە-چاقچاق بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان يىگىتلەر ھامىتوۋ كېلىپ ئولتۇرۇشى ھامان بۇ دادا يوللۇق مويسىپىتتىن قورۇلۇپ-تارتىنىپ جىم بولۇشتى.

— ئېلىڭلار... ئالمامسىلەر؟ —دېدى ھامىتوۋ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا شىرەدىكى قورۇملارنى قولىدىكى چوكا بىلەن يىگىتلەرگە كۆرسىتىپ. يېنىدا ئولتۇرغان سارغۇچ بۇدۇر چاچلىق يىگىت بىرىنچى بولۇپ تۇزۇت قىلدى.

— بىز بايا تازا يەپتىكەنمىز، قېنى ئۆزلىرى ئالسىلا، —دېدى ئۇ تەخسىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ.

— ماقۇل، ماقۇل، مەنلا يېمەي، سىلەرمۇ ئېلىڭلار-دە!

ئۇنىڭ نەپسى تاقىلداشتىن چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرى قورۇملاردىن ئۈزۈلمەيتتى. قولىدىكى بىر جۈپ چوكا تەخسىلەر بىلەن ئاغزى ئارىلىقىدا موكىدەك ئاتنايتتى. لىكىلداپ قالغان قۇۋۇەتسىز چىشلىرى ئۆز رولىنى يوقاتقانىدى. چوكىسىدىكى قورۇملاردىن تېمىۋاتقان قىزغۇچ ياغ تامچىلىرىنىڭ شىرە ئۈستىنى، شىمىنى، كاستيۇمىنىڭ مەيدىسىنى بۇلغاشلىرىنىمۇ سەزمەيتتى. ئۇ ھەش-پەش دېگۈچە ئالدىدىكى ئىككى تەخسە قورۇمنى پاك-پاكىز يەپ تۈگەتتى.

— ئاپلا! —دېدى ئۇ بىر چاغدا بېشىنى چايقاپ، شىرەنىڭ ئوتتۇرىدىكى پۈتۈن پېتىچە پىشۇرۇلغان بېلىقنى چوكىسى بىلەن كۆرسىتىپ، —كونىراپ قالغان بېلىقكەنغۇ بۇ؟

— ئۇنداق ئەمەستۇ، —يېنىدىكى بۇدۇر چاچلىق يىگىت ئۆرىدەپ بېلىققا قاراپ باقتى.

— كۆزىگە قارىمامسىز، كۆزىگە!

يېڭى بىلىقنىڭ كۆزى مارجاندەك سىرتقا پولتىيىپ تۇرىدۇ. كونا بىلىقنىڭكى ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ مانا، كۆزىگە قاراپ بىلىقىڭلار.

— كونىراپ قالغان بېلىق گۆشى ئادەمنى زەھەرلەيدۇ دەپ ئاڭلىغان، — دېدى كۆزەينەكلىك يەنە بىر يىگىت ئىككى يېنىغا قاراپ، — ھېلىمۇ يەپ سالماپتۇق دېسە.

باياتىن بېرى ھامىتوۋنىڭ قورۇمىلارنى شالاپشىتىپ يېگەن چاغدىكى يېقىمسىز قىياپىتىدىن كۆڭلى ئايىنىپ ئولتۇرغان يىگىتلەر ئەمدى بىردىنلا ئۇنىڭغا ھۆرمەت، قىزىقىش نەزەرى بىلەن قاراشقا باشلىدى. كونىرىغان بېلىقنىڭ كۆزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىدىغانلىقى مۇشۇ ئولتۇرغانلاردىن قايسىسىنىڭ ئېسىگە كەلگەن؟ ياشىنىپ قالغىنى بىلەن يەنە مۇشۇ كىشى سەزگۈر ئىكەن-دە!

شۇ ئارىدا ھەر بىر شىرەگە ئۈچ بوتۇلكىدىن ھاراق تارتىلدى. ئولتۇرغانلار گىزى كەلگەندە ھەر بىرى بىردىن بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ قويىدىغان ئىچەرمەن يىگىتلەر بولۇشىغا قارىماي ھامىتوۋغا بولغان ھۆرمەت، ئەدەب يۈزىسىدىن شىرەدىكى ھاراققا كۆز قىرىنى سالماي ئولتۇرۇشاتتى. ھامىتوۋ بوتۇلكىلارنىڭ ھەر بىرىنى قولىغا ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئەڭ قىممەتلىك بۇيۇمغا ئېرىشكەندەك، ماركا قەغىزىنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ كەتتى.

— بىز باشلاۋېرەيلى ئۇكىلىرىم ... — ئۇ ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى شىرەنىڭ ئاستىغا — يەرگە قويۇپ، بىرىنىڭ ئاغزىنى يېنىدىن دائىم ئايرىمايدىغان ئەگرى پىچىقى بىلەن قايرىپ ئاچتى ۋە بىر جۈپ رومكىغا بۇلدۇقلىتىپ قۇيۇپ، يېنىدىكى بۇدۇر چاچلىق يىگىتنىڭ ئالدىغا قويدى-دە، يەنە بىرىنى قولىغا ئالدى، — خوش ئەمىسە ئۇكام!

— رەھمەت ... مەن ئىچىپ باقماپتىكەنمەن، — قولىنى كۆكسىگە ئالدى يىگىت تارتىنغان ھالدا.

— ۋاھ ... ئىچىڭ دەيمەن، مۇشۇ زاماننىڭ بالىلىرى-زە، ھېلىتىنلا ...

بۇدۇر چاچلىق يىگىت شەلپەردەك قىزاردى، ئۇ ئالدىدىكى ھاراقنى يېنىدىكى چېچىنى پاكىز قىردۇرۇۋەتكەن خاپان باش يىگىتنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ:

— سەن ئىچىۋەتكىن، — دېدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، ئالدىڭىزدا ئەدەبسىزلىك قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى خاپان باش ئوڭايسىزلانغان ھالدا رومكىنى قولىغا ئېلىپ.

ھامىتوۋ شۇ تاپتا ئادەتتىن تاشقىرى جانلاندى. ئۇ شالاڭ سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى، يىگىتلەرگە چاقچاق قىلاتتى. ئۇ گويا بىرىنىڭ تارتىپ كېتىشىدىن قورققاندەك ئالدىدىكى بوتۇلكىنى بىر قولىدا مەھكەم قامالاپ تۇتۇۋالغانىدى، ئۇ ئاشۇ ھالەتتە يىگىتلەرنىڭ ھەر بىرى بىلەن بىر رومكىدىن ئىچىشىپ چىقتى. يىگىتلەر بۇ دادا يوللۇق ئادەمنىڭ ئۆز يېشىغا ماس بولمىغان كۈلكىلىك قىلىقلىرى ۋە سەت چاقچاقلىرى ئۈچۈن ھەيران ھەم خاپا، تېخى بايىلا ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە تارتىنىش نەزەرى بىلەن تىكىلگەن كۆزلەر ئەمدى تەئەججۈپ ۋە مەسخىرىنىڭ ئۈنسىز كۈلكىسى بىلەن قىسىلماقتا.

ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلگەن بەش رومكا هاراق هامىتوۋنىڭ تېزلا بېشىغا چىقتى. بوش ھالىتىدەك پۈرلىشىپ كەتكەن تاتىراڭغۇ چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى پارقىراشقا، تومۇرلىرى كۆپچۈشكە باشلىدى.

— مۇشۇمۇ مۇزىكا بولدىمۇ؟ ھىە، ئاڭلىغانلارنىڭ جېنىغا بىر ئازاب! — ئۇشتۇمتۇت ۋارقىرىدى ئۇ بۇلۇڭدىكى ئوركېستىر ئەتراپىدىكىلەرگە ھومىيىپ قاراپ، ئاندىن يېنىدىكى بۇدۇر چاچلىق يىگىتنىڭ بېقىنىغا تۈرتتى، — قوپۇڭ ئۇكام، ئۇلارغا بېرىپ دەڭ. بۇ شەيتان پېرىسىنى توختاتسۇن!

— ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈكىنى ئۈچيۈز يۈەندىن سېتىۋالدۇق ئاتا! — كۈلدى يىگىت ئۇنىڭ كايىشلىرىغا پىسەنت قىلمىغان ھالدا.

— ئۈچيۈز يۈەن؟! ھۇ بۇلاڭچى سالپىلار! ئەمىسە ئۈچيۈز يۈەنگە لايىق چالسۇن - دە! نەدىكى مۇقامدا يوق نەرسىلەر. چېلىۋاتقان سازلىرىچۇ؟ ھەممىسى ئامېرىكىچە، تەلىيىگە مەدەنىيەت ئىنقىلابى بوپ قالمىسۇن. بولمىسا ئانا - مانتىسىنى كۆرەتتى.

ھامىتوۋ ئەمدى يىگىتلەرگە هاراق قويۇشنىمۇ ئۇنتۇغان. ئۇ بىر ياقتىن سۆزلەپ، بىر ياقتىن ئىچمەكتە. ئالدىدىكى ھېلىقى كۆزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بېلىقنى ئىشتىها بىلەن يېمەكتە.

— ئاتا، بېلىقنىڭ كۆزىگە قاراپ باق... — دېدى كۆزەينەكلىك يىگىت ئۆزىنى كۈلكىدىن ئاران توختىتىپ.

— كۆزى؟ كۆزى نېمە بوپتۇ؟ — ھامىتوۋنىڭ كۆزى چەكچەيدى.

— ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، دېمەك بېلىق كونىرىغان.

— مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە يېڭى بېلىق نەدە؟ — ھامىتوۋ ئاغزىغا لىق تولدۇرۇۋالغان بېلىق گۆشىنىڭ قىلتىرىقلىرىنى سۇغۇرۇۋاتقاچ پەرۋاسىزلىق بىلەن داۋام قىلىپ دېدى، — ھەممىسى كونىرىغان، بېلىق ئالدىڭىزغا بىر چىرايلىق كەلدىمۇ، بولدى! كۆزىگە قارىماي يېڭى بېلىقكەن دەپ يەۋېرىڭ!

يىگىتلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بىراق ھامىتوۋ بۇ كۈلكىدىكى نەپرەت ۋە ئاچچىق مەسخىرىنى ھېس قىلالار ئەمەس. ئۇ ئۆز سۆزىدىن ئۆزى مەززە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى ۋە:

— ھەي... مۇشۇنداق تەملىك، ياخشى گۆش نېمىشقىمۇ قىلتىرىقلىق يارىتىلىپ قالغان بولغىيدى؟ — دەپ قوياتتى.

مۇزىكا ۋالىسقا يۆتكەلدى، سەزگۈلەرنى ئەسىر قىلغۇچى يارقىن بىر مېلودىيە زال ئىچىنى تىترەتمەكتە ئىدى، قىز - يىگىتلەر ئارقا - ئارقىدىن تانسىغا چۈشۈشتى. بۇ چاغدا بىر يېنىغا قىڭغىيىپ مۈگدەۋاتقان ھامىتوۋ بىردىنلا روھلىنىپ، ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركەشكە باشلىدى.

— ۋاھ... ۋاھ... شۇ تاپتا موسكۋا ئېسىمگە كېلىپ قالدى، — بىر خىل ھاياجانلىق ئاھاڭدا تامىقىنى چاكىلداتتى ئۇ تانسا ئويناۋاتقان قىزلارغا خۇددى ئۇلارنى يەۋېتىدىغاندەك ھاياسىزلارچە تىكىلىپ، — بۇ تانسا نېمە؟ رۇس قىزلىرى بىلەن «بولشوي» تىياتىرىدا چاڭ چىقىرىۋەتكەنىدۇق. تېخى سوۋېتلىكلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ ئادىنوشكىغا چۈشۈپ

كەتكەنلىرىم ...

— سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپتىكەنسىز-دە، بۇ كىيگىنىزچە؟ — قىزىقىپ سورىدى سېرىق بەزدۇر چاچلىق يىگىت.

— بارغان، بارمايچۇ، شىنجاڭ مەدەنىيەت ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن بىللە ئۇنبەش رېسپۇبلىكىنىڭ ھەممىسىنى ئايلانغان. ھە، راست ... بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى نېمە بولۇپ كەتتى؟ نانىنىڭ پارچىسىدەك چېچىلىپلا كەتتىمغۇ؟

خاپان باش يىگىتنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— كەچۈرسىز ئاتا! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — بۇ توي سورۇنى، سىياسىي پاراڭ قىلىشىدىغان مۇنبەر ئەمەس.

ھامىتوۋ شۇئان مەستلىكتىن ئېغىرلاشقان قولىنى غەزەپ بىلەن سىلكىدى:

— مانا، مانا ... شۇڭا مەن دەيمەنغۇ، بىزنىڭ بۇ مىللەتتىن ئۈمىد يوق دەپ. قېرىلىرى مەسچىتتە تۆۋە ئىستىغپاردىن باشقىسىنى بىلمەيدۇ، ياشلىرى تويىۇدىن باشقىسىنى ... شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا ھەممىسى تامام، ۋەسسالام. توۋا دەيمەن، ھېلىقى سادام ھۈسەيىن دېگەن قىپقىزىللا ساراڭ بىر نېمىكەنغۇ. تەلۋىلىك قىلىپ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇۋىدى، ئاخىرىغا بېرىپ ئۆزى مەغلۇپ بولدى.

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى. يىگىتلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك بىپەرۋا قىياپەتتە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ، بوتۇلكىنىڭ تېگىدە قالغان ئازلا ھاراقنى رومكىغا قۇيدى، رومكىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئېلىپ، ئاغزىغا يېقىنلاشتۇردى، بېشىنى سەل ئارقىغا ئېگىپ، ھاراقنى ئاغزىغا قۇيۇۋەتتى. ئاغزىنى قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئەمدى مەن قايتاي، سىلەر ئويناڭلار. يېدىم، ئىچتىم، مېھمان بولدۇم. رەھمەت سىلەرگە! — ئۇ ئولتۇرغانلارغا مەستلىكتىن ئېلىشقان كۆزلىرىنى تىكىپ كۈلدى ۋە رېتى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، — خوش ئۇكىلىرىم!

— توختاڭ ... توختاڭا ... — خاپانباش يىگىت ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قامالالاپ توختاتتى، — دادا يوللۇق ئادەم ئىكەنسىز، ئەمما نومۇس، ھايا دېگەن نەرسىنى بىلمەيدىكەنسىز.



يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنى ھامىتوۋنىڭ ۋۇجۇدىنى تېشىپ ئۆتتى.

— نېمە ... نېمە دەيسىز؟ — دۇدۇقلىدى ئۇ قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرىغاندەك.

— تويغۇچە يېدىڭىز، قانغۇچە ئىچتىڭىز، ئەمدى يەنە ئوغرىلىق قىلىشنى قانداقمۇ راۋا كۆردىڭىز؟

— ئەمدى ئۇكام ... — ئوڭايسىزلىنىپ ھىجايدى ئۇ يانچۇقىغا قاچانلاردىدۇر تىقىپ ئۇلگۇرگەن ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئۈستىدىن بېسىپ، — ئاپلا ... قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ ... مۇنداقلا ... چاقچاق قىلىپ ...

ئۇ ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى يانچۇقىدىن ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويدى - دە، تانسا ئويناۋاتقان قىز - يىگىتلەر توپى ئىچىدە غايىب بولدى.

— ئىست، — دېدى كۆزەينەكلىك يىگىت ئېغىر خىيالغا چۆمگەن ھالدا مۇشتۇمىنى زاڭقىغا تىرەپ.

— نېمە بولدۇڭ؟

— شۇ تاپتا ئۈن سېلىپ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— دادا يوللۇق ئاشۇ ئادەملىرىمىز ئۈچۈن ... يەنە ئۆزىمىز ئۈچۈن ...

2

مەستلىك ھامىتوۋنىڭ ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئۇ تۈنۈگۈنكى كەچلىك توي ئولتۇرۇشىدا بولۇنغان ئىشلارنى تېزلا ئۇنتۇدى، ئەمما كەچ كىرگەندە پۇرلەشكەن كېپەنا شىلەپىسى ئىچىدىكى سوزۇنچاق بېشىنى نادىرنىڭ قىيا ئېچىقلىق ئىشىكىدىن تىققىنى ئۇنۇتمىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئىشىكىڭىزنى چەكسەم - چەكسەم جاۋاب بەرمەيسىز، قارشى ئالمايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ياقەي، نەدىكىنى؟ كىرىڭ، كىرىڭ، — بۈگۈنكى مۇخبىرلىق زىيارىتىدىن ئالدىراپ خەۋەر يېزىۋاتقان نادىر خالا - خالىماي ئورنىدىن تۇردى.

— ئوھو ... توقسىنىنچى يىللاردىكى سىنوچە مۇخبىر! — دېدى ئۇ نادىرنىڭ يەلكىسىگە شاپىلاقلاپ، — يازىسىز، ئېلان قىلىسىز، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ بىر ئىشىنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسىز، ئويلىنەمسىز؟ شەھەر دېگەندە نېمە كۆپ؟ قىزلار! سىزگە ئۇلارنىڭ قايسىسى تەگمەيدۇ دەيسىز؟ سىزگە تىرناقتا توختىغۇدەك بىرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي بولمىسا، گەپ قىلمايسىزغۇ، ئۆزىڭىز قانداقراق؟ ئالدىراش ئوخشايسىز - ھە، شۇنداق بولسىمۇ ئاكىڭىزغا ئىككى رومكا ئىچۈرمەمسىز؟

— بۈگۈن كەچۈرىسىز، قولۇم بوش ئەمەس دەگا.

— مانا ... مانا ... مۇشۇنداق قوشنىدارچىلىقتا يارىمايدىغان يېرىڭىز بار - دە، سىزنىڭ، — ئۇ يېنىغا چىرت قىلىپ تۈكۈردى، — بىلىپ تۇرىمەن، مۇخبىرلىق قىلىمەن دەپ ئىدارىمۇ - ئىدارە، زاۋۇتمۇ - زاۋۇت چاپىسىز، ھازىرغۇ ھەر ھالدا ياخشى. يىراقتا ماشىنا، يېقىندا ۋېلىسىپىتىڭىز تەييار. ھەي ... بىز مۇخبىرلىق قىلغان چاغلار ئاجايىپ بىر چاغلار ئىكەندۇق دەگا، ئۇ چاغدا بىزگە نەدە ماشىنا؟ نەدە ۋېلىسىپىت؟ تۆۋەنگە بېرىپ قالساق

كۆڭلىشىمۇ ـ كۆڭلى، دادۇيمۇ ـ دادۇي پىيادە ماڭاتتۇق. قورسىقىمىز ئاچسا سومكىمىزدىكى ناننى ئېرىقتىكى سۇغا چىلاپ يەپ كېتىۋېرەتتۇق. لېكىن ـ زە ئۇكام بۇ مۇخبىرلىق دېگەن مەيلى ماشىنىدا، مەيلى پىيادە مېڭىلىڭ، راھىتى يوق، جاپاسى تولا ئىش جۇمۇ. كېلىڭ دەيمەن، جىق ئەمەس، ئىككى رومكىدىن ئىچىشىمىز. تۆمۈردىن سوقۇلغان جان ئەمەس بۇ.

ھامىتوۋ ۋالاقلاپ سۆزلەۋەردى. نېمە ئامال؟ نادىر ئۇنىڭ بىمەھەل كىرىپ، ۋاقىتنى ئالغىنى ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىدىن خاپا بولسىمۇ، ئەمما شۇ تاپتا ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر.

ــ ئەمىسە ئازراق زاكوسكا تەييار قىلاي، گۆش، تۇخۇممۇ تەييار.

ــ ياق، ياق، ــ تاقەتسىزلىك بىلەن قولىنى سىلكىدى ھامىتوۋ نەپىسى تاقىلداپ، ــ ئىسراپچىلىق، نېمە قىلىسىز؟ چىيىڭىز باردۇ. ھەببەللى، ئەڭ ياخشىسى زاكوسكا مانا شۇ.

نادىر ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى تەخسە قورۇدا تەييارلىدى ۋە ئىچكىرىكى ئۆيدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ چىقىپ ئۈستەلگە قويدى.

ــ ۋاھ، «جەنۇب باھارى»! ــ ① ۋارقىرىۋەتتى ھامىتوۋ بوتۇلكىنى قولىغا ئېلىپ ماركىلىرىنى ھەۋەس بىلەن سىلاپ، ــ پەيزىڭىز بار جۇمۇ ئۇكام، مانا بۇ، شىنجاڭدىكى ھاراقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ھېلىقى ماۋتەي دېگىنى بۇنىڭ ئالدىدا نېمە؟ خېتىگە قاراڭ، ئاتمىش ئىككى گرادۇس. بىز بالا چاغلاردا ئورۇسلار بىلەن ھاراقنىڭ مۇشۇندىقىدىن ئىچەتتۇق دەڭا. بىر ـ ئىككى رومكا قېقىۋالدىغان بولساق يۈرىكىمىز ۋاراقشىپ كېتەتتى، ئاز ئۆتمەي لاۋۇلداپ تۇرغان بىر پارچە ئوتقا ئايلىناتتۇق ـ دە.

نادىر قىرلىق رومكىغا ھاراق قۇيۇپ قولىنى زورىغا كۆتۈرۈپ:

ــ خوش ئەمىسە، ــ دېدى ۋە بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، ھاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى ھامىتوۋنىڭ ئالدىغا قويدى.

ــ ۋاھ، راھەت ... ــ ھامىتوۋ رومكىنى بوشىتىۋېتىپ، مەززە قىلغاندەك لېۋىنى تامشىپ قويدى، ــ مەن سىزگە ئېيتسام، ھاراقنىڭ مۇشۇندىقىلا ئەركەك ئۈچۈن ھەقىقىي قۇۋۋەت دورىسى. بۇغا مۈڭگۈزى، مېھرىگىياھ ... بۇنىڭ ئالدىدا نېمە ئۇ؟ بەزىلەر ئاشۇنداق نېمە ئۈچۈن پۇلىنى بۇزۇپ ـ چېچىشىدۇ. ئۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى مۇشۇنداق ھاراققا خەجلەپ قويسىچۇ. بىلمەيدۇ ـ دە، ئەخمەقلەر.

ئۆتكۈر ئىچىملىك ھامىتوۋنى تېزلا مەست قىلىپ قويدى. ئۇ گاھ كىملەرنىدۇر تىللايتتى، گاھ ئەڭ ھاياسىز لەتىپىلەرنى ئېيتاتتى.

ــ مانا، مانا، ماۋۇ ئىشىڭىز بولمىدى، ــ دېدى ھامىتوۋ نادىرنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، ــ زېرىكىۋاتامسىز؟ بىلىۋاتىمەن، ئالدىراتماڭ، ھازىرلا چىقىپ كېتىمەن.

ــ ياقەي ... ياق، ــ دېدى نادىر زورىغا كۈلۈمسىرەپ، ــ ئولتۇرۇۋېرىڭ، مەن زېرىككەندەك ئىش قىلمىغاندىمەن؟

ــ ئەمىسە نېمىشقا سائىتىڭىزگە قارايسىز؟ بىلەمسىز، بۇ ساھىبخان ئۈچۈن

① ئاقسۇدا ئىشلەپچىقىرىلغان ھاراقنىڭ نامى.

ئەخلاقسىزلىق.

نادىرنىڭ سەپراسى ئۆرلىدى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى.

— ئەخلاقسىزلىق قىلغان بولسام كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — سىز ماڭا مېھمان. شۇڭا سىزمۇ ئەدەبلىك ئولتۇرۇڭ.

— ئوبدان، ناھايىتى ئوبدان. ئەمما بىر ئىشنى سورىسام...

— سوراۋېرىڭ.

— سىز قانداقچە ئەخمەت سىيىت توغرىلىق زىيارەت خاتىرىسى يېزىشقا قىزىقىپ قالدىڭىز؟

— قىزىقىپ قالغىنىمنىڭ سەۋەبى زىيارەت خاتىرىسىدىن مەلۇمغۇ.

— ياق، ئاغزىڭىزدىن يەنە بىر ئاڭلاپ باقسام دەيمىنا.

— دەيدىغىنىمنىڭ ھەممىسى گېزىتكە يېزىلدى، بۇنى يەنە سىزگە ئالاھىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟

ھامىتوۋ شۇئان ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:

— سىز گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋاتىسىز. مېنىڭ ماقالىڭىزغا نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزىقىپ قالغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز؟ كۆڭلىڭىزدىكىنى ئېيتسام ئۇ قالتىس يېزىلغان ماقالە، بۆسۈش خاراكتېرىدىكى ماقالە. بۈگۈنگىچە قايسى مۇخبىر خاتالاشقان بىر كادىر توغرىلىق مۇشۇنداق يۈرەكلىك يازالىغان؟ سىز قالتىس تىرەن ئويلىغان. بىر كادىرنىڭ كەمچىلىك - خاتالىقىنى كۆرگەن يەردە، ئۇنىڭ ئۇتۇقىنىمۇ كۆرۈش كېرەك - تە! يەنىمۇ جۈرئەتلىك بولۇڭ ئۇكام، كۆپلەپ يېزىڭ. قايسى كۈنى جاپپارنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ مۇشۇ ماقالىڭىز ھەققىدە كۆز قارىشىمنى ئېيتتىم. ماقالىڭىزغا قارىتا تەھرىر ئىلاۋىسى يېزىش كېرەك ئىدى، دېدىم. شۇ كۈنى قۇلىقىڭىزمۇ قىزىغان بولغىيدى؟

ھاراقنىڭ مۆجىزىلىك كارامىتى مەشەدە. مەستلىك ھەرقانچە تەجرىبىلىك، ھىيلىگەر ئادەملەرنىڭمۇ ئەڭ مەخپىي سىرلىرىنى ئاشكارىلاپ تاشلايدۇ. ھامىتوۋ بۈگۈن مانا شۇنداق قىلدى، ئۇ باشلىق بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق بىلىپ - بىلمەي ئاشكارىلاپ سالدى.

نادىرمۇ ئەمدى بىلدى، تۈنۈگۈن باشلىقنىڭ ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، خىيالىدا يوق ئىشلار توغرىلىق سۆزلەشكىنى مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىكەن - دە. ئۇ باشلىقنىڭ ئاغزىدىن قانداقتۇر ئۆيگە كېلىپ تۇرىدىغان كوچا خوتۇنلىرى توغرىلىق تىلغا ئالغۇسىز گەپلەرنى ئاڭلىغاندا شۇنچىلىك خاپا بولغان، ئازابلانغان، ئەمما ئۇنى مۇشۇ قوشنىسى ھامىتوۋنىڭ چېقىپ بارغانلىقىنى بىلمىگەن.

— قىزىمامدىغان، قىزىدى، — دېدى ئۇ غەزىپىنى باسالماي ئەلەمدىن جالاقلاپ تىترەپ، — سىز ئۇ توغرىلىق ئالايتەن جاپپارنى ئىزدەپ بېرىشنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئارتۇقچە ئىش ھېسابلىمىدىڭىزمۇ؟

— مەن ئۇ يەردە سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلدىم - دە، — دېدى ھامىتوۋ خۇدۇكسىنىپ.

— لازىمى يوق، سىزنىڭ مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىشىڭىزغا زادى ھاجىتىم يوق.

— ھېھە، قالتىسقۇ سىز؟ گەپنىڭ راستىنى

ئېيتسام مەن سىزنىڭ مۇخبىر بولۇپ ئىككى كۈن ئۆتمەيلا مۇئاچىلىك ھاكاۋۇرلىشىپ كەتكىنىڭىز ئۈچۈن ئېچىنىۋاتىمەن.

— مەنىچۇ؟ مەن سىزدىن نەپرەتلىنىۋاتىمەن.

— ئاغزىڭنى بۇزما جۇمۇ!— بىردىنلا سەنلەپ ۋارقىرىدى ئۇ خۇددى نادىرغا تاشلىنىدىغاندەك قىياپەتتە بىگىز قولىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭلەپ.- بۇنداق ھاراق كىمدە يوق؟ سەن قۇيۇپ بەرگەن مۇشۇ ھارىقىڭ ئۈچۈن ماڭا ھاقارەت قىلىۋاتامسەن؟

نادىر ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ پەسكە چۈشۈردى:

— بايا دېدىمغۇ، ياۋاشراق بولۇڭ، ئەسلى سىزگە ئۇ ھاقارەتمۇ ئاز. مېنىمۇ نىم بولۇپ تۇرۇپسىز، بولمىسا كۆرگۈلۈكىڭىزنى كۆرەتتىڭىز، ئىتتەك تاياق يەيتتىڭىز.

— ئۇرامتىڭ تېخى، ئۇرە!— ھامىتوۋ ياقىسىنى ئېچىپ يالىڭاچلىنىپ كەلدى،— ھۇ زوۋانى تۇتۇلۇپ ئۆلگۈر!

— ئۆلگۈر دەمسىز!؟ ئۆلسەممۇ ھەر ھالدا سىزدىن كېيىنرەك ئۆلەرمەن. كىم بىلىدۇ، ئېڭىكىڭىزنى ئۆز قولۇم بىلەن تاڭامدىم تېخى! مەن سىزنىڭ بىر قولىڭىزغا ئوت، بىر قولىڭىزغا قارا كۆيە ئېلىپ، كىملەرنى كۆيدۈرۈپ، كىملەرگە قارا سۈۋاپ ئۆمرىڭىز ئۆتكەن بىر ئادەملىكىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە سىزنى مېھمان قىلدىم. ئۆزۈممۇ ئەخمەق. ئەمدى مېنىڭ ۋەزىپەم تۈگىدىمۇ؟ ئەمىسە، مەرھەمەت!

— تۇفى! ئۆيۈڭدىن ھازىر چىقىمەن، يېتىۋالمايمەن!— ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن شىلەپىسىنى مەجىقلاپ، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى،— لېكىن سەن بىلىپ قوي، بۇگۈنكى ھاكاۋۇرلۇقىڭ ئۈچۈن ساڭا قانداق جاۋاب قايتۇرىدىكەنمەن؟ كېيىنچە ۋايجان دېمىسەڭلا بولىدىغۇ، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن. سېنىڭ ئەمەت چۇجاڭنىڭ ئايالىنى قانداق يولدىن چىقارغىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن، سەن بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنىي جازاغا تارتىلىسەن، جازالانماي قالمايسەن!

— ناھايىتى ياخشى، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!— دېدى نادىر ئورنىدا مىدىرلىماي تۇرۇپ.

ھامىتوۋ سەنتۈرۈلۈپ، ئىشىككە ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ خەپ توختا نادىرەك، دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى ۋە تىللاپ - قارغاشلىرى خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

ئەنە، ھامىتوۋ كوچا چىرىغى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان ئادەمسىز كوچىدا ئۆزى يالغۇز، خۇددى ئېزىقىقان ئەرۋاھتەك كېزىپ يۈرەتتى.

— خەپ توختاپتۇر نادىرەك! توختاپ تۇر!— ئۇ نادىرنى ئىزدەپ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى، يەر گويا كالاڭ كەتكەن ھارۋا چاقىدەك بىر تەرەپكە قىيسايغىنىچە پىر - پىر ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇ يىقىلىپ كېتىشتىن قورقۇپ، دەسلەپتە ئىككى پۇتىنى كېرىپ تۇرۇۋالدى، ئاندىن مۈدۈرگىنىچە ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئاجايىپ ئىش. ئەتراپتىكى ئۆي - ئىمارەتلەر خۇددى رېزىنكىدەك تولغىناتتى، جايىدا! سەكرىشەتتى. دەل - دەرەخلەر، ستولبىلار ھەر تەرەپكە چايقىلاتتى،

ئىگىلەتتى. چىراغمۇ، ئاسماندىكى ئاي - يۇل-
تۇزلارمۇ ئۆچكەن، ئەتراپنى زۇلمەت
قاراڭغۇلۇقى قاپلىغانىدى... ئاخىر زامان
يېتىپ كەلگەنىدى. ھامىتوۋنىڭ كاردىن
چىققان سەزگۈلىرى قىيامەتنىڭ ھالاكەت-
لىك بېشارەتلىرىنى ناھايىتى ئېنىق
ھېس قىلدى.

—قىيامەت! قىيامەت! — ئۇ بار كۈچى
بىلەن ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ يۈگۈ-
رەتتى. ئۆزىنىڭ قاياققا، نەگە كېتىۋات-
قانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت قىيامەت-
نىڭ ھالاكەتلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش-
نىلا ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھالاكەت
ۋەھىمىسىنىڭ قورقۇنچىدىن چەكچىيىپ،
چانىقىدىن تېشىپ چىققانىدى. ئۇ يۈگۈر-
گەنسېرى ۋۇجۇدى ئوت يالقۇنىدا كۆيۈ-
ۋاتقاندەك ئوت - ئاتەشكە ئايلىنىۋاتاتتى.

—قىيامەت! — ئۇ قولىدا سىقىمدى-
ۋالغان شىلەپىسىنى نەگىدۇر چۆرۈپ تاش-
لىدى. تاقىر بېشىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەر-
لىرىدىلا قالغان شالاڭ، ئاجىز چاچلىرى
شامالدا ئۇچاتتى، يەلپۈنەتتى. ھارغىن-
لىقتىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، نەپەس
ئالالماي قالدى. كاستۇمىنى سېلىپ،
قاياقتىدۇر چۆرۈۋەتتى. ئاندىن ئاياغلى-
رىنى سالدى. يالىڭاياق، ئىچ كىيىم
بىلەن ئالغا يۈگۈرۈۋەردى. ئۇ قىيامەت
بولمىغان پىنھان، سالقىن ماكاننى ئىزدەپ
كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئالدىدا كۆزنى
قاماشتۇرغۇچى بىر جۈپ كىچىلىك نۇر
توچكىسى پەيدا بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ
يۈگۈرگۈدەك مادارى قالمىغانىدى. يېقىن-
لىشىۋاتقان كىچىلىك نۇر توچكىسىغا
قاراپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە دەلدەڭ-
شىپ يۈرۈپ كەتتى.

— قىيامەت! قىيامەت! مېنى قۇت-
قۇزۇڭلار! قىيامەت!

تېز كېلىۋاتقان جىپ ماشىنا قات-
تىق تورمۇزلىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ
توختىدى. ماشىنىدىن ئۈچ ساقچى سەكرەپ
چۈشتى:

— نېمە ئادەمسىز؟

— قىيامەت... قىيامەت... — يىغا
ئارىلاش خىرىلدىدى ھامىتوۋ.

— بۇ ئېغىر مەستكەن، دۈيجاڭ.

— بۇ نېمە سەتچىلىك؟ — دۈيجاڭ
ھامىتوۋنىڭ مەينەتلەشكەن ئۇستىباشلى-
رىغا ئېچىنىش بىلەن چەكچەيدى، — ھاراق
ئىچىپ كېچىسى مۇشۇنداق ئالىتاغىل
ۋارقىراپ يۈرۈش جەمئىيەت تەرتىپكە
خىلاپ. بىلەمسىز بۇنى؟ ئۆيىڭىز نەدە؟

ھامىتوۋ بىر قولى بىلەن ماشىنى-
نىڭ قاپقىقىغا تايىنىپ، ئۆز ۋەزنىنى
تەڭشىۋالدى. ئىككى پۇتىنى كېرىپ تۇ-
رۇپ، مەستلىكتىن ئۆلۈكتەك تاتىرىپ
قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەن چىرايىنى
دۈيجاڭغا توغرىلاپ، چىشلىرىنى غەزەپ
بىلەن غۇچۇرلاتتى:

— ئۆيىڭىز نەدە دەمسىنا؟ سوراپ
نېمە قىلىسەن؟ تۆمۈر ساندۇقۇم... تۆمۈر
ساندۇقۇمنى ئوغرىلاشنى كۆزلەۋاتسەنغۇ
تايىنلىق، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ كالتەك
بىلەن تاپانچاڭمۇ بار ئىكەن تېخى،
بۇلاڭچى ئوخشىمامسەن؟ مەن قورقۇپ
قالاتتىممۇ بۇ نېمىلىرىڭدىن؟ ئەكەڭنىنە...

—قولۇڭنى تارت! — دۈيجاڭ ھامى-
توۋنىڭ تاپانچىغا ئۇزاتقان قولنى ئۇرۇپ
چۈشۈردى، — ئېيتە، نېمە ئادەمسەن؟

— مەنمۇ، مەن؟ — ھامىتوۋ
خىرىلداپ كۈلدى، — ھەرقايسىڭدەك

تاپانچا ئاسقان... خوتۇن تالاقلارنىڭ ئانا-مانىسىنى كۆرسىتىپ...

— بۇنى ئېلىپ مېڭىڭلار!

ئىككى ساقچى ھامىتوۋنى پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ماشىنا ئىچىگە تاشلىدى. ئۇ تىپىرلايتتى، يۇلقۇناتتى، ساقچىلارنى تىللاپ-قارغايتتى. شوپۇر ماشىنىنى تېز سۈرئەت بىلەن ھەيدەپ كېتىۋېتىپ:

— ئالدىمىزدا بىر نەرسە تۇرىدۇ، مۇشۇنىڭ كىيىملىرى بولمىسۇن يەنە، — دېدى.

— ئېلىۋېلىڭلار!

ھامىتوۋ ئەتىسى سەھەردە شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوراقخانىسىدا بىر بۇلۇڭدا يالىڭاچ تۈگۈلۈپ ياتقان ھالدا ئېسىگە كەلدى. ئۇ شۇ تاپتا ئېغىر مەستلىكتىن يېشىلدىمۇ ياكى ئۇيقۇدىن ئويغاندىمۇ، بۇنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى يالىڭاچ، مەينەتلەشكەن ئىچ كىيىم ئىچىدە كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن، تىلى شالدەك قېتىپ قالغانىدى. ئالقانلىرى، تىزلىرى يېرىلغان، پېشانىسى بۆرتۈپ ئىششىپ چىققانىدى. ئۆگە-ئۆگىلىرى ئۈرۈپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. چېكىسى زىڭىلدايتتى. قۇرۇق ھۆ قىلغۇسى كېلەتتى. ئۇ تامغا تىرەجەپ ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاسقاقلىغان ھالدا ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ، ئىشىك تۇتقۇچىنى تارتتى. ئىشىك تاقالغان. ئۇ ئاخشامقى ئىشلارنى، قوراللىق ساقچىلارنى خىرە-شىرە ئېسىگە ئالدى... سولاققا چۈشكەن ئىكەنمەن-دە، دەپ ئويلىدى ئۇ قورققىنىدىن يۈرىكى سىرقىراپ. مانا شەرمەندىچىلىك! مانا نەسلىك! ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشكەن، شۈمشەيگەن ھالدا بۇلۇڭغا بېرىپ تىقىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي سىرتتا كىملەرنىڭدۇر ئاۋازى، ئاندىن قۇلۇپلىك شاراقلاشلىرى ئاڭلاندى. ئىشىكتىن بەستلىك، ئېگىز، ياش ساقچى ھامىتوۋنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە كىيىملەرنى ھامىتوۋنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— بۇلارنى كىيىۋېلىڭ.

— سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ داق ئۆيگە سولاپ قويۇپ... — ساقچىغا گۆلەيدى ئۇ كىيىملىرىنى ئالمان-تالمان كىيىۋېتىپ.

— تارتقۇلۇقىڭىزنى تارتتىڭىز شۇ، — دېدى ساقچى ئىپادىسىز ئاھاڭدا، — تەلىيىڭىز بار ئىكەن، چاپىنىڭىزنىڭ يانچۇقىدىكى كىنىشكىڭىزدىن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىلىۋالدۇق. بولمىسا بۇنىڭدىن يامانراققا چۈشەتتىڭىز.

— ھەددىڭىز ئەمەس، بىلەمسىز، مەن...

— ياۋاش بولۇڭ! — كەسكىن خىتاب قىلدى ساقچى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بۇ ساقچى ئىدارىسى، قاۋاقخانا ئەمەس. قېنى، توۋۋىنامە يېزىڭ!

— توۋۋىنامە؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بەدىنى تىترەپ كەتتى، — مەن قايسى گۇناھىمغا توۋا قىلىدىكەنمەن؟ نېمىشقا توۋۋىنامە يازىدىكەنمەن؟ مەن جىنايەتچىمىكەنمەن؟ مەن...

— يازمامسىز؟ سەگمەپسىز-دە، خوپ، ئەمىسە، ئۆزىڭىزنى بەش كۈن گۇندىخانىدا ياتىدىكەنمەن دەپ ھېسابلاۋېرىڭ، — ساقچى چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئىشىككە بۇرۇلدى.

— توختاڭ... توختاڭ... — ھامىتوۋ ساقچىغا يېلىنىپ قوللىرىنى سوزدى، — ئەمىسە يازاي، ھازىرلا يازاي. نېمە دەپ يازاي؟

— ئەمدى قانداق ئادەم بولىدىغانلىقىڭىزنى.

ئىشىك قۇلۇپىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىدىن ئۇنىڭ يۈرىكى قورقۇنچ ئىچىدە تىترىدى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزگە چەكچىيىپ قارىغىنىچە ئۆلۈكتەك قېتىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. خۇددى مۇشۇنداق ئۆي... خۇددى مۇشۇنداق ئۈستەل... ئۇ بۇرۇن ئۆز ئىدارىسىدىكى تالاي ئادەملەرنى مۇشۇنداق تۆۋىنامە يېزىشقا قىستىغانىدى، ئۆزى تۆۋىنامىنى قانداق يېزىشنى بىلمىگەن. ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟ نېمە سەتچىلىك؟ ياق، ئۇ يازمايدۇ! تۆۋىنامە يېزىش ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى يېزىش بىلەن باراۋەر. بىراق، ھېلىقى قاپىقى يامان ساقچى ئۇنى بەش كۈن گۇندىخانىدا يېتىشقا مەجبۇر قىلىسىچۇ؟ ئۇنىڭ قەلەم تۇتۇپ تۇرغان قولى قورقۇنچتىن غاللىداپ تىترىدى. تىترەپ تۇرۇپ تۆۋىنامە يېزىشقا تۇتۇندى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى ياش ساقچى كىرىپ كەلدى. چىرايى بۇرۇنقىدىنمۇ قەھرلىك ئىدى.

— قانداق قىلدىڭىز؟

— يازدىم مانا... — ھامىتوۋ تۆۋىنامىنى ئىككى قوللاپ ساقچىغا ئۇزاتتى. ساقچى ئۇنى تېز - تېز كۆرۈپ چىقىپ، ھامىتوۋغا سوغۇق بىر نەزەردە تىكىلدى:

— تۆۋىنامىڭىز راستمۇ؟

— راست، مىڭ مەرتەم...

— ئەمدى ھاراقنى جايىدىراق ئىچەرسىز؟

— ياق، ئىچمەيمەن، ئىللا - بىللا!

— ئەمسە، يۈرۈڭ!

— نەگە؟ گۇندىخانىغىمۇ؟

— ئۆيىڭىزگە!

ھامىتوۋ ئىشىككە مۈدۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ سىرتقا چىقتى - دە، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئالدىدا ئۆز ئىدارىسىنىڭ قوغداش خادىمى تۇراتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ھامىتوۋ؟ — دېدى ئۇ ھامىتوۋنى ساقچى ئىدارىسىدىن باشلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ھامىتوۋ قورقۇنچ بىلەن ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ غودۇڭشىدى:

— تۈفى، ھېلىقى نادىر دېگەن ئەبلەخنىڭ زىيانكەشلىكى بولمامدۇ، — ئۇ ساقچى ئىدارىسىدىن ئەللىك قەدەمچە ئۇزىغاندىن كېيىن گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، كاستۇمىنىڭ پەشلىرىنى قېقىپ قويدى، — كۆڭلىنى ئاياپ ھارىقىنى ئىچىپ نېمىمۇ قىلاتتىم؟ «يامانغا يولۇقساڭ يالىسى يۇقار، قازانغا يولۇقساڭ قارىسى...» دېگەن شۇ - دە، بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ ئۇكام!


ھامىتوۋنىڭ تۆۋىنامىنى نېمىدەپ يازغانلىقى نامەلۇم. ئەمما ئۇ ساقچى ئىدارىسىدىكى ئىشلارنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى سېمىز، تاقىر باش ياش خوجايىنىنىڭ قاۋاقخانىسىدا پوكەيگە يېرىم يۆلىنىپ، بوتۇلكىدىكى پارچە ھاراقنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن يېنىغا چىرت قىلىپ تۈكۈرۈپ قويۇپ، تونۇشلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى ئۈستىدە توقۇپ چىققان يېڭى لەتىپىسىنى ئۇدۇل كەلگەن كىشىلەرگە سۆزلەپ يۈرۈۋەردى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مۇھەممەت ئىمىن

# مەردلىك، جىنايەت ۋە مۇھەببەت

(ھېكايە)



بويۇم بەك ئېگىزمۇ، پاكارمۇ بولمىغاچقا ئادەملەر ئارىسىدا ئانچە چېنىپ قالمايتتىم. لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا نار تۆگە يېنىدىكى ۋىجىك ئاتتەك، نەسىللىك كالا يېنىدىكى ئاۋاق موزايدەك چېنىپ قالدىم. ئۇ دىۋىنىڭكىدەك ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ياقامدىن قاماپ ئېلىپ پاختىنى كۆتۈرگەندەك لىككىدە يۇقىرىغا كۆتۈردى - دە، ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ ماڭدام نېرىغا ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئاندىن ئاچ بېتىنىمغا ۋاقىلدىتىپ تېپىشكە، ئاغزى - بۇرنۇمغا گاچىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

— پوچىلىق قىلغىنىڭغا توي! — دەيتتى ئۇ پۇت - قولىنى نۆۋەت بىلەن ئىشقا سېلىۋېتىپ، — ساڭا قىز قۇتقۇزۇشنى كىم قويۇپتۇ؟ قەھرىمان بولغۇڭ كەلگەنمىدى - ياي؟ مانا مۇشۇنداق قەھرىمان بولىسەن، داق يەرنى غاجىلاپ پاتمىچۇقتەك ئۆمىلەيدىغان، ئاغزى - بۇرنۇڭدىن قان تېمىپ بېشىڭ قېيىپ چۆگىلەيدىغان! ھا! ھا! ھا!...

كۆزۈم ئىششىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ مەن قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى قىزنىڭ بىرمۇنچە ئادەملەرنى باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى خېلى ئېنىق كۆرۈۋاتىمەن. ھەر ھالدا جېنىم ئامان قالىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ ئۆمىدلىنىپ قېلىۋاتىمەن. مانا، ئۇلار يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى. ئارىدا خېلى بەستلىك يىگىتلەرمۇ بار-دەك تۇرىدۇ، ھەممىسى بىراقلا ئېتىلىپ كەلسە، مېنى دۇمبالاۋاتقان ماۋۇ لۈكچەك ھەرقانچە تەمبەل ۋە كۈچتۈڭگۈر بولغان تەقدىردىمۇ تەك كېلەلەيدۇ. بۇمۇ تاياقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسۇن - دە! بىراق ئىش ئويلىغىنىمدەك بولمىدى. ئۇلار ئېتىلىپ كەلگۈچە قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرەر، دېگەندەك ئۇ مېنى توپنى تەپكەندەك تېپىۋېتىپ، ئۇلارغا قاراپ ھۆركىرىدى:

— سەنلەرمۇ جېنىڭدىن تويۇشقان بولساڭ يېقىن كېلىش! ماۋۇ نوچىنى چەيلىگەندەك چەيلەپ قوياي، ناۋاي خېمىر ئەيلىگەندەك ئەيلەپ قوياي! قېنى قايسىڭ نوچى؟

ھەممەيلەن مىخلاپ قويغاندەك بىردىنلا شىپپىدە توختاپ قالدى. ھېلىقى بىچارە قىز كۆزلىرىدىن ياش تۆككىنىچە: «نېمىشقا قاراپ تۇرىسلەر؟ ئاۋۇ

لۈكچەكىنىڭ بۇ بالىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ
قويۇشقا ئاز قالغانلىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ...»
دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراۋاتىدۇ، ئۇنى -
بۇنى تارتقۇچلاپ ئالدىغا ئىتتىرىۋاتىدۇ.
ئۇلار بولسا كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق ۋە
ياۋايىلىق چىقىپ تۇرغان، مۇشتۇمى تۆمۈر-
چىنىڭ بازغىنىدەك يوغان بۇ ئادەمگە
ئەيمەنگەن هالدا قاراپ قويۇپ بىر - بىرلەپ
ئارقىغا داجىۋاتىدۇ. ئاخىرقى ئۈمىدىم
يوققا چىقتى، تاياقتا ئۆلۈپ كېتىدىغان
بولدۇم... مېنى قورقۇنچ باستى. توساتتىن
مېنى بىردەم كۆرمىسە سېغىنىپ تۇرالماي-
دىغان، هىدىمنى پۇراپ - پۇراپ قانمايدى-
غان، بىرەر كۈن ئۆيگە قايتالماي قالسام
كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ
يىغلايدىغان مېھرىبان ئانام يادىمغا كېلىپ
قالدى. مەن ئۆلسەم ئانام نېمە بولۇپ
كېتەر - هە؟! يەنە دادامچۇ؟ ئۇ ئادەتتە
ماڭا قوپاللراق تەگكەندەك قىلغان بىلەن
يۈرەك قېتىدىن كۆيۈنىدۇ، ئوغلۇم ناباپ
ئىشلارنى قىلىپ قويمىسۇن، دەپ ئاشۇنداق
قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۆتكەندە سەل
قاتتىقراق سىلكىشلىگەندە بىر كۈن يوقاپ
كېتىۋىدىم، بىچارە دادام ئەتىدىن -
كەچكىچە ئاغزىغا بىر بۇردا نان چاغلىق
بىر نەرسە سالماپتۇ. مەن ئۆلسەم دادامنىڭ
يۈرەك باغرى مۇجۇلۇپ خۇن بولۇپ
كەتمەسمۇ! يەنە گۈلباھارچۇ تېخى!
ئۇمۇ مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ.
هەر قېتىم شەھەر چېتىدىن ئەگىپ ئۆتى-
دىغان شاۋقۇنلۇق دەريا بويىدىكى قويۇق
تالزارلىقتا ئۇچراشقىلى قويىنۇمغا ئۆزىنى
ئېتىپ، كىلاستەك لەۋلىرىنى قىزلىقىمغا
يېقىپ: جېنىم پەرهات سىز مېنىڭ بارلىقىم،
مەن سىزدىن ئايرىلسام ياشىيالمايمەن...
دەپ بىر تاتلىق پىچىرلايدۇ. ئارقىدىن
سۆيۈپ - سۆيۈپ قانمايدۇ. دېمەك،
مەن ئۆلسەم ئۇزۇم يالغۇز ئۆلمەي،
ئارقامدىن يەنە ئۈچ بىگۇناھ جاننى جە-
هەننەمگە سۆرەپ كېتىدىكەنمەن! بۇ
قانداق بولغىنى؟ ئاتا - ئانام تاپىنىمغا
تىكەن كىرسە كىرپىكىدە ئېلىپ، مىڭبىر
جاپادا چوڭ قىلىپ قويغىنىغا ئاخىرقى
هېسابتا مۇشۇنداق جاۋاب بېرىمەنمۇ؟
مېنى جېنىدىن ئەتىۋا كۆرىدىغان يارىم-
غىمۇ: سىز بەردىبىر مەندىن ئايرىلسىڭىز
ياشيالمغاندىكىن، مەن بىلەن ئۇ ئالەمگە
كېتىڭ! دەپ نامەردلىك قىلىمەنمۇ؟
ياق، ئۆزۈم ئۈچۈن بولمىسىمۇ، ئۇلارنى
دەپ بولسىمۇ ياشىشىم كېرەك! ئانام
مېنىمۇ ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، مەنمۇ
ئادەمغۇ، نېمە ئۈچۈن ئادەمگە ئادەم
بوزەك بولىدىكەن؟!...

غەزەپكە كەلدىم، ئەتراپىمدىكى
كىشلەرنىڭ ئارقىغا داجىشى غەزىپىمنى
تېخىمۇ كەلتۈردى. چالا ئۆلۈك بولۇپ
قالغىلى تۇرغىنىمدا نەدىن كەلگەن كۈچ-
كىن - تاڭ، چاچراپ ئورنىمدىن تۇردۇم -
دە، يەرگە قاتتىق ئۇرۇلغان توپتەك
قاڭقىپ بارلىق كۈچ - مادارىمنى ئوڭ
قولۇمغا يىغىپ، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى
چەنلەپ بىر مۇشت ئاتتىم ۋە ئارتۇقچە
كۈچەپ كەتكەنلىكىمدىن ئۆزۈممۇ ئوڭدى-
سىغا ئۈچۈپ چۈشتۈم. قاس قىلغان
ئاۋاز بىلەن تەڭ هېلىقى نەرسە يىلتىزى-
دىن قومۇرۇپ تاشلانغان قاپاقتېرەكتەك
لەلەڭلەپ يەرگە يىقىلدى. يەردىن ئۆمى-
لەپ قوپۇۋېتىپ هەيران قالدىم، ئەتراپىم-
دىكىلەر تېخىمۇ هەيران قالدى. مەن
قۇتقۇزۇۋالغان قىزمۇ ياش يۇقى كۆزلىرىنى

يوغان ئېچىپ كۈلدى. مەن كۈچلۈك رەقىبىم ئۈستىدىن غالىب كېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىمغا، ئۆزۈمدىن باشقا يەنە ئۈچ جاننى قۇتقۇزۇپ قالغىنىمغا كۈلۈۋاتىمەن، قىز كۈلۈۋاتىدۇ، ئۆزىنى قويۇق دەرەخلىك ئىچىگە سۆرەپ ماڭغان لۈكچەك چاڭگىلىدىن ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا، مەندەك بىر ئاۋاق يىگىتنىڭ قورقماي ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە يوغان لۈكچەك بىلەن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلغانلىقىغا، لۈكچەكنىڭ بىر مۇشتقا بەرداشلىق بېرەلمەي يەرگە يىقىلىپ، سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىغا كۈلۈۋاتىدۇ. ئەمدى ئەتراپىمىزدىكىلەرمۇ پۇچۇق قاپاقتىن سۇ تۆكۈلگەندەك كۈلگىلى تۇردى.

— پاھ، پاھ! بۇيىغا چۈشلۈق كۈچى يوق قاپاق نوچى ئوخشىمامدۇ بۇ!

— ئىزا تارتماي تېخىچە سۇنايلىنىپ ياتقىنىنى قارىڭ!

— ئۆلۈپ قالغان بولمىسۇن يەنە!

— ماڭاۋا بىر مۇشتقىمۇ ئادەم ئۆلەمدۇ؟

— بىر نېمىدەپ بولمايدۇ جۇمۇ!

مۇلاھىزە داۋاملىشىۋاتقاندا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يۈرەكلىكرەك بىرى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى، بىردەم كۆزىتىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قولىنىڭ دۈمبىسىنى ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىگە يېقىن ئەكېلىپ تېنىقى بار-يوقلۇقىنى سىناپ كۆردى ۋە چۆچىگەن ھالدا ۋارقىرىۋەتتى!

— تىنىقى توختاپ قاپتۇ!

شۇ ھامان قالغانلارمۇ دادىللىق بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. بىرەيلەن ئالقىنىنى ئۇنىڭ يۈرىكى ئۈستىگە قويۇپ تىڭشاپ باقتى. يەنە بىرى ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، قۇلىقىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ياقتى.

نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدۇ بۇ ئادەملەر؟ ھەممىسى ساراڭ بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟ ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا كۈلگۈم كېلىپ، ئاۋازىمنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ كۈلدۈم.

— ئېشەك ئۆلۈۋاتسا بىرنېمىسى غىجەك تارتىپتۇ، دېگەندەك نېمە كۈلۈۋېرىدۇ ماۋۇ ئاداش؟

— تاياقنى كۆپ يەپ كېتىپ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ!

— ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغىنىنى بىلىپ قېلىپ ساراڭ بولۇۋالاي دەۋاتامدۇ-يا؟

— توغرا، توغرا، ساراڭغا سوت يوق دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ!

ئۆزلىرى ساراڭ تۇرۇپ مېنى ساراڭ دەۋاتقىنىنى قاراڭلار! بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كۈلدۈم.

نېمە ئۈچۈندۇر، ھېلىقى قىز كۈلۈشتىن توختىدى، ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرى قورقۇنچ ئىلكىدە چەكچەيدى، بىلىنەر-بىلىنمەس سەپكۈن چۈشكەن ئاق-سېرىق يۈزى داتلاشقان تۆمۈردەك تاتاردى، نېپىز ۋە قىزىل لەۋلىرى يېڭى ھاكلانغان تامغا ئوخشاش ئاقاردى ھەمدە توختىماي لىپىلداشقا باشلىدى. توۋا، ئەمدى بۇ قىزغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئېتىلىپ كېلىپ كۆكرىكىمگە بېشىنى قويۇپ، ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىشى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— سىز مېنى قۇتقۇزىمەن دەپ مۇشۇنداق چوڭ بالاغا قالدىڭىز، — دېدى

قىز يىغلاپ تۇرۇپ، — مەن سىزنى ئاقلايمەن، سىز ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرۈپ قويمىدىڭىز، ئۆزىڭىزنى قوغداش ئۈچۈن قول ياندۇرۇشقا مەجبۇر بولدىڭىز. بۇ بىر تاسادىپىلىق، سودىيەگە ئېيتىمەن. سوتتا گۇۋاھلىق بېرىمەن. ناۋادا قولغا ئېلىنىپ كەتسىڭىزمۇ ئۆمۈر بويى سىزنى كۈتىمەن!...

قىز يەنە نېمىلەردۇر دېدى، كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئەمدى بۇ قىزمۇ ئالجىغانمۇ نېمە؟ بولمىسا نېمىشقا بۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيدۇ؟ ياق، توختاپتۇر، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماي، ئۇخلىماي تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقان بولماي يەنە!

يۈزۈمنى چىمداپ باقتىم، ئاغرىۋاتىدۇ، ئويغاق ئوخشايمەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئادەملەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى تولىمۇ غەلىتە بولغاچقا، ماڭىمۇ چۈشۈمدىكىدەك تۇيۇلۇۋاتسا كېرەك. مەن بۇ ئەقلىدىن ئازغان قىزنى ئۆزۈمدىن نېرى ئىتتەردىم. لېكىن ئۇ ماڭا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشقىلى، ئاۋازىنى تېخىمۇ قويۇۋېتىپ يىغلىغىلى تۇردى.

— بۇ قىز سىزنىڭ سۆيگىنىڭىز بولامدۇ؟ — دېدى ئارىدىن بىرى ماڭا قاراپ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا، — سىزگە بەكمۇ ئامراق ئىچىكىپ قالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا يىغا دېگەن بۇنداق ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ چىقمايتتى!

— تونۇمايمەن! — بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم كېلىپ قالدى. بۇ قىزنى تېخى تۈنجى قېتىم كۆرۈشۈم تۇرسا، قانداقسىگە بىردەمدىلا سۆيگىنىمگە ئايلىنىپ قالسۇن؟ ماڭا بەكمۇ ئامراقىمىش، بەكمۇ ئىچىكىپ قاپتىمىش تېخى! ئوغۇل بالىنىڭ سۆيگىنى دېگەن ئىرناقتا توختىغىدەك بولمىسا بولامدۇ! بۇ قىزدا نە چىراي، نە قامەت بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈزىدىكى سەپكۈنىچۇ تېخى! ناھايەت تىلغا ئېلىپ يۈرگۈچىلىكى يوق ئادەتتىكىچىلا بىر قىزغۇ! لىللا گەپنى قىلغاندا بۇ قىز گۈلباھارنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمىگۈدەك! ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالمايدىغان مۇشۇنداق بىر قىزنى قاراپ تۇرۇپ ماڭا تېڭىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان بۇ كۆزى يوقنىڭ، مەن ناھايەت ئۇنى ماۋۇ ئادەم بوزەك قىلماقچى بولۇۋاتقاندا قۇتقۇزۇپ قويدۇم، خالاس. ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق!

— راست سارالڭ بىر نېمە ئوخشايدۇ جۇمۇ بۇ! — دېدى يەنە بىرەيلەن، — تونۇمايدىغان بىر نېمىنى قۇتقۇزىمەن دەپ جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى. مانا ئەمدى بىكاردىن بىكار ئۆزى قاتىل بولۇپ ئولتۇرىدۇ!

كىم قاتىل بولۇپ قاپتۇ؟ مەنما؟ مەن نېمىدەپ قاتىل بولۇپ قالغۇدەكمەن؟ ئادەم ئۆلتۈرگەننى قاتىل دېمەمدۇ، مەن يا ئادەم ئۆلتۈرمىسەم! قاتىل دېگەن گەپنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشەنمەيدىغان قانداق خەق بۇ!

تازا ئاچچىقىم كېلىپ تۇراتتى، قۇلاقنى يارغۇدەك چىرقىراق ئاۋاز چىقىرىپ بىر ساقچى ماشىنىسى يېتىپ كەلدى. ھە، مانا ماۋۇ لۈكچەكنى تۇتۇپ ئەپكېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىم، — ئەسكىلىك قىلغاننىڭ جاجىسىنى تارتسۇن، ئادەم ئۇرغاندا تويسۇن. خۇشال بولۇپ

چاۋاك چېلىۋەتتىم. ئەتراپتىكى كىشىلەر ماڭا ھەيران بولغان ۋە ئېچىنغان ھالدا قاراپ قويۇپ بېشىنى چايقاشتى. ساقچىلار سۇنايلىنىپ ياتقان ھېلىقى ئاداشنىڭ چۆرىسىدە بىردەم پاي-پېتەك بولۇشتى. ئاڭغىچە قىز ساقچىلارغا بىر نېمىلەرنى دەپ بايىتتىدىنمۇ بەكرەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلار قىزنىڭ ئېسەدىۋالغىنىغا قارىماي يېنىمغا كېلىشتى، ئەھۋال ئۇقۇشىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى تەپسىلى سۆزلەپ بېرىشكە تەييارلىنىپ تۇردۇم. ئويلىمىغان يەردىن ئېگىز بىر ساقچى قولۇمغا كويزا سېلىۋاتامدۇ. ئاچچىقىمغا چىدىماي ۋارقىراپ كەتتىم:

— قانداق ساقچى سىلەر؟ ئاۋۇ لۈكچەكنى تۇتماي مېنى تۇتقىنىڭلار نېمىسى؟ جىنايەتچىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇۋاتىسىلەر! ئىشەنمىسەڭلەر مانا ماۋۇ قىزدىن سوراڭلار!

— ئۆلۈكنى تۇتۇش ھاجەتسىز! — دېدى ھېلىقى ساقچى چىرايىنى ئۆزگەرتمەي سوغۇق تەلەپپۇز بىلەن، — سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەن، ئەمدى سېنى تۇتماقتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق!

قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ؟ ساقچىمۇ شۇنداق دەۋاتىدىيا؟ مەن ئۇنى راستىنلا ئۆلتۈرۈپ قويغاندىمەنمۇ؟ ياق! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇ مېنى ئۇرۇپ ئاغزى بۇرنۇمنى قان قىلىۋەتسە ئۆلمەيمەنۇ، مەن بىرلا مۇشت ئاتقانغا ئۆلۈپ قالىدىغانغا قىشقاچىمكەن ئۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىدىكە ئۇنىڭ بويى تۆگىدەك تۇرسا، مېنىڭ بۇ مۇشتۇم ئۇنىڭغا قانچىلىك تېگەتتى، قايىل بولمىدىم، ماڭا ئۇۋال بولىدى! ئۇ ئۆز جىنايىتىدىن قورقۇپ يېتىۋېلىۋاتىدۇ! دەپ ۋارقىراۋەردىم.

باشلىق بولسا كېرەك، يېشى چوڭراق بىر ساقچى يېنىمغا كېلىپ، ھېسداشلىق قىلغان ھالدا دېدى:

— ئەسلىدە سەن ياخشى ئىش قىلىپتىكەنسەن، باشقىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش روھىڭنى، مەردلىكىڭنى ماختاشقا تېگىشلىك ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپسەن. جىنايەتچىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئىشى. ئويلاپ باق، ھەممە ئادەم ئۆزى جىنايەتچى دەپ قارىغان كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، جازانى ئۆزى ئىجرا قىلغىلى تۇرسا جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟ ئۇ چاغدا دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىنىڭ ۋە ئۇنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ؟ شۇڭا بۇ نۇقتىنى توغرا چۈشىنىشىڭنى سورايمەن. جىنايەتچى راستتىنلا ئۆلۈپ قاپتۇ، چېكە تومۇرى يېرىلىپ كېتىپتۇ. قانۇن دوختۇرى ئەستايىدىل تەكشۈردى. سەن بىزگە ئىشەن. سوت ھۆكۈم چىقارغاندا سېنىڭ ئەسلى ياخشى ئىش قىلماقچى بولغىنىڭنى ۋە بۇ دېلودىكى تاساددىپىلىقنى ھېسابقا ئالىدۇ...

ساقچىنىڭ كېيىنكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. بېشىم قېيىپ، كۆزۈم قاراڭغۇلاشتى. ئاسمان-زېمىن ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. توخۇ بوغۇزلاشتىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان مەندەك بىر ئادەمنى ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ دېسە كىممۇ ئىشىنەر-ھە! ئۇلار مېنى ساقچى ماشىنىسىغا ئېلىپ چىققاندا سەل-پەل ھوشۇمنى تاپتىم. توپا-چاڭ توزۇتۇپ ئورنىدىن قوزغالغان

ماشىنىنىڭ كەينىدىن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھېلىقى قىزنىڭ: «مەن سىزنى ئاقلايمەن، مەن سىزنى سۆيىمەن! ئىسمىم نىلۇپەر! ...» دېگەن سۆزلىرىنى غۇۋا ئاڭلىدىم.

شۇنداق قىلىپ مەن قاتىل بولۇپ قالدىم. نىلۇپەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە ئاقلىشى، شۇنداقلا ھېلىقى بىر مۇشتقا يارىمايدىغان ئاداشنىڭ ئابرويلۇق ئاتا-ئانىسىنىڭ قاتىللىنى ئېتىپ بەرسۇن، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى ئارقىسىدا ماڭا بەش يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلدى. مەھبۇسلۇق ھاياتىم باشلاندى. زېرىكىشلىك كۈنلەرنى ئاتا-ئانامنى سېغىنىش، گۈلباھارنىڭ ئايدەك چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزمەن. ئۇنىڭمۇ مېنى ئاتا-ئانامغا ئوخشاش ھەپتىدە بىر يوقلاپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمەن. بىر قېتىم يوقلاپ كېلىۋېدى، بېشىم كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئۆزۈمنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىمنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇپ، كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. لېكىن كۆڭلۈمنى غەش قىلىپ قويغىنى، ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرى بۇرۇنقىدەك قىزغىن ئەمەس ئىدى، كۆزلىرىدىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش مېھرى-مۇھەببەت ۋە شادلىق ئۇچقۇنلىرى ئەمەس، سوغۇقلا بىر نۇر چاقناپ تۇرىدۇ، ئىختىيارسىز تېنىم شۈركىنىپ كەتتى، ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغىنىمغا ئېچىنىپ ۋە قايغۇرۇپ، كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندۇ، ھەقچان، دەپ ئويلاپ، ئۆزۈمگە ئۆزۈم تەسەللى بەردىم. ئۇنى زارىقىپ كۈتەتتىم، تۆت كۆز بىلەن كۈتكىنىمگە يارىشا بىرەر قېتىم كەلسىچۇ، كاشكى! شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ يۈرىكىم پارە-پارە بولدى، قان يىغلىدىم. تۈرمە ساقچىسى ھەر قېتىم: «پەرھات، سېنى بىر قىز ئىزدەپ كەپتۇ!» دەپ تۇۋلىسا گۈلباھار كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن، يۈرىكىم ئويناپ كېتىدۇ، قىن-قىنىمغا پاتماي تۆمۈر رىشاتكىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرىمەن، ئارزۇيۇمنىڭ ئەكسىچە كۆز ئالدىمدا نىلۇپەر پەيدا بولىدۇ. لاسىدە بولۇپ قالىمەن، غۇژژىدە ئاچچىقىم تۇتىدۇ. ئۇنىڭ شۇنچە ئوبدان يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك كۆتۈرۈپ كەلگىنىگە قارىماي قاتتىق-قاتتىق تېگىپ سالىمەن، ئۇ ئېغىر ئالمايدۇ، ياش لىغىرلاپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىنى ماڭا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىدۇ. ھەر قېتىم كەلگىنىدە سىزنى كۈتىمەن، دېيىشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۆتكەن يەكشەنبىدىمۇ شۇنداق دېۋىدى، ئاچچىقىمغا بەس كېلەلمەي نەشتىرىمنى سانچىۋەتتىم:

— مېنى كۈتىدىغانلىغا نېمىتىڭىز سىز؟ سىزنى قۇتقۇزۇپ قويدۇم، ئىش تۈگىدى، ۋەسسالام! يەنە ئارقامغا كىرىۋېلىپ نېمە قىلماقچىسىز؟ مېنى كۈتمەك، مېنى كۈتىدىغان ئادەم بار!

ئۇ بىر پەس مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن توسۇپ، ھۆڭرەپ يىغلىغىنىچە ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. بۇنىڭدىن قۇتۇلدىغان بولدۇم دەپ يېنىك تىن ئالدىم.

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتتى، گۈلباھارمۇ، نىلۇپەرمۇ كەلمىدى. كېيىن ئانام گۈلباھارنىڭ ئۆزىدىن 30 ياشتەك چوڭ،

بىر مۇئاۋىن نازىر بىلەن توي قىلغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، قەلبىم ئاسمىنىدا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىلدى، بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. بىچارە ئانامنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ چىشىمنى چىڭ چىشلەپ بەرداشلىق بەرمىگەن بولسام، ئاللىقاچان يىقىلىپ قالغان بولاتتىم، تۇۋا، قىزلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىش نېمىدېگەن تەس-ھە! ئۇ مەندىن ئايرىلسا ياشىيالمايدىغانلىقىنى تالاي قېتىم ئېيتقان، مەنمۇ بۇ گەپكە شەكسىز ئىشەنگەن. ئەمدى ھاياتىمدا ئازراق ئۆزگىرىش بولۇۋىدى، چىن يۈرىكىدىن قەسەم قىلغان، ۋەدە بەرگەن ئادىمىم مەندىن ئايرىلىپتۇ. ياشىيالايدىغان، ياشىغاندىمۇ بىرەر يىگىت بىلەن ئەمەس، بوۋاي بىلەنمۇ ياشىيالايدىغان بولۇپ قاپتۇ. گۈلباھاردىن نەپرەتلەندىم، يىرگەندىم، ئۇنىڭدىن قانچە نەپرەتلەنگەنسېرى نېمە ئۈچۈندۇر، سىلۇپەرنى شۇنچە ئەسلەيدىغان، ئۇنىڭغا قىلغان قوپاللىقلىرىمغا شۇنچە پۇشايمان قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ گۈلباھارنىڭكىگە يەتمەيدىغان چىرايىمۇ گۈلباھارنىڭكىدىن چىرايلىق، غەمكىن، ئويچان كۆزلىرىمۇ گۈلباھارنىڭ ئويناق، شەھلا كۆزلىرىدىن نۇرلۇق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، قانداق نامەقۇللۇق بىلدۈرۈشىمنى بىلمەي يۈرگىنىمدە سىلۇپەر ئانامدىن خەت-خالتا كىرگۈزۈپتۇ، بۇ خۇددى ئۆگزىدىن چۈشەلمەي تۇرغان ئادەمگە شوتا قويۇپ بەرگەندەكلا بىر ئىش بولدى. ئەپۇ سوراپ ئىككىلىك خەت چىقارتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن سىلۇپەر ھەر ھەپتىدە كېلىپ تۇردى. بىز بىر بىرىمىزگە قاراپ قانمايمىز، گويا ئۇزۇن يىل ھىجران ئازابىنى تارتقان ئاشىق-مەشۇقلاردەك بىر-بىرىمىزگە ئىنتىلىپ تۇرىمىز. ناۋادا ئارىمىزنى تۆمۈر رېشاتكا ئايرىپ تۇرمىغان بولسا شۇ تاپتىلا بىر-بىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىشىپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىمىز. شۇنىڭ بىلەن گۈلباھارنىڭ ئەلەمدە زىدە بولغان يۈرىكىم ساقىيىشقا باشلىدى. بىراق شۇنىڭغا ئەگىشىپ غەم-ئەندىشەممۇ، ۋىجدان ئازابىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. مەن نېمىدېگەن شەخسىيەتچى ئادەم-ھە! مەن دېگەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل. بۇ قىز بولسا پاك، ساددا، ئاق كۆڭۈل قىز. ئۆز بەختىمنى دەپ ئۇنى ئۆزۈمگە باغلىۋالسام ئۇنىڭغا داغ چۈشۈرگەن بولمايمەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى يەنە تۆت يىل كۈتۈشى كېرەك. ھازىر يىگىرمە بەشلەرگە بېرىپ قالغان بۇ قىز ئۇ چاغدا ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالامدۇ؟ ئاتا-ئانىسىنىڭ بېسىمى، تاپا-تەنىسىگە قانداق چىدار؟ بىر قىز ئوتتۇزغىچە توي قىلماي يۈرسە جەمئىيەتتە نېمە سۆز-چۆچەكلەر چىقمايدۇ؟ مانا بۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن تاغدەك بېسىپ، بۇ قىزنى بىكاردىن بىكار خاراب قىلىۋەتمەمدۇ؟! ئۇ راستتىنلا مەن بىلەن توي قىلسا قاتىلنىڭ، جىنايەتچىنىڭ خوتۇنىغا ئايلىنىدۇ. ھەممىلا يەردە كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ، توي-تۆكۈنلەردە، ئاياللار ئولتۇرۇشلىرىدا پەگادا قالىدۇ، ھەتتا پەگادىمۇ ئورۇن بېرىلمەي قېلىشى مۇمكىن. بۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن نەقەدەر چوڭ زەربە، نەقەدەر چوڭ ئازاب-ھە! ماڭا چىن دىلىدىن ئەقىدە باغلىغان بىر قىزنى ئۆزۈمنىڭ ھېچنېمىسىنى ئايىماي بەختلىك قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئاشۇنداق بەختسىزلىكلەرنى كەلتۈرسەم، روھىي ئازابلارنى

سالسام، ئۇنىڭ ياشلىق باھارىنى، گۈزەل ئىستىقبالىنى ۋەيران قىلسام، ئۇنىڭغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟! ئۆزىدىن باشقىنى ئويلاشنى بىلمەيدىغان شەخسىيەتچى، قارا كۆڭۈل ۋە ۋىجدانسىز ئادەم بولۇپ قالمامدىم؟! بەزىلەر ماڭا ھە، بۇنىڭ نىيىتى دۇرۇس ئەمەسكەن، ئەسلىدە قىزنى ئۆزىگە خوتۇن قىلىۋېلىش ئۈچۈن قۇتقۇزغان ئىكەن ـ دە، دېسە مەن بۇ ئاھانەتنى قانداق كۆتۈرىمەن. ئوغۇل بالا دېگەن ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ بەختىنىلا ئويلاۋەرمەي، ئۆزىنىڭ پايدا ـ زىيىنى ئۈستىدىلا چوت سوقۇۋەرمەي، ئاۋۋال باشقىلارنى، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى، بەختىنى ئويلىشى كېرەك. مېنىڭ ئۇنى بەختلىك قىلىش قولۇمدىن كەلمىگەندىكىن ئۇ ئۆزىنى بەختلىك قىلالايدىغان ئوبدان يىگىتتىن بىرنى تېپىۋېلىشىغا تامامەن ھەقلىق ھەم شۇنداق قىلغىنى تۈزۈك! ئۇنداقتا مەن قاتتىق ئازابلىنىمەن، ھەسرەت چېكىمەن، ئىككىنچى قېتىم ئۆز سۆيگۈنىدىن ئايرىلىپ قېلىش ماڭا ئېغىر كېلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەممىگە بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك، چىشىمنى چىڭ چىشلەپ ھىجران چۆلىدە قاڭغىر قاقشاپ يۈرۈشتىن قورقماسلىقىم كېرەك!

نىلۇپەر يەنە بىر قېتىم يوقلاپ كەلگەندە قەستەن، قاپىقىمنى تۈرۈۋالدىم، يۈرىكىمنى مۇھەببەت يالقۇنى ئۆرتەۋاتسىمۇ چىرايىمدىن مۇز ياغدۇردۇم، ماڭا باھاردەك يىللىق چىراي ئېچىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزنىڭ بىغۇبار قەلبىنى تىل نەشتىرىنى سانچىپ يارا قىلدىم.

ـــ مەن كۆپ ئويلاندىم، نىلۇپەر، ـــ دېدىم ئۇنىڭدىن بىزار بولۇۋاتقاندەك بىر خىل قىياپەتتە، ـــ ئويلاپ باقسام، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. نېمىشقا دېسىڭىز، سىز مېنى چىن دىلىڭىزدىن ياخشى كۆرمەيسىز، سىز پەقەت مېنىڭ سىزنى قۇتقۇزۇپ قويغان ياخشىلىقىمغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈنلا ماڭا ئۆزىڭىزنى بېغىشلىماقچى بولۇۋاتىسىز! بۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەمەس، بۇنداق مۇھەببەت ئۇزاققا بارمايدۇ. سىز مېنىڭ ياخشىلىقىمغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولغانلىقىڭىزنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، مەندىن كۆڭلىڭىز سوۋۇيدۇ، مەندىن نەپرەتلىنىدىغان، يىرگىنىدىغان بولۇپ قالىسىز، ئاخىرى يەنە ئايرىلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن. بىز ۋاقتىدا ئۆز يولىمىزنى تېپىپ، بىر بىرىمىزنى ئازابلاپ يۈرمىگىنىمىز تۈزۈك! سىزگە جەزمەن سىزنى بەختلىك قىلالايدىغان ياخشى ھەمراھ تېپىلىدۇ!...

ـــ نېمىلەرنى دەپ يۈرۈيدىغانسىز؟ ـــ نىلۇپەر ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلىدى، ـــ ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن، چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن، ئۆمۈرۋايەت سۆيىمەن! سىزمۇ مېنى ياخشى كۆرىسىز، سىزنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بايا دېگەنلىرىڭىز يۈرەك سۆزىڭىز ئەمەس، مېنى دەپلا شۇنداق قىلىۋاتىسىز! مېنى دېسىڭىز مېنى. ھەرگىز تاشلىۋەتمەڭ، مېنىمۇ ئۆزىڭىزنىمۇ ۋەيران قىلماڭ!

ـــ ھەي شەيتان قىز، نېمىدېگەن ئەقىللىق سەزگۈر ـ ھە! شۇ تاپتا يۈرىكىم ئۆنسىز يىغلاۋاتىدۇ، پۇلدى، ئۇ ئىچى

باغرىنى تۆككەندىكىن، سەندىن ئايرىلىپ ياشاشنى خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىكىن، تولا ئېزىقاۋەرمە، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمە، ئۆزۈڭنىمۇ بىھۇدە قىينىما، ئۇنى مەڭگۈ سۆيىدىغانلىقىڭنى، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىڭنى بىلدۈر، پۇرسەتنى قولدىن بەرمە... دەپ ئىچكى سىرىمنى ئاشكارىلاشقا ئۈندەۋاتىدۇ. لېكىن مەن يەنىلا يۈرىكىمنىڭ ساداسىغا، ئىلتىجاسىغا قۇلاق سالمىدىم. ئۇنىڭغا باياتىنقىدىنمۇ بەكرەك قوپال تەگدىم... نىلۇپەر يۈزىنى ئالقانلىرى بىلەن يېپىپ ھۆركىرەپ يىغلىغان پېتى ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. مېنىڭمۇ پۇت - قوللىرىمدا دەرمان قالمىدى، بىردىنلا يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم، چىرايىم مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى، كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى، بۇرنۇمنىڭ تۆشۈكچىلىرى ۋە لەۋلىرىم توختىماي لىپىلداشقا باشلىدى.

ئاھ، خۇدا، مەن زادى نېمە قىلىپ قويدۇم؟ بۇ، مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈنگىنىممۇ، بەختىنى كۆزلىگەنلىكىممۇ ياكى ئۇنى نابۇت قىلغىنىم، بەختىنى ۋەيران قىلغىنىممۇ، ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيتتىم. ھەممە نەرسەمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، ئەمدى ھېچقانداق نەرسە ماڭا نېسىپ بولمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ، بىئارام بولدۇم. دۇنيا ماڭا قاراڭغۇ جاڭگال بولۇپ كۆرۈندى. بۇرۇن نىلۇپەر ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى تۈرمىداشلىرىمغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، قالغىنىنى ئىشتىھا بىلەن مەززە قىلىپ يەيتتىم، بۇ نەرسىلەرنى يېگەنسېرى تاتلىق ۋە مەززىلىك تۇيۇلاتتى. بۈگۈن ھېچقايسىسى كېلىمدىن ئۆتمىدى، شۇڭا ھەممىسىنى سېخىيلىق بىلەن باشقىلارغا بېرىۋەتتىم.

ئارىدىن يەنە يېرىم يىل ئۆتتى، شۇ جەرياندا تۇتقان - قويغىنىمنى بىلمەي خاراموش يۈردۈم. روھىم شۇنداق چۈشكۈن ئىدىكى، قورسىقىم ۋاژىلداپ ئېچىپ تۇرسىمۇ ئەكىرىپ بەرگەن تاماقنى يېيىشكە ھورۇنلۇق قىلاتتىم. مەن يەنە ئاۋۋالقىدەكلا نىلۇپەرنىڭ خالتىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ تۇرغان بولساممۇ، ئۆزىنى زادى كۆرمىدىم. ئۇ خەتمۇ كىرگۈزمىدى. ئەپۇ سوراپ يازغان خەتلىرىمنى قانچە قېتىم يىرتىپ تاشلىغانلىقىمنىمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، ھەر ھالدا ھېسسىياتىمنى ئەقىل بىلەن تىزگىنلەپ ئاخىر بەش يىلنىمۇ توگەتتىم. تۈرمىدىن چىققان كۈنى ئاتا - ئانامنىڭ مېنى دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم، ھېدىنى قانغۇچە پۇرىدىم، ئېتەكلىرىنى كۆز يېشىم بىلەن يۇدۇم.

— بولدى قىل ئەمدى، ئاۋۇ تەرەپكە قارا! — دېدى ئانام مېنى تۇتۇپ. ئانام كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم. گۈلزارلىقنىڭ چېتىدىكى مەجنۇنتال ئاستىدا چىرايلىق كىيىنگەن بىر قىز يەر ئاستىدىن ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ تۇرامدۇ، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئۇ كۆزۈمگە گۈلباھاردىن نەچچە ھەسسە چىرايلىق، جەزىبىلىك كۆرۈندى. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا گۈزەللىكىنى بۇرۇن نېمىشقا بايقىمىغان بولغىيدىم، دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدىلا قۇچىقىمنى كەڭ ئېچىپ ئۇنىڭغا تاشلاندىم...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

راخمانجان رۇسۇل

# يېشىللىققا ئەسىر قەلب

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئەقىل يېشىغا يەتكەن ھەرقانداق كىشىدە بىرەر ئارزۇ-ئىستەك پەيدا بولىدۇ. بىراق كىشىلەرنىڭ غايە، ئارزۇلىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

ئابلىمىت ياسىن كىچىكىدىنلا ئۆز كۆڭلىگە ئاجايىپ گۈزەل ئارزۇلارنى پۈككەنىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا يېشىللىقنى ياخشى كۆرەتتى، يېشىللىققا ئىنتىلەتتى، ئۇ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئارزۇسىغا ئاساسەن شىنجاڭ ئورمانچىلىق مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئۆزىگە ھەر تەرەپتىن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەتراپلىق تەربىيىلەندى، تىرىشىپ ئۆگەندى، شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بەرگەن چېغىدا، پارتىيىگە قەتئىي ئەگىشىپ، ۋەتەننى باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا بىر ئۆمۈر تەر ئاققۇزىمەن دېگەنلەرنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. 1985-يىلى ئۇ مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈردى. بەزى ئوقۇغۇچىلار شەھەردە قېلىپ، جاپاسىز تۇرمۇش كەچۈرۈش خىيالىدا ئىدى، ئەمما ئابلىمىت ياسىن شارائىتى ناچار، تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى بىرقەدەر قالاق بولغان ئۆز ناھىيىسى — پەيزاۋاتنى تاللىدى. ئۇ ئۆز يېزىسىنىڭ جاپالىق شارائىتىنى ئۆزگەرتىپ، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشكە ئىرادە باغلىغان ئىدى، شۇڭا تولۇپ تاشقان ئىشەنچ، ئۈمىد بىلەن ئانا يۇرتىغا كەلدى. ئۇ ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنىپ بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق پىلانىنى قايتىدىن تۈزۈپ، جىددىي ئىشقا كىرىشىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. بەزىلەر «ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرىدىغان بۇ سوپيما» نىڭ قولىدىن قانچىلىك ئىش كېلەتتى، «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە»، قېنى، ئۇ قانداق قىلىدىكىن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى.

ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان گۈزەل كائىنات ئۇنى مەپتۇن قىلسا، ئۇنىڭ سىرلىقلىقى ئۇنى ئويغا سالاتتى...

ئۇ خاتىرىسىنىڭ بىرىنچى بېتىگە «مېنى پارتىيە تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى، خەلق مەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ... مەن بۇ يەرنىڭ شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى، تۇسالغۇلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ كەلدىم. مەن چوقۇم قەسەمىمگە ئەمەل قىلىپ، خەلقىمىنىڭ مەندىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلايمەن، پارتىيەمنى، تەشكىلاتنى ئەمەلىي نەتىجەم ئارقىلىق رازى قىلىمەن. خەلقنىڭ مال-مۈلكىگە، مەنپەئەتىگە تەھدىت سېلىۋاتقان قۇم-بوران ئاپىتىنى تىزگىنلەپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىمەن...» دېگەن يارقىن جۈملىلەرنى يازدى.

ئۇ ئىشنى ئەڭ ئالدى بىلەن ناھىيىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، تۇپراق، سۇ، ھاۋا كلىماتى قاتارلىقلار بىلەن تونۇشۇشتىن باشلىدى، ئەھۋاللارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلدى.

ناھىيىدىن 60 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تۇڭگۇز ئاغزى دېگەن داڭلىق شامال ئېغىزىغا جايلاشقان گۈللۈك يېزىسىدا بوران ئاپىتى تۈپەيلىدىن قۇم دۆۋىلىرى كۆچۈپ، 2 مىڭ مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى يۇتۇۋەتكەن، 42 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاچقا ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ، قاتنىشى قولايسىز، سۈيى ئاچچىق، تۇرمۇش شارائىتى ناچار، ناھىيىگە يىراق بولغان ئەنە شۇ يېزىغا بېرىپ قۇمنى تىزگىنلەش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەھبەرلىك ئۇنىڭ قەيسەر ئىرادىسى، ئەقىلگە مۇۋاپىق تەدبىرلىرى ۋە ئىشەنچىسىگە قاراپ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدى. ئۇ يېزىغا بېرىپلا 60 نەچچە مىڭ مو يەرگە تارقالغان 20 نەچچە مىڭ پوم قۇم دۆۋىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. قۇمنىڭ كۆچۈش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلدى، ھەر بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ جايلىشىش ئورنى، ئىگىلىگەن كۆلىمى، كۆچۈش ئېقىمى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ ئارخىپلاشتۇردى. تومۇز ئاپتاپلىرىدا سۇدانىدىكى سۈيى تۈگەپ قانچە قېتىم ئۇسسۇز قالغانلىقىنى، سومكىسىدىكى نېنى قېتىپ، قانچە قېتىم ئاچ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، ئىشتىيى تۇتۇلدى. ئەمما ئۇنىڭ 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىپ، ئۆستەڭنىڭ ئىككى تەرىپىگە 60 مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىپ قۇمنى تىزگىنلەش پىلانى رەھبەرلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتتى. ئۇ 1985-يىلىدىن 1987-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە دېھقانلار بىلەن قاقاسلىقتا دۇم يېتىپ دۇم قوپتى. دېھقانلارغا قۇرغاق رايونلاردا سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ، كۆچەتنى يەر ئاستى سۈيىگە يېقىنراق قويۇش، چوڭقۇر قويۇشتىن ئىبارەت ئاساسلىق تەدبىرلىرىنى ھارماي-تالماي تەشۋىق قىلىپ، ئىش ئورنىدا باشتىن-ئاخىر ئۆزى بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاشۇ شورتاڭلىقتا كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى 90% گە يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن يۈگەنسىز قۇم تىزگىنلىنىپ، ئاجايىپ مۆجىزە يارىتىلدى. قۇمنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالغان 10 نەچچە مىڭ مو تېرىلغۇ يەر قۇتقۇزۇپ قېلىندى. قۇمنىڭ تەھدىتى بىلەن كۆچۈپ كەتكەن 40 نەچچە ئائىلىلىك دېھقان ئۆز ماكانىغا قايتىپ كېلىپ خاتىرجەم بولدى.

ئابلىمىت ياسىننىڭ ياتاق، ئىشخانىسى ئەتراپىدا ئۆز قولى بىلەن ئەھيا قىلىنغان مۇداپىئە ئورمانلىرى تۇڭگۇز ئاغزىدىن چىققان بوراندا شالدىرلاپ ئاۋاز چىقىراتتى، ئاسماندا يۇلتۇزلار

چارىقلايتتى، شىمال تەرەپتىكى تاغ باغرىنى
بويلاپ كەتكەن ئۈرۈمچى تاشيولىدا
كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ غۇيۇلدىغان ئاۋا-
زى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ خىل جۇشقۇن
مۇھىت ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ئىختىرالارنى
يارىتىشقا ئۈندەيتتى. ئۇ ئاشۇ ئىككى
يىلدا كۈندۈزى قۇم بارخانلىرى بىلەن
ھەپىلەشسە، كېچىلىرى كىرسىن چىراغ
يورۇقىدا قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق رايون-
لاردا ئورمان بىنا قىلىش، قۇمنى تىزگىن-
لەش، ۋەتەننى كۆكەرتىپ باغۇ ـ بوستان-
لىققا ئايلاندۇرۇشقا ئائىت 10 نەچچە
پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى.

پەيزاۋات ناھىيىسىدە يەرنىڭ شور-
لىشىپ كېتىش دەرىجىسى ئېغىر بولۇپ،
تۇزلۇق، شورلۇق يەرلەر ئومۇمىي يەر
كۆلىمىنىڭ 60% دىن كۆپرەكىنى تەش-
كىل قىلاتتى. ئابلىمىت ياسىن بۇ ناھى-
يىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلەلمەسلى-
كىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى تېپىپ چىـ-
قىپ، قۇم، بورانغا، قۇرغاقچىلىققا بەر-
داشلىق بېرەلەيدىغان توغراق ئورمىنىنى
كەڭ كۆلەمدە بىنا قىلىش تەدبىرىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تەدبىرى ئىدارە،
ناھىيە، ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقار-
مىسى رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.
شۇنىڭ بىلەن 1986 ـ يىلى 10 مو يەرگە
تېرىلغان توغراق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆس-
تۈرۈلۈپ، «توغراق تېرىسا ئۈنمەيدۇ»
دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشقا خاتىمە بې-
رىلدى. توغراق ئۇرۇقىنى تېرىپ ئۆستۈ-
رۈش ناھىيە، ۋىلايەت دائىرىسىدە تېخى
تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. ئابلىمىت
ياسىن ئېتىز بېشىدا يېتىپ ـ قوپۇپ، كۆ-
چەتلەرنىڭ ھەربىر باسقۇچتىكى ئۆسۈش
ئەھۋالىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى،
كۈنلەر بويىچە خاتىرە قالدۇردى. تېرى-
لىپ 24 سائەت ئىچىدە ئۈنۈپ چىقىدى-
غان، تېرىپ باشقۇرۇشتا يېڭى تېخنىكا
ماھارىتى، نازۇك، تۇجۇپىلەپ باشقۇرۇش

تېخنىكىسى تەلەپ قىلىدىغان توغراق
كۆچىتىنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى 95%
گە يەتكۈزۈپ، ئورمانچىلىق ساھەسىدىكى-
لەرنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ جاپالىق
ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە «توغ-
راق كۆچىتىنى يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا»
دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ ئېلان قىلىپ،
كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا
ئېرىشتى. بىراق ئۇنىڭ توغراق كۆچىتىنى يې-
تىشتۈرۈش جەريانى ئانچە ئوڭۇشلۇق بول-
مىدى. ئۇ يېتىشتۈرگەن توغراق كۆچەت-
لىرى 1987 ـ يىلى كۈز پەسلىگە كەل-
گەندە توغراق دات كېسىلى بولۇپ، مەغ-
لۇپ بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. قان-
داق قىلىش كېرەك؟ دەرھال تەدبىر قول-
لانمىسا بولمايتتى. ئۇ جىددىي سۈرۈشتە
قىلىپ، توغراق كېسىلىگە ئىشلىتىدىغان
دورىنىڭ ناھىيە، ۋىلايەت دائىرىسىدە يوق
ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە، يۈرىكى پىچاق
بىلەن تىلىغاندەك بىئارام بولدى. دورىنى
ئۈرۈمچىدىن يۆتكەپ كەلگەندە ئىقتىسادىي
جەھەتتىن دۆلەتكە كۆپ چىقىم بولغانىنىڭ
سىرتىدا، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ، شۇنچە
ۋاقىتتىن بۇيان ئەجىر سىڭدۈرگەن ئەمگەك
مېۋىسى بىكار كېتەتتى. ئۇ ۋاقىتنى قولغا
كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى-
گە، نەچچە يىلدىن بۇيانقى توپلىغان
تەجرىبىسىگە ئاساسەن دېھقانچىلىق
زىرائەتلىرىدىكى دات كېسىلىگە ئىشلىتى-
لىدىغان زەھەرى تۆۋەن دېھقانچىلىق دو-
رىسى ــ تىرى ئادىمۇفوننى ئىشلىتىپ سىناق
قىلىپ باقتى. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك
بولدى. ئۇ خۇددى يەلكىسىدىن بېسىپ
تۇرغان تاغ ئېلىپ تاشلانغاندەك خۇش
بولۇپ كەتتى. توغراق كۆچەتلىرىنىڭ ئەي
بولۇش نىسبىتى 85% گە يېتىپ يەنە
بىر مۆجىزە يارىتىلدى.

چەكسىز كائىناتتا يۈز بېرىۋاتقان ھا-
دىسىلەر نۇرغۇن كىشىلەرگە سىرلىق تۇ-
يۇلىدۇ. ئاشۇ سىرلىق نەرسىلەر ئابلىمىت

ياسىننى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇ ئاشۇ سىرلارنى ئېچىش ئۈچۈن چوڭقۇر ئىزدىنىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا تالاي كېچىلەرنى كىرسىن چىراغ يورۇقىدا پاشا - كۆمۈتىلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ئۇ 1986 - يىلىدىن بۇيان «توغراق ئورمىنىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا»، «تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئىقتىسادىي ئورمانلارنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئورمانغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا»، «تېرەكنىڭ قوۋزاق چىرىش كېسەللىكى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش»، «تېز ئۆسەر مول ھوسۇللۇق ماتېرىيال ئورمىنى بىنا قىلىش توغرىسىدا» «جىگدە پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات» قاتارلىق 30 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە بىر قانچە يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش، ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «توغراق ئۆستۈرۈش» ناملىق ئىلمىيلىكى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان كىتابىنى يازدى. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 - يىلى نەشر قىلىنىپ، مۇشۇ ساھەدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇردى.

ئابلىمىت ياسىن 1986 - يىلى «شىنجاڭ ئورمانچىلىق ئۇچۇرلىرى» گېزىتىنىڭ ئالاھىدە ئىختىيارىي مۇخبىرلىقىغا تەكلىپ قىلىندى، شۇ يىلى ئورمانچىلىق نازارىتى ئاچقان ئاخباراتچىلىق كۇرسىدا ئىككى ئاي ئوقۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئورمانچىلىق، كۆكەرتىشكە ئائىت 60 نەچچە پارچە خەۋەر، ماقالە يازدى. ئۇنىڭ 50 نەچچە پارچىسى ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

ئۇ 120 مىڭ خەتلىك «شىنجاڭدىكى ئورمان زىيانداش ھاشاراتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش» ناملىق ئىلمىي كىتابىنى نەشرگە بەردى.

ئۇ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە، 1988 - يىلى ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە تىزىملىنىپ، 2 يىل ئىچىدە 10 پەننى تاماملاپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. ئۇ بۇنىڭ بىلەنمۇ قانائەتلىنىپ قالمىدى. مەركىزىي يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ سىرتتىن ئوقۇش — يېزا ئىقتىسادىي باشقۇرۇش كەسپىگە تىزىملىنىپ، ئۇنىڭدىنمۇ لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى.

ئۇ قەسىمنى ئەمەلگە ئاشۇردى، خەلقنىڭ، پارتىيىنىڭ، تەشكىلاتنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىدى. ئۇنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرگەن پارتىيە، ئۇنى ئۆستۈرگەن خەلق، ئۇنىڭغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن تەشكىل ئۇنىڭغا ناھايىتى زور شان - شەرەپلەرنى بەردى: ئۇ 1986 - يىلىدىن بۇيان ھەر يىلى ۋىلايەت، ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق كادىرى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. 1989 - يىلى 4 - ئايدا ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «پەن - تەتقىقات سېپىدىكى يېڭى يۇلتۇز» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. 1990 - يىلى ئۇ مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىش مېدالىغا ئېرىشىپ، ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈردى.

گەرچە ئۇ ئاشۇنداق شان - شەرەپلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، قىلچە مەغرۇرلانماي، ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ 26 - باھارىنى تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قۇربان ئىمىن

# قەلەمدىن چاقنىدى چاقماق

## ياشلىققا خىتاب

كۆنلەر ئۆتىدۇ، ئايلار ئۆتىدۇ، يىلمۇ ئۆتىدۇ،
قارىساڭ تارىخ هەر يىلدا ساڭا بىر ياش قوشىدۇ.
بىلمەي قالىسەن شادلىق، قايغۇنى ئاشۇ چاغلاردا،
كۆنلەردە بىر كۈن ياشلىق باھارىڭ كۆزگە كۆچىدۇ.

كۆزدە قىزىرىپ - تولۇپ ھۆسنىڭگە ئالما پىشىدۇ،
كۆز ئالمىسىدەك بىرخىل تۇرىسەن دېمە - ئالدانما.
ئويلاپ باقىنا، قايتىپ كېلەمدۇ دەريانىڭ سۈيى؟
خۇدۇڭنى بىلمەي خالتا كوچىدا يۈرمە - ئايلانما.

ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ رەنجىتمە ھەرگىز پۇشايمان قىلىپ،
ئۆگەن تىرىشىپ، ئىشلە جان تىكىپ، قەدرىڭنى بىلىپ.
قىزىل ئالمىدەك گۈزەل چىرايىڭ قورۇلماس چاغدا،
گۈلزارغا باشلا يىل كارۋىنىنى ئالدىدا مېڭىپ.

دۇنيادا يوقتۇر ئادەمدىن ئۇلۇغ، قابىل، زېرەك كۈچ،
پەسەنت قىلمايدۇ كەلسە ئالدىغا تاغ - دېڭىزلار دۇچ.
كىم قەدىرلىسە ئالتۇندەك ياشلىق ۋاقتىنى ئەگەر،
شۇنىڭ قولىدا يىللار تىزگىنى - بىباھا ئاچقۇچ.

ئۇچقۇر دۇلدۇلدەك ئالغا ئۇچ - ئۆرلە زادى توختىماي،
قىزىل قىياشلىق مەنزىلنى كۆزلە، بويۇن تولغىماي.
يىللار ئالدىدا ئۇزۇن سەپەرنىڭ زەربىدارى بول.
ياشلىق ئەجرىڭدىن ئۆمرۈڭ بېغى ئاچسۇن گۈلچىراي.

## ئەينەك

كىشى رۇخسارىنى ئەينەن ئۆزىدە كۆرسىتەر ئەينەك،
چىرايلىقمۇ ۋە يا سەتمۇ، شۇئان ئەكس ئەتتۈرەر ئەينەك.
كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە بىزگە ئۇ لازىم،
يىگىت - قىزلار ئاراسىدا تولىراق مۆتىۋەر ئەينەك.
ئەگەردە قايسىبىر كىمنىڭ يۈزىدە زەررە داغ بولسا،
يېقىن يولداش كەبى شۇدەم، ئۇنى سۆزلەپ بېرەر ئەينەك.
جامائەت ئىشلىرىدا شۇنچە مەرغۇپ ھەم گۈزەللىك كۆپ،
مۇسەپپا ئۇنچىدە بارمۇ بىرەر قۇم، ئەسلىتەر ئەينەك.
دېمەك، خالى ئەمەس ئادەم ھاياتتا قىلچە نۇقسانىدىن،
شەرەپ قايسى، نومۇس قايسى، كىشىگە ئۆگىتەر ئەينەك.
بۇ ئەينەك بولسا تەنقىدتۇر، زۆرۈر تۇرمۇشتا ئۇ بىزگە،
باھارنىڭ يامغۇرى ئوخشاش چىمەنگە سۇ سېپەر ئەينەك.
قەدىردان دوستقا ئىلھامچى، توسالغۇ رەزگىگە قامچى،
تارازۇ ھەق ۋە ناھەققە، دۇرۇس تەنقىد - گۆھەر ئەينەك.
ئومۇملۇقنى تۇتۇپ كۆزدە قەلەمدىن چاقنىدى چاقماق،
يۈرەككە نۇرنى چاچسۇن بولۇپ گويا قەمەر، ئەينەك.
ۋاراقلاپ كۆرگىنە قۇربان يۈرەكتىن چاقنىغان ئوتنى،
ئاچار كۆڭۈلنى بۇ سەنئەت - نەپاسەتلىك ھۈنەر ئەينەك.

## جان تەسەددۇق

(مۇخەممەس)

ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلىدىم، دىلدار كېلەر ئالدىمغا، دەپ،
مۇددىئايىمغا مۇۋاپىق جان قوشار جانىمغا، دەپ،
كۆپ ئۇزاق كۈتتۈم ۋاپادارىم يېتەر ھالىمغا، دەپ،
يولىغا سالدىم پايانداز كەلسە گۈلزارىمغا، دەپ،
تۇردىمۇ بەلكى كۈتۈپ كەلسۇن مېنىڭ يانىمغا، دەپ.

مەن قاچان بەردىم كۆڭۈل، دەردۇ بالاغا ئۇچرىدىم،
سەن كۆرۈپ كۆرمەسكە سالساڭ، تەنە قىلدى «دوستلىرىم»
بەختۇ ئىقبالىم شېخىدىن ئۇچتى بۇلبۇل - قۇشلىرىم،
ھەر كېچە دەھشەت ئىچىدە، ئۆتتى كۆرگەن چۈشلىرىم.
ئۆز - ئۆزۈمنى ئالدىدىم، يارىم كېلەر ئالدىمغا، دەپ.

سەن ئەمەسمۇ چىن مۇھەببەت كانىمىزنىڭ گۆھەرى،
گۆھىرى بولغاندىمۇ نۇرانىسى ھەم دىلبەرى،
تەڭ كېلەلمەيدۇ ساڭا، جەننەت قىزى — پەيكەر - پەرى،
ساڭا باغلانغاچقا رىشتەم ماڭدى ئىشلار ئىلگىرى،
مەن تىلەيمەن يەتسەم ئەردى ئارزۇ - ئارمانىمغا، دەپ.

بەرمىگەنسەن مەندىن ئۆزگە بىرسىگە زادى كۆڭۈل؟
تاشقا ئويغان خەتكە ئوخشاش سۆزلىرىڭ دىلغا قوبۇل،
ئاقىلۇ دانالىقىڭ، ئادىللىقىڭ ئالەمشۇمۇل،
دىلرەبالار ئالدىدا ئالىيجاناب سەن ئاق كۆڭۈل،
سەنمۇ كۈتتۈڭمۇ مېنى كەلگەي مېنىڭ يانىمغا، دەپ؟

ئەقلۇ ئىدراكتىن ئاداشتىم مەن بولۇپ مەجنۇن سۈپەت.
«سېنى سۆيدۈم...» — دېگىنىڭ، ۋەدەڭ تۇيۇلغاچقا غەلەت،
نېمىدەپ قىلمايدىكەنسەن رەھمى - شەپقەتنى پەقەت؟
مەن كۆرۈندۈممۇ ساڭا بۇ دەم غېرىب - سائىل تەلەت؟
كۆپ ئۇزاق كۈتتۈم ۋاپادارىم يېتەر ھالىمغا، دەپ.

ئايلىنىپ يۈردۈم كوچاڭدا مەن سېنىڭدىن ئەنسىرەپ،
ئاي كەبى پارلاق جامالىڭنى كۆرەي دەپ تەمتىرەپ،
ساڭا ئېيتقۇم بار ئىدى سىر تۇتقىنىمنى ئەركىلەپ،
بىر كۈلۈپ چىقساڭ قالاتتى بۇ يۈرەكلەر سەگىدەپ،
ئېتىقاد قىلدىم ئۆزۈڭگە جان قوشار جانىمغا، دەپ.

دادلىماسمەن - زارلىماسمەن ئىشىق ئوتۇڭ كۆيدۈرسىمۇ،
ھېچ ئىشەنمەيمەن رەقىب ئىغۋاسىنى كۆپتۈرسىمۇ،
نۇرىنى چاچقاي چوقۇم ئاينى بۇلۇتلار توسسىمۇ،
ۋەسلى جانانغا يېتەرمىز يول يىراقراق بولسىمۇ،
جان تەسەددۇق ئەيلە قۇربان ماھى تابانىمغا، دەپ!

ئوسمانجان ساۋۇت

## مەن ساڭا بەردىم بىر بىپايان دېڭىز...

1

ھەممىگە كەسىرسىز بۆلۈنگەن كۈلكەڭ،　　يوق بەلكىم جاھاندا بىردىنبىر ئۆلگەڭ،
نېمىدەپ مۇڭ تۆكسەم بولاركىن ساڭا؟　　ھەيرانمەن يەنىلا يەتمىدى ماڭا.

سەزگۈمنى باشلىدىڭ پىنھان ياقالارغا،
ئىلكىدە مىڭ ئىسرۇر بىر رەنا پەقەت.
ئادەملەر بۆلۈنگەن جۈپۈ - تاقالارغا،
جۈپلۈكىم ئىسپىيدۇر، تاقلىقىم مۇتلەق.

ئۆگەتتىڭ گۈللەرگە ئىسپار چېچىشنى،
ئۇپۇقمۇ سەن كەبى كەتتى يالتىراپ.
ئۆگەتتىڭ تاڭلارغا ئىشىك ئېچىشنى،
بولۇڭدا مەجنۇنتال كەتتى قالتىراپ.

ئىزدىڭنى سىنتاش دەپ ئۇپۇشتى يەللەر،
گۈزەللىك بەرھەقكى، يەللەرمۇ بەرھەق.
سېنى پىر دېيىشتى توققۇزى تەللەر.
(نېسىدىن ئۇلۇغدۇر بۇ پانىيدا نەق.)

قۇلۇپلۇق تىلىمغا تىل چىقتى راۋان،
رەڭگارەڭ سىرلارنى تۆكتى جاۋاھىر.
زۇمرەت تون ئىقلىمغا ئايلاندى ياۋان،
(ئەجەبمۇ سېھىرلىك ئىكەنسەن ياپىر!)

سېھىرگە سېخىيسەن، مېھىرگە بېخىل،
مېھىرسىز، سېھىر يەپچەكتىم كۆپ پىراق.
ئىزدىگەن يېرىمدىن بەندە بوپ، بېپىل،
تەڭرىگە ئايلىنىپ يېتىمگەن بىراق.

2

ياشاپمۇ تۇرىمەن، ئۆلۈپمۇ ھەمدە،
كۆكەرگەن بەرگىم بار، قارايغىنى ھەم.
بولىمەن تەڭرىمۇ، بولىمەن بەندە،
كېڭەيگەن يولۇم بار، تارايغىنى ھەم.

3

ئالۋۇنغا ئالدىنىپ قالىمەن چۆلدە،
قالغاندا لەۋلىرىم چاك ـ چاك يېرىلىپ.
گىياھتا تېپىنگەن بىر تامچە سۆلدە
كېتىمدۇ كۆڭلۈمگە تاغلار سىڭىلىپ.

ياغىدۇ بېشىمغا سۆزلەر يامغۇرى،
ھودۇقۇپ قالىمەن بولسىمۇ بىردەم.
لېكىن يوق ئۆسەكنىڭ قىلچە ماغدۇرى،
سايىلەر دەر ئۇنى شەرمەندە شەپەم.

ھەننىۋا گۇناھتىن ئۆتەرمىش خۇدا،
بولارمىش دىللارغا يەتمىسە ئازار.
مەن بۇگۈن رەنجىدىم نەچچە رەت ئۇدا،
بۇنى كىم قەيەردە، قانداقچە يازار؟

ۋەدىلىك تۇرغۇچقا بارالمىدىم مەن،
بەلكىمبا يارىمنىڭ تېشىلدى كۆزى.
ۋەسلىگە ئوت بولۇپ تارالمىدىم مەن،
بۇ دېمەك كەلگۈلۈك، ئاپەتنىڭ ئۆزى.

خېلى مول تەڭگەم بار دەملەردىن پۈتكەن،
جايىدا خەجلەيمەن، خەجلىمەيمەن ھەم.
جايىدا خەجلەنسە ئۆمۈر يوق يىتكەن،
ئەكسىچە ئۆلگىنىم، تاپقىنىم بەرھەم.

تەھلىكە سەزسە گەر بىر دىل، بىر ۋۇجۇد،
يوللاردا مېڭىشىم، ئۆمرۈم تۆپەيلى.
بۇ ئەجەل ئۆيۈمگە كەلگەن ئۇشتۇمتۇت،
قۇيۇپچىن قۇيۇلغان ئەسلى خۇي - پەيلى.

ئۆكۈتلەر ئالسامۇ يېقىش ھەققىدە،
ياقتۇرماس دىللارغا كەلمەيدۇ ياققۇم.
جىلۋىلەر يانسىمۇ ئوتتەك سەتھىدە،
ھەسەتلىك كۆزلەرگە كەلمەيدۇ باققۇم.

تەبىئەت باغرىدا باردۇر كۆپ ئاپەت،
يېرىلىپ كېتىدۇ ھەتتاكى زېمىن.
ئۇ ئادەم ئەجرىدىن يېڭىلاپ قامەت،
قايتىدىن ياگرىتار جاراڭلىق كېمىن!

دىللارنىڭ ئەمرىدىن يارالسا ئاپەت،
قايسىبىر مەلھەملەر ئەم بولار ئاڭا.
دىللاردىن دىللارغا چۈشكەن جاراھەت،
ئۆلۈمنى توغرىلاپ قويدۇڭمۇ ماڭا؟

3

قىرچىنتال ئوغلىدىن ئايرىلدى ئانا.
يۈرىكى دەريا بوپ ئاقتى كۆزىدىن.
ھېسابسىز ھەسرەتلەر ئېپكەلدى قازا،
ئايرىدى ئۆزىنى قىسمەت ئۆزىدىن.

ئۆكۈنۈش ئىلكىدە ئۆتىدۇ كۈنلەر،
ھەر كۈنى، ھەر دەمدە بىر ئارمان قىلىپ.
تەكىيدە سۇ تۇتۇپ ئۆتىدۇ تۈنلەر
چۈشلەرنىڭ شەرتىنى بىر پەرمان قىلىپ.

كەتكەنگە ئىشەنمەس ئانا ھېچقاچان،
ئىشقىلىپ كېلىدۇ دەيدۇ خىيالى.
ھەر ئىشنىڭ يولى بار ئىدىغۇ سۇبھان،
تولۇنمۇ بولمىغان تېخى ھىلالى.

مەخمەلدەك پەردە ئېپ چۈشكەندە ئاخشام
ئېچىلسا ئىشىكى غىچىلداپ قىيا؛
كەلدىمۇ ئوغلۇم دەپ سۆيۈنگەن بىر ئان
دىلىغا ئۆتىدۇ مىڭ مېھرىگىياھ.

ئۇ سىزغان رەسىمدە سۆزلەيدۇ ئورمان،
دەريالار كۆۋەجەپ، كۆللەر قاقاقلاپ.
ئانا دەر تولغان ئاي ئۆرلىگەن ئاسمان،
ئانا دەر يۇلتۇزلار تىنىماي چاراقلاپ.

كۆچىسىمۇ ئۇپۇقلار يوقلۇقتا تامان،
يوقالماس خاتىرە، ئۇ بىر كارامەت.
بەدەلسىز سۆيىدۇ ئانىلار ھامان،
ياشىسۇن روھىنكى تالماس پاراغەت.

4

بىر دوستۇم بار ئىدى ئون سەككىز ياشتا،
بىردىنلا بىرىگە قالدى ئۇ كۆيۈپ.
تۇرامدۇ ئەقىل يا مۇھەببەت باشتا،
بىلمىدىم، ياشىدى سۆيۈلمەي سۆيۈپ.

تۆزدى ئۇ «مازاق ۋە خورلاش» لىرىغا،
دېيىشتۇق ئۇمىد ئۈز، ئۇندىن نەرىڭ كەم.
چىدىدى سەۋدانىڭ مورلاشلىرىغا،
نېمىدىن پۈتكەنكىن ئۇندىكى چىدام.

سۆككىمىز مەشۇقنى كۆڭلى يانار دەپ،
(گۇناھلىق ئەتمىشنى كەچۈرگەي ئىگەم!)
ئۇ كۈلەر سۆيۈنۈپ قەلبىدىن ھەدەپ
ۋە دەيدۇ: يېشىلمەس چىگىلگەن چىگەم.

ئاسمانغا چىقىدۇ ئۇ بىر پەرىزات،
قانىتى تۆككەن پەر قېقنۇس ماڭا.
ئۇلۇغلا يارىڭنى ئايانماي ئەي زات،
يالىنى دۈشمەنلەر چاپلايدۇ ئاڭا.

كۆزىدىن ئاقسا ياش قىلىپ يار ئېسە،
مەرۋايىت دەيمەنۇ تېرىپ ئالىمەن.
يالقۇنىڭ تاڭلارغا ئوخشامدۇ دېسە،
شۇ ھامان يۈرەكنى يېرىپ ئالىمەن.

ئەقىدە ۋەسلىدە ھېساب يوق ھامان،
تېگىشىش ئەمەس ئۇ، ئەمەستۇر ئەبەد.
سۆيمىسە سۆيگەن يار بولسۇنچۇ ئامان،
بىزدىكى سېھرىي كۈچ شەرتسىز مۇھەببەت!

5

بىر يۇلتۇز جىمىرلاپ قالسا ناۋادا،
پارلىدى بىر چولپان دەيمىز زوقلىنىپ.
چاۋاكلار ساداسى ئۇچۇپ ھاۋادا،
قالىمىز ئاجايىپ قۇۋۇناپ، شوخلىنىپ.

چۇچۇلۇپ كۆڭۈلەكنى كۆلسە بىر غۇنچە،
شەرەپلەر بېرىمىز ئەسلى - نەسلىگە.
سۆيۈنۈش چاقنايدۇ گويا كى ئۇنچە،
سۆيگۈلەر چاچىمىز گۈللەر ۋەسلىگە.

ۋاللداپ قالىدۇ گاھى شىشە تاش،
كۈمۈشتەك نۇرلارغا باغرىنى يېقىپ.
يېنىشتىن كۆزلەردە يالتىرايدۇ ياش،
خۇشتارلىق سۇيىدە كېتىمىز ئېقىپ.

كۆكلەم كەپ بىر تۈندە، بىر دەقىقىدە،
ۋىللىدە بىخ يېرىپ قالىدۇ گىياھ.
(ئۇ بەلكى تەققاستۇر چىن ئەقىدىگە)
ۋە ياكى مۆجىزە، بىر مېھرىگىياھ.

ئۇلۇغلاپ كېتىمىز يانغان ئوتلارنى،
تەڭداش دەپ يۈرەكنى تەڭلەيمىز ئاڭا.
مەشەگە كەلگىچە ئالدۇق قۇتلارنى،
ساۋابلار يېزىلار ساڭا ۋە ماڭا.

كېلىدۇ جۇت، ئاپەت ۋە شۇندىن كېيىن،
ئىككىمىز ھەققىدە سۆز بولغان مەھەل.
زاماندىش ياشايمىز، تەن ئالماق قىيىن،
ئۆزئارا تەنلەردە يانسىمۇ مەشئەل.

ئىككىمىز يانىمىز، يانساق مۇبادا،
بايىقى يانغانلار قالىدۇ يىراق.
زاماندىش ياشايمىز ئۇشبۇ دۇنيادا،
ئۆزئارا پارلىدۇق دېمەستىن بىراق.

6

مەن ساڭا مۇھەببەت بەردىم كىيىك كۆز،
سەنمۇ ھەم مۇھەببەت بېرىشىڭ كېرەك.
بۇ ئەمەس مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان سۆز،
ئالەمنىڭ كارىدىن بېرىدۇ دېرەك.

مەن ساڭا بەردىم بىر نازۇك چىمەننى،
ھەرگۈلى بەرگىدە پارلايدۇ مەيلىم.
جەننەتتەك باغلارنى - دىلبەر لىۋەننى،
مۆھۈردەك باسىدۇ لىۋەن خۇي - پەيلىم.

مەن ساڭا بەردىم بىر ئېسىل كائىنات،
يۇلتۇزى يۇلتۇزدىن، كۈنى كۈندىن ئۈز.
مىڭ زەررە نۇرىڭدىن بىر زەررە ئۇزات،
ئۇمۇنسۇن ئۇدۇملار، ئادەتلەرنى بۇز.

مەن ساڭا بەردىم بىر بىپايان دېڭىز،
ھەر دولقۇن باغرىدا يانار بىر قۇياش.
پۈتۈمدا كەشىم يوق دەسسەتمە ئېگىز،
يېپىنى ئۈزمىسۇن كۆزلىرىمدە ياش.

مەن ساڭا بەردىم بىر ساماۋىي دۇنيا،
ھوش يەتمەس ھېكمەتلەر قىر-قىر ۋە پەۋەس
ئاردا شاھتۇرسەن سەن ماڭا گويا،
ئالەمدە ھۆكمى ئوق ئەمرى مۇقەددەس.

قەدرىڭگە ئاتالغان ئالەملەر كۆپتۇر،
قالسىمۇ ئۇلارنىڭ سىرتىدا جايىم.
نىگاھىڭ چۈشمىگەن گۈل - چېچەك چۆپتۇر،
كەلمىسەڭ كېلىدۇ قىيامەت قايىم.

مەن ساڭا مۇھەببەت بەردىم كىيىك كۆز،
سەنمۇ ھەم مۇھەببەت بېرىشىڭ كېرەك.
قەسەم بوپ يۆنەلگەن بىزدە ھەر بىر سۆز،
يا ئەجەل بېرىسەن ياكى بىر يۈرەك.

7

كۈندۈزگە كېچىنى بەرگەندەك ئىگەم،
مەن ساڭا جېنىمنى بەردىم ئامرىقىم.
ئالتۇندەك چورتانلار ئۈزگەن دېڭىزدا،
چىرىگەن لەشلەرنى ئىلدى قارىقىم.

تولۇن ئاي يۇزىگە بەرگەندەك داغنى،
مەن ساڭا كۆڭلۈمنى بەردىم جانانىم.
پارلىغان ئاپتاپلار مۆكۈندى نەگە؟
تېخىچە پىشمىدى غورا بانانىم.

قاراڭغۇ باغلارغا بەرگەندەك بوران،
مەن ساڭا سۆيگۈمنى بەردىم دىلدارىم.
چاڭقىغان لېۋىمنى باستى ئاق توزان،
زارلىدى، زارلىماي كەلگەن زىلتارىم.

چېچەكلەر پەسلىگە بەرگەندەك جۇدۇن،
مەن ساڭا بارىمنى بەردىم پەرىشتەم.
يېشىملەر تەگرىسى بەرمىسەدى يېشىم،
تۇگۇنگە قاپلاندى ئەشكەن سەررىشتەم.

ئاسمان ۋە زېمىن بوپ ياشاپ كېلىمىز،
سوئالىم جاۋابسىز غالىب سوكۇنات.
چوققىدا سەن يۇرسەڭ، ھاڭدا مەن يۇردۇم،
ئىنتىلىش، ئۇمىدتۇر شۇڭلاشقا ھايات.

8

ھېسابسىز بادامىلارغا يولۇققان ئىدىم،
سېنىڭ ئاشۇ تەكرارلانماس كۆزلىرىڭدە.
مانا ئەمدى زەھەر - زوقۇمنى تويغۇچە يېدىم،
سېنىڭ پەردەك يۇمشاق سۆزلىرىڭدە.
مەن ئۆلۈم بەرگەن نەرسىگە سەن ھايات بەردىڭ،
ئاپتاپ چاقناپ كەتتى ئاپتاپ يۈزلىرىڭدە.
كۆڭلۈم سۇندى قاراسلاپ، قايرىلدى رايىم،
شەپقەت يوقمۇ، ئېيتقىنا، ئەي ساھىبجامالىم،
ئۆيۈڭدە بولمىسىمۇ تالا - تۈزلىرىڭدە.
تەگدى يۈرەككە رەشكىنىڭ شىپاسىز ئوقى،
تېگىپ قوي ئۇنى تاۋاردا ئەمەس ماتا ياكى بۆزلىرىڭدە.
سۈرۈلۈپ تاپاندىن ھەلقۇمىمغا كەلدى بۇ جېنىم،
قايتۇرۇش ئۇنى جايىغا ھېچنەدە ئەمەس، كۆزلىرىڭدە.
تاش ئۈستىدە تاغدەك ئېغىر ئىبادەت قىلىپ،
خۇدالىق ئالدىم سۆزلىرىڭگە ئەمەس كۆزلىرىڭگە.

92 - يىل، ماي، ئۈرۈمچى.

ئابدۇللا سۇلايمان

## مۇھەببەتلىك ھايات، يېڭى كۈن ئۈچۈن

بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقىنىم بىر ئامەت،
تۇغۇلغاچقا ياشىماقنى ئىستىدىم.
ياشاش ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن دەپ يۈرۈپ،
ئىمكانلارنى قۇت بېرىشكە قىستىدىم.
باشقىلارنى قىستاپ، ئۆزۈم قىستىلىپ،
تاقالدىم ھاڭ گىرۋىكىگە قورقۇشتىن.
روھ - جېنىمنى ئەزرائىلغا تاپشۇرۇپ،
يوقالدىم گۈل ھايات، قايناق تۇرمۇشتىن.
تېنىم - پوستۇم ئىچرە يالغۇز كىتىرلاپ،
بولدۇم كۈندۈز كۈشەندىسى - ھوقۇشى.
ئاڭلىناتتى قۇلىقىمغا ئارانلا،
بىر ئۆزۈمنىڭ دۇرۇت - ئايەت ئوقۇشى.

بۇ ئادەتكە كۆنۈككەندە ئاخىرى،
يالغۇز ياشاش ئىستىكىدە تىرىلدىم.
يۇراپ - ھىدلاپ ئەتراپىمنى تەسلىكتە،
كۆكرىكىمنى تولدۇرۇپ تەك كېرىلدىم.
ئاپقانلىرىم تاپانغا تەگ سىڭگەندە،
ئۆزۈمنىڭلا بولدى ئاچچىق، تاتلىقىم.
يولاتمىدىم نە بىر جاننى يېنىمغا،
ئۆزۈمنىڭلا بولدى يىغا، شادلىقىم.
ئىككەلتىپ سۈكۈناتقا جېنىمنى،
ئەزرائىلغا بەردىم ئاستا سۇغۇرۇپ.
مەككارلارچە ياشىماققا تۇتۇندۇم،
تەن - پوستۇمنى يېڭىباشتىن يۇغۇرۇپ.

كىرىپ كەلدىم قايىنىمىغا ھاياتنىڭ،
ۋاقىت ئاتلىق تايىقىمىغا تايىنىپ.
قىلنى قىرىق ياردىم ساغرا سىلاتىماي،
شىكار قىلغان بىر يولۋاسقا ئايلىنىپ.
شالاقلىقىم قىلدى مەندىن جان تەلەپ،
تىرىك پېتى ئامەتلەرنى تاپشۇردۇم.
ۋۇجۇدۇمدا غەليان قىلدى ئېھتىياج،
پەرۋاسىزلىق ھېكمىتىنى ئاختۇردۇم.
پەرۋاسىزلىق ئەتتى بەخش روھ ماڭا،
قۇياش نېمە، پەسىل قانداق ئۇقمىدىم.
گويا ئاسمان يىقىلسىمۇ ئۈستۈمگە،
شېرىن چۈشلەر كۆرۈپ - قېنىپ ئۇخلىدىم.
زېمىن تەۋرەپ، كۈچلۈك ۋولقان - ماگمىلار،
ئاتتى مېنى بەك يىراققا ئىرغىتىپ.
ئۇتتۇۋېلىپ تەستە بىر توپ ئۈجمىنى،
ئېغىزلاندىم ئاستا - ئاستا ئىرغىتىپ.
تىرىلگىنىم ئىكەندۇق بۇ بىلسەم مەن،
قامىتىممۇ زور، ئاۋازىم بەھەيۋەت.
قانىلىرىمنى ياۋايىلىق قىزىتقان،
ۋۇجۇدۇمدىن تامغانلىرى بىر دەھشەت.
پوكزەك قىلىپ ئويناپ تالاي باشلارنى،
ئۈستىخاندىن ياسىدىم مەن ئېگىز تاغ.
كۆز ياشلارنىڭ كۆلچىكىگە چۆمۈلۈپ،
پەغىزىمگە قوندۇردۇم كۈن - تۈنى زاغ.
قان قۇسۇپلا تاڭ سەھەردە يىقىلدىم،
نەپرەت - قارغىش مېنى يەنە ئۆلتۈردى.

(شۇنچە كۈچلۈك ئەر ئالدىغا ئەزرائىل
ھېيىقماستىن كېلىپ تېخى ئۆلگۈزدى).
ھېسابلىدىم تۇغۇم، ئۆلۈم سانىنى،
ئارىلىقىدا يېتىپ بارلىق، يوقلۇقنىڭ.
ئەسلەپ كەچمىش، كەچۈرمىشنى بىر - بىرلەپ
دەڭسىدىم مەن ۋەزنىنى ئاچ، توقلۇقنىڭ.
شۇندا قۇلاق تۇۋىمدىلا ئاڭلاندى،
شىۋىرلىشى «ئادەم» بىلەن «ھاۋا» نىڭ.
ۋۇجۇدۇمغا بەردى بۇ خۇش پىچىرلاش،
ھۇزۇرىنى گويا يەڭگىل ناۋانىڭ.
قۇم تىقىلغان بۇلاق كۆزى كۆلگەندەك،
تومۇرۇمغا يىللىق سېزىم تارىدى.
چۈشۈپ يىڭنە تۆشۈكىدەك جايدىن نۇر،
بىرى ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى.
مەن تىرىلدىم (ئۆلگەن ئىدىم نەپرەتتىن)
تۇنجى بولۇپ كۆرگەنلىرىم گۈزەللىك.
بىر - بىرىدىن ئۆز ئادەملەر، ئۆز تۇپراق،
ھەممىدە بار ئارتۇقچىلىق، ئەۋزەللىك.
چۈشەنسەم بۇ مۇھەببەتكەن دىلدىكى،
شۇندىن بېرى سۆيگۈ بىلەن ياشىدىم.
يارالغۇچى ئادەملەرگە بېغىشلاپ،
مۇھىتىدا روھنىڭ مۇنار ياسىدىم.
ئەمدى مەڭگۈ كۆز يۇممايمەن - ئۆلمەيمەن،
مۇھەببەتلىك ھۈجەيرەمدىن تەن پۈتۈن.
تىرىلىشكە چاقىرىمەن ئۆلگەننى
مۇھەببەتلىك ھايات، يېڭى كۈن ئۈچۈن.

غۇپۇر رەخىم

# ھايات كۆرۈنۈشلىرى

### ئەكسىچە

ئالدىمايدۇ يەر - زېمىن سېنى،
تەر - ئەجرىڭگە بېرىدۇ جاۋاب.
بەزى ئادەم ئۇنىڭ ئەكسىچە،
ئالداپ سېنى قىلدۇ خاراب.

### غەلىتە مىجەز

تويدۇم كۈندە ياغقان يامغۇردىن،
دېدى بىرى توختىماي ۋايساپ.
يامغۇر توختاپ ئېچىلغاندا كۈن،
ئاپتاپنى ئۇ تىللىدى قاپساپ:

ئېمانچىلا قىزىيدىغاندۇ،
كەتتى ئالەم كۆيۈپ - قارىداپ.
دېدى: كۆكنى قاپلىسا بۇلۇت،
ھۇزۇر قىلىپ يۈرسەم سايىداپ.



ئابدۇللا ساۋۇت

# ئۇششۇق ماڭغان كېچە

(پوۋېست)*

ئادەمنىڭ روھىدىكى بوشلۇق — ئاچكۆزلۈكنى پەيدا قىلىدىغان ئامىلنى، ھېسسىيات‌تىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشنى بىزنىڭ ھازىرقى ئەخلاق مىزانلىرىمىز تولۇق، ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن شەرھلەپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، ھېسسىيات ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ، پائالىيىتىنىڭ يادروسى، ئۇ ھەممە نەرسىنى مۇرەككەپلەشتۈرىدۇ، بۇ مۇرەككەپلىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل مۆجىزە، ھايات ھەقىقەتەن چىن مەنىسى بىلەن شۇنداق، ئانىقىز ئۆز ئىختىيارىچە ياشاپ كەلگەن شۇ يىگىرمە يىللاردا مىرزائەخمەتنى پات-پات ئەسلىگەن بولسىمۇ، نېمە سەۋەبتىن ئۇنى ئىزدىمىگەنلىكىنى، سۈرۈشتۈرمىگەنلىكىنى ئويلاپ قاتتىق ئازابلاندى، مانا ھازىر ئۇ مىرزائەخمەتنىڭ كېلىشىنى، دۇكانغا كىرىشىنى ئارزۇ قىلىۋاتاتتى، «ئۇ قانداقلا بولمىسۇن، بازاردا پەيدا بوپتۇ، بۈگۈن ياكى ئەتە ئۇچرىشىپ قالىمەن»، ئانىقىز ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى، ئۆزىنى بەزلەيتتى، دۇكانغا كىرگەن خېرىدارلار ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆزگىرىشلەرگە ھەيران قالدى.

كوچىدا ئادەملەر كۆپەيدى، ئاشپەزلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرى، قىستاڭچىلىقتا پۇتلىشىشلار، سۈركىلىشلەر، بىر-بىرىنى قوپال سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەشلەر، ئۈنئالغۇلاردىن چىقىۋاتقان ناخشىلار، سودىدىكى تالىشىشلار بىرلىشىپ «شياڭگاڭ كوچىسى»دا قىقاس-چوقانلىق مەنزىرە پەيدا قىلدى، ئانىقىزنىڭ دۇكىنىمۇ خېرىدارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاۋاتلىشىپ كەتتى، ئانىقىز ئانچە قىزغىن، مۇلايىم بولمىسىمۇ ھەر ھالدا

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

ئەستايىدىل سودا قىلاتتى، پۇل ئالاتتى، مال بېرەتتى، ھاۋا دىمىقىپ، دۇكان ئىچى تولدۇردەك قىزىپ كەتتى، ئانىقىز شامالدۇرغۇچنى ماڭدۇردى. تەرلەپ كەتكەن بىكار تەلەپلەرمۇ بىردىن-ئىككىدىن كىرىپ سەگىكىلى تۇردى، بەزىلىرى ئانىقىزغا قاراپ كۆز قىساتتى، ھىجىياتتى، بەزىلىرى ئىككى بىسلىق، ئۇچ قىرلىق گەپلەرنى قىلىپ ئانىقىزنى كۈلۈشكە مەجبۇر قىلاتتى، ئانىقىزنىڭ مىجەزى باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭ خېرىدارلارنى، بولۇپمۇ، ياش خېرىدارلارنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ئېچىلىپ كېتىدىغان چىرايى بۈگۈن تۇمان باسقان ھاۋادەك تۇتۇلغانىدى، گۈزەل، خۇش خۇي چېھرى، قىزغىن، مۇلايىم مىجەزى، كۈلكە - چاقچاقلىرى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولغانىدى، ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاشقانسېرى ئىسسىققا چىداش مۇمكىن بولماي قالدى، كوچىدا بارا-بارا ئادەم ئازايدى، دۇكان، بوتكىلارنىڭ تەگدىن تولىسى تاقالدى، ئانىقىز ئۆيگە قايتىشنىمۇ، ئاشخانىدا تاماق يېيىشنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى. كاللىسى خىيال بىلەن بەنت، كۆزى ئىشىكتە ئىدى، ئوچۇق دېرىزىدىن كوچىدا ئۇيان-بۇيان كېتىۋاتقانلارنى كۆزىتەتتى، يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەيتتى، ئۇ ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ، تالغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ باياتىن بىرى سودا قىلغان پۇللارنى رەتلەپ ساناشقا باشلىدى.

— پارچە ھاراق بارمۇ؟

ئانىقىز چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى، تەشۋىشلىك كۆزلىرى پوكەي ئالدىدا تۇرغان، بۈندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئانىقىزنىڭ يۈرەك تارىغا مۇھەببەت زەخمىكىنى ئۇرۇپ كېيىن بازاردىن غايىب بولۇپ كەتكەن كىشىگە تىكىلدى، ئانىقىز گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر خىل گاڭگىراشلىق ئىلكىدە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— پارچە ھاراق بارمۇ؟

ئانىقىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر سېھىردىن كۈچىنىڭ بېسىمى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئەتىگەندىن بېرى كىمنى كۈتتى، كىمنى ئىزدىدى، ئەگەر ئۇ كەلسە كۆرۈشەي-گەپلىشەي دەپ ئويلىغانتىغۇ، ئەمدىلىكتە ئۇ كەلدى، ئانىقىز چۇ؟ تەمتىرىدى، ئۆزىگە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرغان كۆزلەرگە تىك قارىيالمىدى، ۋۇجۇدىنى تىترەتكەن ھاياجانلىق سېزىم ئۇنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى، مىڭ تەسلىكتە قەدىمىنى يۆتكەپ پوكەي ئاستىدىكى يەشىكتىن بىر بوتۇلكا «ئىلى داچۇي»نى ئېلىپ مىرزا ئەخمەتكە سۇندى.

— .......

— يۈز گىرام ئىچسەم بولدى، قالغىنىنىڭ كېرىكى يوق!

مىرزا ئەخمەتنىڭ ئاۋازى گويا گۈلدۈرمامىدەك قورقۇنچلۇق بىر ئاھاڭدا چىقتى، ئانىقىزنىڭ بوستان كىرپىكلىرى لىپپىدە جۈپلىشىپ، ئۆتمۈشنىڭ ئاچچىق، تاتلىق خاتىرىلىرى نەملەشتۈرگەن قارىچۇقلىرىنى بىرنەچچە سېكۇنتقا يوشۇردى، ئىنچىكە تىراپ ۋە ئىچكى دەردىنىڭ تەسىرىدىن ئوتتەك يانغان شەھلا كۆزلەردە كىشىگۈل سىرلىرىنى بايان قىلىدىغان ئاجايىپ نۇرانە ئۇچقۇنلار چاقناشقا باشلىدى، لېكىن تىل، قۇرغۇر تىل، سۆزلەش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بولۇپ، سۆڭەكتەك قېتىپ

قالغانىدى، ئانىقىزنىڭ جىسمى ئازاب ئىسكەنجىسىدە مىجىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ۋۇجۇدى ئاللىقانداق شېرىن، لەززەتلىك، ئاچچىق، غەيرىي سېزىملارنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى، ئەمما كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان ئىگىسىز كەپتەردەك ھەمىشە ئىنتىلىپ، تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان تىنىمسىز قەلبى تەقدىرنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن رازى بولۇپ ئالەمچە زور خۇشاللىققا چۆمگەنىدى، ئانىقىز ھاياجان، تىڭىرقاش، شادلىق، ئازاب ئارىلىشىپ كەتكەن چىگىش ھېسسىياتلار ئىچىدە بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، پىيالىنى يۇيۇپ ھاراق قۇيدى، مىرزائەخمەت ئانىقىزنىڭ تەكلىپىنى كۈتمەيلا پىيالىنى ئالدى-دە، بىرلا كۆتۈرۈشتە ھاراقنى ئىچىۋەتتى، كالپۇكلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى، ئانىقىز ئۇنىڭ پۇرلەشكەن، غۇژژىدە تەر تەپچىرەپ چىققان يۈزىگە يەر ئاستىدىن بېقىپ جىم تۇراتتى، مىرزائەخمەتنىڭ ئۆتمۈش توغرىسىدا، يىگىتلىك، قىزلىق، قىرانلىق چاغلار توغرىسىدا، مۇھەببەت، سۆيگۈ توغرىسىدا سۆز ئېچىشىنى، ھېلىقى ئاخشامدىكى «ئىككىمىز توي قىلامدۇق؟» دېگەن سۆزلىرىنى بۈگۈن قايتا تەكرارلاشنى تەمە قىلىپ، كۈتۈپ جىمجىت تۇراتتى، مىرزا ئەخمەت ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھېچقانداق زۇۋان سۈرمەيتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىلەردىن ئانىقىز بىرەر ياخشى سۆز تاپالماي قىينىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، بەلكى بۇ، ئانىقىزنىڭ قىياسى ولۇشى مۇمكىن. مىرزا ئەخمەت غەرەزسىز كۆزلىرىنى ئانىقىزغا تىكىپ تۇرۇپ انچۇقىدىن قاتلانغان پۇلنى ئېلىپ پوكەيگە پاققىدە تاشلىدى.

— ئالە، سوداڭ يۈرۈشۈپ كەتسۇن!

ئانىقىز ھاڭ-تاڭ قالدى، مىرزا ئەخمەتنىڭ دىۋانىگە سەدىقە بېرىۋاتقان ساخاۋەتچىگە ئوخشاش بىر تەرىزدە گەپ قىلىشى، قىلىقلىرى، مەسخىرىلىك ئاۋازى ئۇنىڭغا غەلىتە، قورقۇنچلۇق تۇيۇلۇپ ھودۇققىنىدىن تىترەپ كەتتى، ئۇ پۇلنى مىرزائەخمەت تەرەپكە ئىتتەردى.

— بىر پىيالە ھاراققا... مېنى ئۇنچىۋالا پەس كۆرمە، پۇلۇڭنى ئۆزۈڭ خەجلە.

— ئالسەن! — زەردە بىلەن ۋارقىرىدى مىرزا ئەخمەت.

— مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسەن، ئالمايمەن.

— سېنى زاڭلىق قىلغىلى بولامدۇ؟ سەن دېگەن بىر دۇكاننىڭ ئىگىسى، خوجايىن، قالتىس ئادەم تۇرساڭ.

— ئەمىسە...

ئانىقىز سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي تەلمۈرۈپ قارىدى، پۇل پوكەي ئۈستىدە بىر نەچچە قېتىم ئۇيان-بۇيان سۈرۈلدى، ھەر ئىككىيلەن ئوخشاشمىغان ھېسسىيات، زەنجىش، ئۆتۈنۈش، قېيداش بىلەن پۇلنى ئىتتىرىشەتتى، ئانىقىز ئاخىرىدا چىندالماي:

— يۈز گىرام ئىچىڭ، ئەمىسە، بىر يېرىملا بەر! — دېدى تېرىكىپ.

مىرزا ئەخمەتنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدە قان داغلىرى پەيدا بولۇپ، چىرايى دەھشەتلىك تۈس ئالدى، بويۇن تومۇرلىرى لۆممىدە كۆتۈرۈلدى، پۇلنى ئانىقىزنىڭ

قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۈستىدىن چىڭ قىسىۋالدى، ئاھ قوللار، ئانىقىزنىڭ بەدىنى گويا توك تەپكەندەك جىغىلداپ تىترىدى، كېيىن ئاستا-ئاستا ئوتقا چۈشكەن قويمېيدەك ئېرىشكە باشلىدى، بوشاشتى، ئۇ قولىنىڭ مەڭگۈ مۇشۇنداق قىسىپ تۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلدى.

— پۇلنى ئالسەن، بۇ پۇل ئەسلىدە سېنىڭ.

— ياق، سەندىن ئېلىشىم يوق.

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ ئاخشام ئېرىڭدىن ئۇتتۇۋالدىم، سەن ئېرىڭگە 350 يۈەن بەرگەنمۇ؟ ھە، ئۇنىڭ 300 يۈەنىنى مەن ئۇتتۇۋالدىم. كېچە كەلسەم دۇكىنىڭدا لىق ھاراقكەشلەر بار ئىكەن، كىرمىدىم. دۇكىنىڭ ئالدىدا ئۇخلاپ قاپتىمەن، ئالپۇلۇڭنى، تېخى ھاردۇقىڭنىڭ پۇلى نېسى قالدى، كېيىن پۇل تاپقاندا بېرىمەن.

مىرزا ئەخمەت دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ئانىقىز نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى، مىرزا ئەخمەت بايا مەھكەم سىققان قولىنى ھاياجان بىلەن سىلىغىنىچە پوكەيگە يۆلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئاشۇ سۈكۈت ئىچىدىكى قىياپىتى بەئەينى ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئېسىنى يوقاتقانلىقتىن ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى، يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ۋىژىلداپ ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ قولىدىكى پۇلغا قارىدى. «ھۇ... ئەقىلسىز مۇناپىق،— دېدى ئىچىدە مەخسۇتنى قارغاپ،— ھەر ئايدا خىراجەت ئۈچۈن پۇل ئالدۇ، قىمار ئوينايدۇ، غۇلجا تاماكىسى ئەكەلدۈرىمەن، پۇل بەرگىن دەيدۇ تېخى، خەپ! بوپتۇ، دادىسى گەپ قىلمىغاندىكىن مېنىڭ نېمە كارىم؟ ئارزۇلۇق ئوغۇل مەخسۇتتەك پەس، ۋىجدانسىز بولامدۇ؟ ھەممىمىزنى داد دېگۈزدى، بەس؟! ئەمدى يول قويمايمەن ئۇنىڭغا، ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا بىر تېتىتىپ قويمىسام، خەپ!» ئانىقىز دەرد-ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

ئانىقىز دۇكاندىن چىققاندا قۇياش ئاللىقاچان قارا بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇنغان، دىمىق-ئىسسىق پەسەيگەن بولۇپ نەم سالقىن ھاۋادىن يامغۇر شەپىسى كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۆيى چوڭ مەسچىتنىڭ كەينى تەرىپىدىكى مەھەللىدە ئىدى، چوڭقۇر يارلىق ئاستىدىكى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدىغان ئۆستەڭ بۇ مەھەللىنى ناھىيە بازىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى، ئانىقىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ يار بېغىرلىتىپ ياسالغان يانتۇ يول بىلەن ئۆيىگە كەلدى، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى، ئانىقىز ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ ئۆيلەرگە قاراپ چىقتى، مەخسۇتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئىز-نا يوق، ئانىقىز خاپا بولۇپ قېيىن ئانىسىنىڭ ھويلىسىغا كىردى، ئوغلى پەرھات ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلدى.

— ئانىكا، ئاۋۇ كەلگەندەكمۇ؟— ئانىقىز سۆزلەۋېتىپ ئوغلىنىڭ توپا بولۇپ كەتكەن يۈزىگە سۆيدى.

مەخسۇتنىڭ ئانىسى سۇپىدا ماشىنا بىلەن ئىش قىلىۋاتاتتى، ئۇ كېلىنىنىڭ ئۈمىدسىز ئۆچكەن چىرايىغا قارىدى:

— ياق، ۋىيەي... قىزىم بىر ئىش بولدىمۇ؟ نېمانداق...

— يوغىسۇ، — ئانىقىز ئوغلىنىڭ يىغلاپ، ئەگىشىپ ئىسىلىۋالغانلىقىغىمۇ قارىماستىن ئارقىسىغا ياندى.

شىمال ئۇپۇقىدا چاقماق چېقىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىدى، قويۇقلىشىۋاتقان قارا بۇلۇتلار بازار ئۇستىدىكى تۇمانلىق بوشلۇققا يىغىلىپ يامغۇر تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئانىقىز يامغۇر سۇلىرى شىرقىراپ ئېقىۋاتقان ئاسفالىت يولنى بويلاپ كونا بازارغا ماڭدى، ئۇ چىلىق-چىلىق ھالدا ئۆيگە كىردى، ئانىسى دالان ئۆيدە قازان بېشىدا تەمەسسىقلاپ يۈرەتتى.

— مەخسۇت كەلدىمۇ؟

— ياق قىزىم، — ئانا ئەنسىرەپ سورىدى، — بىر نېمە دېيىشىپ قالغانمىدىڭلار؟

ئانىقىز لەسسىدە بوشىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى بارغانسېرى سۇسلىشۇپ، ئىچ-ئىچىدىن يانغان قەھرى-غەزەپ ئۇنى ھالسىزلاندۇرۇۋاتاتتى.

— كېتەي، ئۇ بىرنېمىنى بۈگۈن تاپالمىسام كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشمەيدۇ، بېشىمغا بىر بالا بولدىغۇ ئۇ نېمە! — ئانىقىز ئورنىدىن تۇردى، كۆڭلىدە بولسا: «ھەممىسى شۇ دادامنىڭ كاساپىتى، دادام يامان ئىشنى ئۆزى بىلەنلا تۈگەتمەي مەخسۇتقىمۇ ئۆگەتتى، ئۇنى يولدىن چىقاردى، مانا ئەمدى ئۇ...ھەممىيلەننى قاقشىتىۋاتىدۇ» دەپ ئويلىدى.

«شياڭگاڭ كوچىسى» تاش-شېغىللىق بولغاچقا پاتقاق يوق ئىدى، يول چېتىدىكى ئېرىقتا يامغۇر سۈيى تاشقىنداپ ئېقىۋاتاتتى، ئانىقىز دۇكاننى ئىچىدىن تاقاپ پوكەي كەينىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ، خورسىنغان ھالدا خىيال سۈردى، ئۇنىڭ خىيالىدا ئىككى سايە، ئىككى گەۋدە، ئىككى ئوبراز...بۇلارنىڭ بىرى بارغانسېرى خۇنۇكلەشمەكتە، رېئاللىق ۋە غايىۋىلىكتىكى سىماسىنى يوقاتماقتا، يەنە بىرى بارغانسېرى روشەنلىشىپ، قەددى-قامىتىدىكى ئالامەتلەر، ھەر بىر بەلگىلەر ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنمەكتە، ھەتتا بۇ ئوبراز شۇنچە سۆيۈملۈك، قەدىرلىك، ئۇلۇغ تۇيۇلماقتا، بىراق ئالدىنقىسى ھەرقانچە خۇنۇك يىرگىنچلىك بولسىمۇ ئانىقىزنىڭ تۇرمۇش زېمىنىگە تەبىئىي يوسۇندا سىڭىپ كىرگەن، شۇ زېمىندا يىلتىز تارتقان، شاخلاپ مېۋە بەرگەن، كېيىنكىسى بولسا...ئانىقىز ئۇنىڭغا ئۆزىنى قانچىلىك يېقىن دەپ ھېسابلىسىمۇ، سەزگۈلىرى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىر تەن، بىر جان قىلىپ كۆرسەتسىمۇ بەرىبىر رەھىمسىز رېئاللىق ئىككى ئوتتۇرىغا مۇستەھكەم بىر توساق سالغاندى، ئانىقىز بۇنى چۈشىنەتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئامالسىز ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلاتتى، ئەمما كۆڭۈل دېگەن بىر ئۇچار قۇش. قۇشلارنىڭ ئالدىدا توساق، چېگرا مەۋجۇت ئەمەس. ئۇ ئۇچىدۇ، پەرۋاز قىلىدۇ، خارغاندا بولسا ئۇچرىغان ياكى كۆڭلى خالىغان چوققىغا، دەرەخكە قونىدۇ، ئانىقىز بۈگۈنلا ئەمەس، خېلى بۇرۇندىنلا ئۆز ھېسسىياتىدا بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى سېزىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ سەزگىنى — ئېتىراپ قىلىش ئىدى، قەلبىدە غۇۋا سايە قالدۇرغان بىر ئوبراز بۈگۈن

توساتتىن ھەقىقىي قىياپىتى بىلەن دۇكانغا، ياق، ئۇنىڭ قەلب سارىيىغا ئىجازەتسىز، لېكىن خۇددى شۇنداق بولۇشىنى كۈتكەندەك ئۇسۇپ كىردى، يەنە شۇنداق تېزلىكتە غايىب بولدى. ئانىقىز تاڭ سەھەردىن بۇيان ئويلىغانلىرىنى دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىدى، قىسقىسى دېيىشكە پېتىنالمىدى، ئاجىز كەلدى، كىشىلەر ئالدىدا، بولۇپمۇ يىگىتلەر ئالدىدا قورۇنمايدىغان، كۆڭلىدىكىنى ئوچۇق ئېيتىۋېرىدىغان، ھەر قانداق چاقچاق- لارغا دەل جايىدا جاۋاب بېرىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلايدىغان قورقماس مىجەزى، مەغرۇر قىياپىتى ئاشۇ تىرىك ئوبراز ئالدىدا ئۆز سالمىقىنى، كۈچىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىمۇ؟ جەلبكار، گۈزەل ھۆسنى بىلەن كۆڭۈللەرنى مەھلىيا قىلىپ، جانغا ئوت ياقىدىغان يېقىملىق نازلىرىچۇ؟

تەقدىر سىرلىق، قىسمەتلەر ئاجايىپ ئىكەن، ئۇ ئادەملەرنىڭ رايىغا باقمايدىكەن، ھېچكىم ئۆز ھاياتىنىڭ كەلگۈسىگە ئالدىن ھۆكۈم قىلالمايدۇ، ئانىقىز سىگارىتتىن بىرتالنى ئېلىپ تاتارغان، نەملەشكەن لېۋىگە قىستۇردى، لەۋلىرى ئارىسىدىن، بۇرۇن تۆشۈكلىـ رىدىن ئۈزۈلمەي پۇرقۇپ چىققان ئىس دۇكان ئىچىدە لەرزان ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇ بارلىق خاپىلىقلىرى، چەككەن تەشۋىش - ئازابلىرى، جىددىيلىكتىن پەيدا بولغان ھارغىنلىقى پۈتۈنلەي يوقىلىپ ئېغىر - بېسىق، سالماق ھالىتىگە قايتقاندەك بولدى، لېكىن مەخسۇتنى تېپىپ، ئەدىپىنى بېرىپ پۇخادىن چىقالمىغاچقا تاقەتسىزلىكى يەنىلا بېسىلماي تۇراتتى، مىرزائەخمەت بىلەن مەخسۇت توغرىسىدىكى پىكىر - خىياللىرى يەنە بىر قېتىم شېرىن ھەم ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئېسىگە سېلىپ يۈرىكىنى كۆيدۈردى. مىرزائەخمەتنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، ئانىقىزنىڭ قولىدىن چىققان پۇلنى ئۇتتۇۋېلىپ يەنە ئانىقىزغا قايتۇرۇپ بېرىشى — ئانىقىزنىڭ مەخسۇتقا تەككەن گۇناھى ئۈچۈن بېرىلگەن ئەڭ دەھشەتلىك جازادەك تۇيۇلاتتى...

— خېنىم، زاۋالدا ياتمىسىلا... تاماقمۇ پىشاي دەپ قالدى.

ئەيسا باينىڭ سىڭلىسى باغقا كىرىپ كېلىۋاتاتتى، ئانىقىز مۆگىدەك باسقان كۆزلىرىنى ئېچىپ بېشىنى كۆتۈردى، باغ قاراڭغۇلاشقانىدى. باياتىن بېرى ئالما، ئامۇت شاخلىرىدا چۇرۇقلىشىپ سايراۋاتقان قۇشقاچلارمۇ ئۇۋىلىرىنى تاپقان... ھەممە ياق جىمجىت، پەقەت ھويلىدىلا ۋاراڭ - چۇرۇڭ... ئانىقىز باغدىن چىقتى، ئەيسا باينىڭ ئېتىزىدا ئىشلىگەن مەدىكارلار تامىقىنى يەپ بولۇپ ۋېلىسىپىت، ئېشەك ھارۋىلىرىنى يېتىلىشىپ بىردىن - ئىككىدىن چىقىپ كېتىشىۋاتاتتى. شۇنداق ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، كۈزلۈك يىغىم - تېرىم پەيتىدە ئاقمەسچىتلىك دېھقانلار توپلىشىپ كېلىپ ئەيسا باينىڭ ئېتىزىدا ئەمگەك قىلىدۇ؛ بۇنداق خالىسانە ئەمگەككە ھەق بېرىلمەيدۇ، ئەلۋەتتە، پەقەت ئىككى ۋاق تاماق بېرىلىدۇ، بۇ ئىش ئادەتكە ئايلانغان، بەزىلەر بۇ ھەقتە ئەرز قىلغان بولسىمۇ ئەرزنى ھېچكىم سورىمىدى، ئەيسا باي ھەقلىق، چۈنكى ئۇنىڭ گېپى ھەممە يەردە ئۆتىدۇ، يۈزى بار، پۇلى بار، ئانىقىز توي قىلىپ كەلگەندىن بۇيان ھەركۈنى دېگۈدەك چۈشتە، كەچتە تاماق يەۋاتقان توپ - توپ دېھقانلارنى كۆردى.

— ئۇ ئۆينى نېمە قىلماقچى؟

ئانىقىز دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى خام كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستى بادرا بىلەن يېپىلغان بىر ئېغىزلىق ئۆينى تازىلاۋاتقان مەدىكارلارنى كۆرۈپ ئەيسا باينىڭ سىڭلىسىدىن سورىدى.

— ھېلىقى يېڭى كەلگەن شوپۇرغا ياتاق قىلىپ بەرگىدەك.

ئانىقىز ئىندىمەستىن دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى، مەدىكارلار ئىشىك ئالدىدىكى كارىۋاتنى ھېلىقى ئۆيگە ئەكىردى. بىرى چىقىپ كېتىپ كىر، كونا يوتقان - كۆرپە، سامان تەكىي كۆتۈرۈپ كىردى، ئانىقىز تېخى چىراغ يېقىلمىغان قاراڭغۇ ئۆيگە قاراپ تۇراتتى، «مىرزائەخمەت... مۇشۇ ئائىلىنىڭ شوپۇرى ئاھ... مەن كەتمەكچى ئىدىم، تۇۋا، ئىزدىگەن ئادىمىم ئۆزى ئالدىمغا كەلدى، ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى بىلگەندەك باي دەل شۇنى تېپىپ كەلدى، مىرزائەخمەت مېنى دەپ ئەمەس، بەلكى جان بېقىش ئۈچۈن ياللاندى، ئۇنىڭغا پۇل بەرسىلا كەتمەي ئىشلەۋېرىدۇ، مەنچۇ؟ ئۇنىڭ سايىسىدە قاراپ بۇ دوزاختا ئازاب تارتىپ يۈرۈۋېرەمدۇ؟ ياق...

— خېنىم، ئاشلىرىنى يەۋالسىلا.

ئانىقىز چۆچۈپ كەينىگە ياندى، «بۇ خوتۇن بىر نېمىنى سېزىپ قالدىمۇ نېمە؟»

ئانىقىز بىز بېسىپ ئىككى مېھمانخانىسىغا كىردى، بىر تەخسە لەڭمەننىڭ يېرىمىنى ئاران يېيەلىدى، مېھمانخانا ئاپئاق يورۇپ تۇراتتى، شۇ تاپتا ئانىقىز چۆچەكلەردىكى سەلتەنەتلىك خان - پادىشاھلارنىڭ سۆيۈملۈك، گۈزەل خانىشىغا ئوخشايتتى، مىللىي ۋە زامانىۋى ھۈنەر - تېخنىكىنىڭ بىرلىشىشىدىن پۈتكەن مېھمانخانا، قىممەتباھا جاھازلار بىلەن بېزىلىپ ئوتقاشتەك يالتىراپ تۇرغان خىلۋەت، تېپتىنچ ماكان، پۈتۈن قورۇدىكى مال - مۈلۈك... ھەممىسى ئانىقىزنىڭ ئىلكىدە، پۇل بار ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىمۇ يانچۇقىدا، يەنە نېمە كەم؟ «نېمە لازىم؟ كەم نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى، نېمە لازىم ئىكەنلىكىنى ئانىقىز ئويلايدۇ، بىلىدۇ، ئۇ يەنە ماڭسا - تۇرسا، ئولتۇرسا - قوپسا (شياڭگاڭ كوچىسى) دىكى تۇرمۇشى، ھاياتى بىلەن ئەيسا باينىڭ قورۇسىغا كەلگەندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى، ھاياتىنى سېلىشتۇراتتى، ئۇ چاغلارمۇ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئىدى، ھەر ھالدا... ئەركىنرەك ياشايتتى، ھېچ بولمىغاندا ئاز - تولا جاپا چېكىپ ئىشلەپ پۇل تاپاتتى، بۇ يەردە ئۇ كېلىن سۈپىتىدە، ياق، خوجايىن سۈپىتىدە تۇرۇپ بەرسىلا بولدى، ئەيسا بايمۇ ئىشلىمەيدۇ، خەقنى ئىشلىتىدۇ. كۆپ ئىگىلىۋالغان مال - مۈلۈك، يەر - زېمىنىنىڭ، ھارام دۇنيانىڭ ھوزۇرىنى كۆرىدۇ، پۇتى يوق، قولى يوق، كور بەختنىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ» ئانىقىز قاتمۇقات، ئەندىشىلىك خىياللار ئىچىدە ئۆزۈپ يەنە مىرزائەخمەتنى ئويلاپ قالدى. «ئۇنىڭ بىلەنمۇ سۆزلىشىش كېرەك، بىر قارارغا كەلمەي بولمايدۇ، بايلىققا بولغان ھەۋەس مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، ئاھ... مەن زادى نېمە بولغان ئادەم؟ نېمە گۇناھ قىلدىم؟» ئويلىغانسېرى ئانىقىزنىڭ قەلبىنى ھەسرەت - نادامەت قامچىسى ساۋاپ تىلىم - تىلىم قىلاتتى، ئۇ ھويلىغا چىقتى، چوڭ ئايۋاندا بالىلار، بىرنەچچە مەدىكار تېلېۋىزور كۆرمەكتە، شۇنداق، ھايات بىر

زەنجىرگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىر ئۇچى ۋاقىتقا چەمبەرچەس باغلانغان، بىراق ۋاقىت ھېچكىمنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنمايدۇ، ئۆز قانۇنى، ئۆز رېتىمى ـ قەدىمى بويىچە مېڭىۋېرىدۇ، ھاياتچۇ، ئۇمۇ شۇنداق، لېكىن ئۇنى قايسى يولغا سېلىش ئىنسانلارنىڭ ئەقىل، ئىستىداتىغا باغلىق، ئىنسانلار ھاياتنى قايسى يوسۇندا قارشى ئالسا، ھاياتمۇ ئىنسانلارغا شۇ يوسۇندا مۇئامىلە قىلىدۇ، ئىنسانلار ئۇنى قانداق ئۆتكۈزسە، ئۇمۇ شۇنداق ئۆتىدۇ، ھايات زەنجىرىنىڭ يەنە بىر ئۇچى ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە، تاللىشىغا باغلانغان...

ئانىقىز كېچىچە ئىترەپ چىقتى، ئىككى كۈن باش كۆتۈرمەي ياتتى، ئۈچىنچى كۈنى ئۇ ئەلەك ـ سەلەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، بۇرنىدىن سۇ، كۆزىدىن ياش قۇيۇلاتتى، يۆتىلەتتى، كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ ـ شەلۋەرەپ، ئىششىغانىدى.

تۈن نىسپىدە ماشىنا قاتتىق سىگنال بەردى، ئەيسا باي كەلگەنىدى، دەرۋازا ئېچىلدى، ھويلىدا پاتىپاراقچىلىق باشلاندى، مەدىكارلار ماشىنىدىن قويلارنى چۈشۈرۈپ قوتان تەرەپكە ھەيدەپ مېڭىشتى.

— خېنىم بارمۇ؟ — ئەيسا باي سىڭلىسىدىن سورىدى.

— بار، مىجەزى يوق.

ئانىقىز يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ سىرتقا قۇلاق سېلىپ ياتاتتى، مىرزائەخمەتنىڭ ئاۋازى تۇگۇل شەپىسىمۇ يوق، ئۇنىڭ قەدەم تىۋىشى، ئاۋازى بىرەر ئېغىز گېپى ئاڭلانسا كاشكى...

— ھاي... ئۇستا قېنى سەن؟ — ئەيسا باينىڭ ئاۋازىدا توساتتىن جىددىيلەشكەنلىك ئالامىتى بىلىنىپ تۇراتتى، — ماڭا قارا، ياتىقىڭمۇ تەييار بوپتۇ، ئاۋۋال گېلىڭغا بىر نىمە يە، ياق دەمسىنا، مەيلىڭ ئەمىسە، قارا بىزنىڭ ئانىقىز خېنىم ئاغرىپ قاپتۇ، سەگەك يات، مۇبادا... ھايت دەيمەن.

ئانىقىزنىڭ قىزىتمىسى بىراقلا ئۆرلەپ پۈتكۈل بەدىنى تونۇرغا تاشلانغاندەك كۆيۈپ ئۆرتىنىشكە باشلىدى، بېشى تېخىمۇ چىڭقىلىپ ـ زىڭىلداپ كەتتى، شۇ پەيتتە ئەيسا باي كىرىپ چىراغنى ياندۇردى، تورۇستىكى شاخسىمان چىراغنىڭ ئالتۇن نۇرى مېھمانخانىدىكى ئېسىل جاھازلارنىڭ ھەيۋىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تۇراتتى، جىمجىتلىق، سۈكۈت ئىچىدە ھەممە نەرسە زېرىكىشلىك ھەم سۇرلۇك كۆرۈنەتتى، ئەيسا باينىڭ توپا باسقان، ھارغىن چىرايى چىراغ نۇرىدا تېخىمۇ بەدبەشىرە، يىرگىنچلىك بىر تۈسكە كىردى، ئانىقىز كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ئۇخلاۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئېرىنىڭ ھەرىكىتىگە زەن سالماقتا ئىدى. يۈرىكى ئىترەيتتى، ۋۇجۇدى مۇزلايتتى، بەدەنلىرى تىكەن ئۈستىدە ياتقاندەك ئاغرىپ قىينىلاتتى، ئەيسا باي مەينەت، كىر كىيىملىرىنى سېلىپ دىۋانغا تاشلىدى، ئۇنىڭ يوغان باسقان مەيدىلىرى، ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان سېمىز قورسىقى، كېلەڭسىز ئېغىر گەۋدىسى ئەپسانىلەردىكى قورقۇنچلۇق دىۋىنى ئەسلىتەتتى، ئانىقىز ئازاب بىلەن تولغاندى، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ تۇرغان خورلۇق سەزگۈسى مۇدھىش، ئەمما قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىپ، ئانىقىزنى

بوش، لېكىن پەريادلىق ئاۋازدا ئىڭرىتىۋەتتى. ئەيسا باي مايكىسى بىلەن كۆسە-
رىنىلا سالمىغانىدى، ئۇ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرغاندا ئانىقىزغا پۈتۈن يەر شا-
رى تىترەپ - تەۋرەۋاتقاندەك بىلىندى، يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ، نەپەسى قىسىلدى،
ئۇنىڭ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەيسا باينىڭ ئاچكۆزلەرچە تەلپۈنۈشى، هايا-
جىنى پەسەيدى، قوشۇمىسى غۇژژىدە تۈرۈلۈپ شۇئان ئەسلىگە كەلدى، ئېغىر گەۋدىسىنى
ئىغاڭلىتىپ پۇشۇلداپ ئورنىدىن تۇردى، كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ ئۇزۇن دىۋانغا
قىڭغايدى، هايال ئۆتمەي كاللىدەك پۇشۇلداپ خورەك تارتىشقا باشلىدى، ئانىقىز شۇ
چاغدىلا يېنىك تىن ئالدى، يۈرىكى جايىغا چۈشتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بۇرنىغا تەر،
كىر كىيىمدىكى بېنزىن پۇرىقى يەنە ئاللىقانداقتۇر بىرخىل بەدبۇي پۇراق كىرىپ كۆڭ-
لىنى ئايىنىتىشقا باشلىدى، شۇنداق بەدبۇي، سېسىق بىر مەخلۇقنىڭ قوينىدا يېتىش
نېمىدېگەن ئازاب - هە؟ بۇنىڭدىن مىرزائەخمەتنىڭ ساي چېكىسىدىكى غېرىبانە، ئىس-
لىق كەپىسى مىڭ هەسسە ياخشى ئەمەسمۇ؟... ئانىقىز شۇ خىياللاردىن كېيىن مىرزا
ئەخمەت بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى كۆكۈللۈك، كۆڭۈلسىز مىنۇتلارنى
ئەسلىدى...

سېنتەبىر ئېيى ئاخىرلىشىۋاتاتتى، قۇياشنىڭ هارارىتى پەسىيىپ، هاۋا سالقىنلىدى، سە-
هەرنىڭ سوغۇق شامىلى دولىنى قورۇيتتى، مۆتىدىل هاۋا ئالتۇن تەبىئەتنى تېخىمۇ گۈزەللەش-
تۈرۈۋەتكەنىدى، ئانىقىزنىڭ هاياتى بىر قېلىپتا ئۆتۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلى
هامان يېرىم ئىدى، ئۇنىڭ تىنچ هاياتى هېلىقى چاغدا مىرزائەخمەت دۇكانغا كىرىپ
100 گرام هاراق ئىچىپ، 300 يۈەن پۇلنى بېرىپ چىقىپ كەتكەندىن بۇيان گويا يەل-
كەنى بۇزۇلغان كېمە دېڭىز بورىنىدا هەر يانغا سۈرۈلۈپ، ئادىشىپ يۈرگەندەك بىر
هالەتكە كۆچكەنىدى، بارلىق دەردىنى، هەسرىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاشقا، سودىسىنى
ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى، ئۇ پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ئۆزىگە بىر
ئازمۇ بولسا تەسەللى تاپالايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى، دۇكاندا خېرىدارلار سېيلىكىپ قال-
غاندا ئۇنى يەنە تۈرلۈك چىگىش خىياللار ئەسىر قىلىۋالاتتى، مىرزائەخمەتنى ئەسلىگەن-
سېرى مەخسۇتتىن رايى ياناتتى، كۆڭلى سوۋۇيتتى، مىرزائەخمەت يۈزى ئاققا مايىل قىزغۇچ،
قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى بىرجۈپ قوي كۆزى هەمىشە ئويناق، لېكىن هەسرەت بىلەن ئۈ-
مىد تۇيغۇسى ئارىلاش بىر ئىپادە چاقناپ تۇرىدىغان، قاۋۇل يىگىت ئىدى. بۇرنى ئاستىدىكى
قاپقارا، يۇمران بۇرۇتى يىگىتلىك قامىتىگە ئۆزگىچە سالاپەت بېغىشلايتتى، بىراق پاخپايغان
چاچلىرىنى بېسىپ تۇرغان كونا شەپكە، ياماق سېلىنغان كونا كىيىم، يىرتىق ئاياغنىڭ ئاراش-
لىرىدىن كۆرۈنۈپ قالغان پۇت - بارماقلىرى، توپا، لاي... ئۇنىڭدىكى هەممە سۈبات ۋە گۈ-
زەللىكنى يوقىتىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭدىكى بىردىنبىر بەختسىزلىك — يوقسۇزلۇق،
كەمبەغەللىك، موهتاجلىق ئىدى، شۇنداقلىقىغا قارىماي ئۇ يەنىلا قىمار ئوينايتتى، بۇ قى-
لىقى مەخسۇتقىلا ئوخشايتتى، ئانىقىز ئۇنى هەرقاچان مەخسۇت بىلەن سېلىشتۇراتتى،
مىرزائەخمەت نېمىلا دېگەنبىلەن 8 — 10 يىل ئوقۇغان، مەكتەپ تەربىيىسى كۆر-
گەن، ئەقلى بار يىگىت ئىدى، يول كۆرسىتىدىغان، ياردەم بېرىدىغان، قوللايدىغان

ئادەم بولسا چوقۇم ئۇ بىرەر توغرا ئىشنى تۇتۇپ، ئاز كۈندە ئۆزىنى ئوڭشىيالايتتى. مەخسۇت بولسا تەييارتاپ، ھورۇن، بارنى بۇزۇپ - چاچىدىغان، يوقنى ئىزدىمەيدىغان لەقۋا ئىدى.

خىياللار خىياللارغا ئوخشايتتى، ئوي - پىكىرلەر چوڭقۇرلىشىپ قايغۇ - ھەسرەتلەرنى كۆپەيتتى، ئانىقىز مىرزائەخمەتتىن 300 يۈەن پۇلنى ئالغاندىن باشلاپ بىر نەچچە كۈنگىچە مەخسۇتنى ئىزدىدى، كېيىن ئۇنى تاپتى، ئۇرۇشتى، جېدەل قىلدى، مەخسۇت تەستەك يېگەن يۈزىنى سىلاپ لام - جىم دېمەي تۇرۇۋالدى، ئاخىرى ئانىقىز ئۆزى ھېرىپ، زېرىكىپ دۇكانغا كېتىپ قالدى.

بىر كۈنى ئانىقىز كۆگۈم چۈشۈشى بىلەن تەك دۇكاننى تاقاپ ئۆيگە ماڭدى، ھاۋا دىمىق، شامالمۇ يوق، ئەمدىلا چىمىرلاشقا باشلىغان شالاڭ يۇلتۇزلار كۆل رەڭ تون پەردىسى ئىچىدە بىر كۆرۈنۈپ بىر كۆرۈنمەيتتى. ئانىقىز بۈگۈن كەچ كىر يۇيماقچى ئىدى، ئۇ سوپۇن سېلىنغان پوپكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيى ئالدىغا كەلدى، ئىشىكتە قۇلۇپ يوق، دەرۋازا ھەم يېپىقلىق ئىدى، ئىتتىرىۋىدى، ئىچىدىن زەنجىرلەنگەنلىكى مەلۇم بولدى، ئانىقىز ئىشىكنى ئۇرۇۋىدى مەخسۇت چىقىپ ئاچتى ۋە ئانىقىزنى كۆرۈپ ھىجايدى. ئايۋانغا مەخسۇت ئالدىدا، ئانىقىز كەينىدە كىرىپ كېلىشتى، مېھمانخانا ئۆيدە بىر نەچچە ئەر كىشىنىڭ گۇدۇڭشىغان، نېمىندۇر تالاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەخسۇت ئىتتىك كىرىپ ئىشىكنى يېپىۋالدى، ئانىقىز سەگەكلىشىپ ئىشىككە يېقىن بېرىپ قۇلاق سالدى.

— چۈ چۈشتى!

— ھە، مانا سىيا!

ئانىقىزنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، «ھۇ پەسەندە، مۇناپىق، يەنە ھوشۇق ئاتقىلى تۇرۇشۇپتىغۇ!» ئانىقىزنىڭ ۋۇجۇدى كەچكۈز شامىلىدا لەيلەپ يۈرگەن خازاندەك تىترىدى، غەزىپى كۈچلۈك يالقۇنغا ئايلاندى، كۆزلىرى قانغا تولدى، ئۇ ئىشىكنى جالاقىدە ئېچىپ ئۆيگە ئېتىلىپ كىردى، تاۋكادىكىلەر دىڭگىندە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى ۋە ئانىقىزغا چەكچىيىپ قاراپ قېلىشتى، ئانىقىزنىڭ ئەلپازى بۇزۇلغان شۇ تۇرقىدا ئۇ مەخسۇتنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، تامغا ئۇستۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتمەكچى، ئاغزىغا ئۇرۇپ چىشلىرىنى تۆكۈۋەتمەكچى، بۇرنىنى ماكچايتىۋەتمەكچى ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل، شەھلا كۆزلىرى غەزەپتىن يېنىپ قورقۇنچلۇق تۈس ئالغان بولۇپ، چىشلىرى توختاۋسىز غۇچۇرلايتتى، ئۇ مەخسۇتنىڭ ئالدىغا گويا ئۇنى ئېزىقىغا ئېلىپ چايناپ - پۇركۈۋېتىدىغاندەك بىر ئەلپازدا دېۋەيلەپ كېلىۋېتىپ ئۆرە تۇرغانلار ئارىسىدا مىرزائەخمەتنى كۆرۈپ قالدى. شۇ ھامان يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ، قاقاقان قوزۇقتەك جىم تۇرۇپ قالدى.

— بولدى چىقىپ ئىشىكنى قىل، — دېدى مەخسۇت ئېسىنى يىغىپ، — بولسا... ئوبدان بىر غىزا ئېتىپ بىزنى مېھمان قىل.

ئانىقىزدىن سادا چىقمىدى، مەخسۇت چالا كەيىپ ئىدى، قىزارغان كۆزلىرىنى

چىمچىقلاتقىنىچە ھىجىيىپ تۇراتتى، ئانىقىز بوشاشقان قەدىمىنى سەل بۇراپ مىرزا ئەخـمەتكە قىيا باقتى، مىرزائەخمـەت قولىدىكى ھوشۇقنى دەم ئۇ قولىـغا دەم بۇ قولىـغا ئېلىپ يەرگە قاراپ تۇراتتى، ئانىقىز چىقىپ كەتتى، ئايۋان سۇپىسـىدا ئولتـۇرۇپ كۆڭلىگە ھەرخىل خىياللارنى كەلتۈردى، ئۇ ساقچىغا خەۋەر قىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى ـ دە، يەنە ئارىسالدى بولۇپ قالدى. تـوختا، مىرزائەخمەتـچـۇ؟ ئۇنىمۇ تۇتۇپ بېرىش كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلسام بولماس، يامانلىق مەنـدىن كەلسە ـ ھـە؟ ئانىقىز تەڭلىكتە قالغانـىدى، ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە تۇمانلىق ئاسـمانغا قاراپ خىيال سۈردى، يۈرىكى تىنىمسىز دۈپۈلدەيتتى، ئېغىر ھەسرەت قەلبـىنى ئازابلايتتى، كۆڭلى ئاشۇ تۇمانلىق ئاسماندەك يېقىمسىز سېزىملارغا تولغانىدى، ئۇنىڭ كىر ـ قات يۇيۇشقا قولى بارمىدى، توغـرا، ئۇلارنىڭ قىمارى تۈگىسۇن، ھەممىسى كەتـكەندىن كېيىن مەخسۇت بىلەن سۆزلىشىش كېرەك، ئەدىپىنى بېرىش كېرەك. ئانىـقىـز ئايۋانغا كىردى، سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە قىمارنىڭ تۈگىشىـنى كۈتـتى، ھويلا، ئايۋان گۆرۈستان جىملىقىغا چۆكتى، مېھمانخانا ئۆيـدە شام يورۇقىـدا قىـمار قىزىماقتا ئىدى.

ئۇلار بەش كىشى ئىدى. بۈگۈن ئامەت مىرزائەخمەتكە يېپىشقانـىدى.

ــ بۇدا بىر ئاتقىنا.

ــ ئات دېگەنىدىكىن ئېتىپ باقمامسەن؟

باشقىلارمۇ مىرزائەخمەتـكە مەدەت بېرىپ ۋارقىرىشاتتى، مىرزائەخمـەت چېچىلـىپ تۇرغان ھوشۇقلارنى يىغىۋېلىپ بىر سىكۇنتچە جىم تۇردى ـ دە «يا پىرىـمىـز جەمشىـد ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن!» دەپلا تۆت ھوشۇقنى ئاتتى، شۇ ھامان چۇقان كۆتۈرۈلدى.

ــپوزا چۈشتى!

ــ تۆزۈك قارا، ئالچۇ چۈشتى!

ــ توغرا!...

مەخسۇت ئىچكى ئۆرتىنىش، چىدىماسلىق تۇيغۇسى ئىچىدە ھوشۇقلارغا قارىدى، ھوشۇقلارنىڭ ئىككىسى ئوڭدا، ئىككىسى دۈم چۈشكەنىدى، مىرزائەخمـەت ھەيۋە، پـوپۇزا ئىپادىلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىنى مەخسۇتقا تىكتى.

ــ سانجۇ! ــ مىرزائەخمـەتنىڭ قوپال ئاۋازى مەخسۇتنىڭ دىمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى، ــ بىر نېمە دېمەمسەن، ئادىشوي، نەق پۇل يوق دەمسەن، گـەدىنىڭـدە 260 كوي بولۇپ قالدى، دېگىنە، نېمە بار ھېسابلاپ بېرىدىغان؟

ــ ئىككى قويۇم بار، شۇنى ئال، قاسساپقا ساتساڭ 300 يۈەندىن كەم ئالمايدۇ. يوغان قويلار.

ــ مەيلى، ئالاي...

ــ بىزگىچۇ؟

ــ ماڭىچۇ؟ ماڭا نېمەڭنى بېرىسەن؟

تۆتەيلەن تەڭ «نېمىنى ئالساق بولىدىكەن» دېگەندەك ئۆينىڭ تۆت تەرىپـىگـە

قاراشقا باشلىدى، دەل شۇ چاغدا ئانىقىز كىرىپ كەلدى.

— ھەي... مۇناپىق، زەيپانى! قويدا سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار؟ ئۇ قوينى ئانام بەرگەن، شۇنىڭغا كۆزۈڭ چۈشتىمۇ؟ ئۇتتۇرساڭ ئۆزۈڭنىڭ بىر نېمىسىنى ئۇتتۇر، پۇلۇڭ بولمىسا... ئۆزۈڭنى تىك!، ئۆزۈڭنى ئۇتتۇرۇۋەت! شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆزۈمدىنمۇ يوقىلارسەن تايىنلىق، ھۇ لامزەللە، مۇناپىق!

مەخسۇتنىڭ كۆزلىرىنىڭ جىيىكى كېڭىيىپ، ئېقى سارغايدى، قارىچۇقلىرى خۇنۇكلەشتى، پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى.

— ئۆزۈڭنى تىك دېدىڭمۇ خوتۇن، ياق، قوينى بېرىشكە چىدىمىساڭ بولدى، سېنى تىكتىم! ئاتە مىرزائەخمەت، ئوغۇل بالىچىلىق، بىر ئاتقىنا!

ئانىقىز لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، مۇشتى تۈگۈلۈپ، قوللىرى تۆمۈردەك قاتتى، بىراق مىرزائەخمەت، ھوشۇق، ئۆتمۈش، مۇھەببەت، پۇشايمان، ئۇتتۇرۇش، خوتۇننى دوغا تىكىش، ئاخىرقى نەتىجە... ئانىقىز ئۆزىنى بېسىۋالدى، مىرزائەخمەت تۆت ھوشۇقنى چاڭگىلىدا قىسىپ-شىرىقلىتىپ ئولتۇرۇپ ئانىقىزغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلدى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى، ئۇ يەر تېگىدىن ئانىقىزغا قارىدى.

— ئاتە!

— ئاتقىنا ئاداش!

— نېمىدىن قورقىسەن، ئۇتتۇرۇۋەتسەڭ مەخسۇتقا بىر قىز تېپىپ بەرسەڭ بولمىدىمۇ؟ يا بولمىسا...

مىرزائەخمەت سۆزلىگۈچىگە گۆلەيدى، ئۆي ئىچى جىمىپ كەتتى، مىرزائەخمەت ھوشۇقلارنى سىقىمداپ تۇرغان ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى.

— يا... پىرىم جەمشىد! سەن مەلىكە دىلسۆزنى ئۇتتۇۋالغاندەك، مەنمۇ ئانىقىز خېنىمنى ئۇتتۇۋالاي!

ئۆي ئىچىدە پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئۈچى پوزا! بىرى...

— بىرى چىكا!

— بەللى! بەللى!

— تووا خۇدايىم، كۆرۈڭ ماۋۇ تەلەي-ئامەت دېگەننى؟

— جەمشىدنىڭ روھى يۆلىدى-دە!

ئانىقىز سورۇن ئەھلىنىڭ كۈلكە، چۇقانلىرىدىن مەخسۇتنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلدى، ئەمدى مەخسۇتنىڭ ئەدىپىنى بېرىش دېگەن گەپنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى، چۈنكى ئانىقىز دەل ئۆزى سېغىنىپ، ئىزدەپ يۈرگەن، غايىبانە كۆيۈپ-ئاشىق بولۇپ، كۆڭۈل بەرگەن ئادىمىگە ئۇتتۇرۇلغانىدى، تەقدىر ئىلاھى ئۆز قۇدرەت-كامالىتى بىلەن ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىدىكەن، تۇرمۇش قىسمەتلىرى ئاشۇ سىرلىق مۆجىزىلەر تۈپەيلىدىن ناھايىتى قىسقا دەقىقىلەر ئىچىدە تېزلا ئۆزگىرىش ياساپ، خىلمۇ خىل تۈس ئالىدىكەن، ئانىقىز مانا مۇشۇنداق پەيتتە تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئۆزىگە

يارىتىپ بەرگەن غەنىيمەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە قارار قىلدى، مىرزائەخمەتنىڭ بازاردا يەنە پەيدا بولۇشى، 300 يۈەن پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىشى ئانىقىزنىڭ نەزەرىدە ئاجايىپ ھادىسە، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش. شۇندىن بۇيان ئانىقىز مىرزائەخمەتنى سائەتلەپ كۈتتى، ئىنتىزار بولدى، قەلبى تۈنجى قېتىم مۇھەببەت ئىزھار قىلغان يىگىتنىڭ ئىشقىدا ئۆرتەندى.

قىسقا مىنۇتلاردىكى جىددىي كەسكىن ئۆزگىرىش تۇرمۇشتىكى بەزى قىيىن ئىشلارنى جېدەل ـ غەۋغاسىز، تىنچ بىر تەرەپ قىلىدىكەن. مىرزائەخمەت پۇلنىڭ مەرىدىن كەچتى، ئانىقىزمۇ ئۆزىنىڭ پۇل ـ مال ئورنىدا ئېرىنىڭ ئىلكىدىن ئاسانلا باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئاشۇ پۇل ئۇنىڭ نەرخى ـ باھاسى بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ۋىجدانى خورلاندى، ئازابلاندى، ئىنتايىن پەس قەدىرسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدى، يەنە مۇشۇ خورلۇق، ئازاب، قارا كۆڭۈل، ۋىجدانسىز ئەردىن بىر يولى قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

ــ مېنى دوغا تىككىنىڭ، ئۇتتۇرۇۋەتكىنىڭ ناھايىتى ئوبدان بولدى، ــ دېدى ئانىقىز قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن يۈزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، ــ شۇنىڭغا ئاگاھ بول، دەپ قوياي، ئىنسان بالىسى بولساڭ... مەيلى قىمار ئوينا، خوتۇنۇڭنىمۇ دوغا تىككىن، لېكىن سېنى تاپقان داداڭنى، تۇغقان ئاناڭنى دوغا تىكىپ ئۇتتۇرۇۋېتىشتىن ھەزەر ئەيلە!

مەخسۇت كۆزلىرىنى ئالىتاغىل قىلىپ پارقىرىتىپ جىم ئولتۇراتتى، مىرزائەخمەت يېڭىدىنلا ئەرگە مەغرۇرانە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، قالغانلار ئويۇننىڭ ئاخىرىدا بۇنىداق پەۋقۇلئاددە نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى كۈتمىگەچكە ھەيران بولۇشۇپ بىردە مەخسۇتقا، بىردە ئانىقىزغا، بىردە مىرزائەخمەتكە يەر ئاستىدىن قارىشىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ــ ئەمدى غىت قىلىشماي كېتىشىۋالا! ــ دېدى ئانىقىز زەردە بىلەن، ــ ئۆيىنىڭ خەت مۆھۈرىنى كۆرسىتەيمۇ يا؟

قىمارۋازلارنىڭ ئۇتقانلىرى خۇش، ئۇتتۇرغانلىرى خاپا ـ چۈشكۈن ھالدا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ــ خېنىم... ماڭسىلا ئەمىسە، ــ مىرزائەخمەت مەخسۇتنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئانىقىزنىڭ يېنىدىن تارتتى، ــ يۈرسىلە، كېتەيلى.

مەخسۇت گويا تىلىغا قۇلۇپ سېلىنىپ كەتكەندەك لام ـ جىم دېمەستىن گۈشىيىپ ئولتۇراتتى، ئانىقىز ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلدى.

ــ تۇفى! ئىلاھىم... سەندەك ئەر يوقالغىچە!...

غايىبتىن جان كىرگەندەك مەخسۇت شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىقىزغا ئېسىلدى.

ــ توختا! نەگە بارىسەن؟ سەن مېنىڭ خوتۇنۇم...

ــ مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ، توغرا... مەن سېنىڭ... ــ ئانىقىز چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئاچچىقىدا مەخسۇتنىڭ قۇلاق تۈۋىگە تەستەك بىلەن بىرنى سالدى، ــ مانا ئەمىسە، شۇنداق، مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ! مانا ئەمىسە...

قايتا ـ قايتا تەگكەن تەستەك ۋە زەرب بىلەن تەگكەن بىر پەشۋادىن مەخسۇت
دەلدۈگۈنۈپ كىگىز ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالدى، كۆزىگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ ھېچنېمى-
ـنى كۆرەلمىدى، مىرزا ئەخمەت شامنى ئۆچۈرۈۋەتتى، مەخسۇت كۆزىنى ئاچقاندا ئۆي
ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى، نە ئانىقىز، نە مىرزا ئەخمەتنىڭ شەپىسى ئاڭلانمايتتى...

ئانىقىز كۆزىنى ئاچقاندا سەھەر قۇياشىنىڭ تۈگۈلۈكتىن شۇڭغۇپ كىرگەن نۇرى
ئۆي ئىچىنى خېلىلا يورۇتقانىدى، ۋەيرانە ئۆيگە، ئىسلاشقان تام ـ تورۇسقا، زەي پەگا-
ـغا، كاكىل سېلىنمىغاچقا توپا ئۆرلەپ تۇرغان سۇپىغا، يىرتىق كىگىزگە، كىگىز ئۇسـ
ـتىدىكى مازلىرى چۇۋۇلۇپ تۇرغان يوتقان ـ كۆرپىگە قاراپ ئانىقىزنىڭ كۆڭلى ئاينى-
ـدى، ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىدى، ئاخشام مىرزا ئەخمەت ئۇنى مۇشۇ ئۆيگە ئېلىپ كەلدى،
يولدا ئۇلار جىم مېڭىشتى، مىرزا ئەخمەت ئانىقىزنىڭ ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەت-
ـمەستىن بەلكى ئۇنى توسقان ئېرىنى ئۇرۇپ ئۆزىگە ئەگىشىپ چىققانلىقىدىن ھەيران؛
يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ قارامىلىق قىلغىنىدىن پۇشايمان قىلاتتى، ئاقىۋىتىنى ئويلىـ
ـماي قىلغان ئىشىنىڭ كېيىن كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسى-
ـرىدى، ئۆي ئالدىغا كەلگەندە توختاپ ئىشىكنى ئاچماستىن تۇرۇپ قالدى، مەھەللە
جىمجىت، ئەل ئۇيقۇدا، يېقىنلا بىر ھويلىدىن ئىتنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ قاۋىغان ئاۋازى
پۈتۈن جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇرۇدۇ.

— ئانىقىز، كەتكىن، مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي، بولمىسا... ئېرىڭ، ئېرىڭ-
ـنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، جىم ياتمايدۇ، ساقچىلارغا دېسىلا... بىزنى، بىزنى تۇتۇۋالىدۇ، چا-
ـتاق... — مىرزا ئەخمەت ئاخىرىدا قوشۇپ قويدى، — مېنىڭغۇ سېنى ھەرگىز كەتكۈزۈۋەت-
ـكىم يوق، سەن... سەن مېنىڭ نىكاھىمدا ئەمەسسەن ـ دە.

— كەتمەيمەن! نەگە كېتەتتىم؟ ئەگەر ئۇ مېنى ساڭا ئەمەس، باشقا بىرىگە ئۇت-
ـتۇرۇۋەتكەن بولسا... ئۇ چاغدا مەخسۇتنى ياكى ئۆزۈمنى بىر نېمە قىلىۋېتەتتىم، بەخـ
ـتىمگە سەن ئۇتتۇۋالدىڭ، مىرزا ئەخمەت، ئويلاپ باققىنا، ھېلىقى چاغدا مەن سېنىڭ
تويى قىلىش توغرىسىدىكى تەلىپىڭگە ماقۇل دېمەي دىلىڭنى يەگدىم، نېمە سەۋەبتىنكى
بىلمەيمەن، پەقەت مەخسۇتقا تەگكىنىمدىن كېيىنلا ئاندىن گۆدەكلىك، نادانلىق قىلغى-
ـنىمنى چۈشەندىم، پۇشايمان قىلدىم، ئەمدىچۇ؟ ئاخىرى سەن شۇ ئۆچىڭنى ئالغاندەك
قىلدىڭ، مېنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئالدىڭ، ئەمدى مەشەدە، ئۆيۈڭدە تۇرسەن، سەن-
مېنى ئال.

ئانىقىز كەسكىن تەلەپپۇزدا مىرزا ئەخمەتتىن شەپقەت، مېھرى ـ مۇھەببىتىنى، ئۆزىـ
ـنى بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتقۇزۇۋالىدىغان يېڭىلمەس كۈچ ـ قۇدرىتىنى كۈتۈۋاتـ
قاندەك زور ئىشەنچ بىلەن سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھاياجانلىق بىر ھېسسىيات ئۇر-
ـغۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئەيدىشىسىز قورقماس يۈرىكى مىرزا ئەخمەتكە تەلپۈنەتتى.

— مەن ئۇ قىمارۋاز، نامەردتىن قۇتۇلسام بولدى، سەن مېنى ئال!

— نېمە؟ مەنمۇ قىمارۋازغۇ؟ — مىرزا ئەخمەت ئانىقىزنى تام تۈۋىگە تارتتى، —
مەن ئېرىڭدىن ئۆتە قىمارۋازمەن، سېنى ئالالمايمەن، مەن ھازىرمۇ كەمبەغەل،

ھېـچنېمەم يوق، دادام ئۆلۈپ كەتكەن، ماڭا دادامدىن مۇشۇ كىچىككىنە ھويلا بىلەن
ئىككى ئېغىز ئۆيلا قالغان...

— نېمە دېسەڭ دە، مەن كەتمەيمەن!

مىرزائەخمەت ئانىقىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىۋالدى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇ-
رۇتى سانچىلىپ ئانىقىزنىڭ يۈزىنى چىمىلدىتىۋەتتى، زارىقىش، تەشنالىق، مۇھەببەت
ئوتى كۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان يۈرەكلەردىن قۇدرەتلىك بىر ۋولقان ئېتىلىپ چىقتى، مىر-
زا ئەخمەت ئايال زاتىنى بېلىدىن قۇچاقلاپ، باغرىغا بېسىپ سۆيۈشنىڭ قانداق بولى-
دىغانلىقىنى پەقەت مۇشۇ دەقىقىدىلا ھەقىقىي تۈردە كۆرۈۋاتاتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئانى-
قىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشتىن، ئېرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب نىيى-
يىتىدىن بىراقلا يالتايدى. ئۆزىگە چوڭقۇر ئىشەنچ باغلاپ ئەگەشكەن بۇ گۈزەل مەھ-
بۇبىنى كەتكۈزۈۋېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا تېخىچە كۆرۈپ سېزىپ باق-
مىغان ئاجايىپ شېرىن لەززەتكە، بەخت -شادلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ مەست بولغانىدى...

ئانىقىز كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۆي ئىچىگە يەنە بىر قېتىم سەپسېلىپ قاراپ چىق-
تى - دە، يۈرىكى تىترىگۈدەك ئېغىر خورسىندى، ئۇھ تارتتى، بىر بۇلۇڭدا تۇرغان يىپ-
يېڭى ۋېلسىپىتتىن باشقا بۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرى، بىساتلىرى شۇنچىلىك سەت، مەينەت
ئىدى، بۇ خۇنۇك، كۆڭۈلسىز مەنزىرە ئۇنىڭ قەلبىدىكى دەرد -ئەلەم، خورلۇق، ئازاب-
نى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى، ئۇ بىر پەس كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ يالىڭاچ يەلكىسىگە
يوتقاننى تارتىۋالدى، «تاڭ ئاتقىلى نەۋاق، نېمىشقا ياتمەن، كېتىشىم كېرەكقۇ.»
ئانىقىزنىڭ ئاخشامقى ھېسسىياتى، تەلپۈنۈشلىرى، ئىرادىسى يەنە ئۆزگەردى، «ئەسلىدە
ئاخشاملا كەتسەم بوپتىكەن، ئۆزى مەن كەمبەغەل دېگەنىدىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ
توغرامدا چىقىدىغان سۆز - چۆچەكلەر...» ئانىقىز ئېزىلگەن، جانسىز گەۋدىسىنى تەس-
تە كۆتۈرۈپ يېرىم ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى. يېنىدا بېشىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا
ئېلىپ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان مىرزا ئەخمەتنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئورۇق، كېلىش-
كەن گەۋدىسىگە ئىززا ئارىلاش خورلانغان بىر نەزەردە كۆز تاشلاپ قويدى.

ئانىقىز ھويلىغا چىقتى، بۇ ھويلا بولماستىن، بەلكى تېرەك شاخلىرى بىلەن چەل-
لە قىلىنغان كىچىككىنە تارچۇق ئىدى، خالاس. كېچە ياغقان ئازغىنا يامغۇر ئاللىقا-
چان توختىغان بولسىمۇ، چەللىدە توختاپ قالغان تامچىلار بىرە - بىرە چېپىلداپ
تامچىلاپ تۇراتتى، قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ئاسمان سۈزۈك، ھاۋا ساپ
ئىدى، ئانىقىز ۋاخىنلىرى بوشاپ قالغان شوتىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىشىك ئالدىدى-
كى يولدىن مەھەللە بالىلىرى پادا ھەيدەپ ئۆتۈشتى، دېھقانلاردىن بىر - ئىككىسى كەت-
مەن، ئارىلىرىنى دولىسىغا سېلىپ ئېتىزلىققا ماڭدى، بىرى ئوت - چۆپ بېسىلغان
ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى، ئانىقىز ئۈچۈن ھازىر ھەممە نەرسە... كا-
ئىناتتىكى بارلىق ھاياتلىق، مەۋجۇدات ئۆز قەدرىنى يوقىتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

— چىقىۋاپسەنغۇ بۇ يەرگە؟ — مىرزا ئەخمەت ئىشىكتە پەيدا بولۇپ سورىدى.

ئانىقىز جاۋاب بەرمىدى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپلا تۇراتتى، مىرزا ئەخمەت



بىر هازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن نەيچىلەپ ئورالغان تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى،

— يىغلاۋاتامسەن؟ مەيلى يىغلا، ئاخشام ئاپىرىپ قوياي دېسەم ئۇنىمىدىڭ، ئانىقىز... مەن بۈگۈن ئۆمرۈمدە... ئۆمرۈمدە بەخت دېگەننى كۆردۈم، تارتقان دەردلىرىم، چەككەن ھەسرەتلىرىم خۇداغا يەتكەن ئوخشايدۇ، ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ...

— بولدى سۆزلىمىگىنە! — ئانىقىز بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى سۈرتتى، — سەن ئارمىنىڭغا يەتتىڭ، مېنى شەرمەندە قىلدىڭ، تېخى بۇنى سەن ئۆزۈڭ ئۈچۈن بەخت دەۋاتىسەن، خۇشال بولۇۋاتىسەن، توۋا... خەققە ئاڭلانماي قالامدۇ؟ خەلقى - ئالەم ئالدىدا نېمىدەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ئاھ خۇدايىم، ماڭا ئۆلۈم ھەق. ئېسىت...!

ئانىقىزنىڭ چېھرىسى زۇمرەتتەك قويۇق ياش نۇرىدا پارقىرىدى، تاتارغان يۈزلىرى قىزىرىپ، ژىناقلىرىدا نۇر شولىسى جىلۋىلەندى، كۆڭلىكىنىڭ ئوچۇق ياقىسىدىن كۆكسىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، مىرزا ئەخمەت ئانىقىزنىڭ كېلىشكەن، خۇشپىچىم قامىتىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن سىنچىلاپ سەپسالدى، ئانىقىز يەنە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى، مىرزا ئەخمەت چېكىۋاتقان تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ ئانىقىزنىڭ دولىسىغا قولىنى قويدى.

— سېنى مەن شەرمەندە قىلدىممۇ؟ دەپ باقە، مەن شۇنداق قىلدىممۇ؟ بۇنى ئېرىڭ لامزەللىدىن كۆر، ئۇ سېنى دوغا تىكتى، ئۇتتۇردى، پۇل بەرسە پۇل، قوي بەرسە قوي ئالاتتىم، ئەمما سېنى بەردىمۇ؟ بۇمۇ تەقدىر - ئىرادىمۇ؟ بولدى يىغلىما، ئاخشامقى گەپلىرىم ئېغىر كەلمىسۇن، ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ كەت، سېنى ئۆزۈم ئالىمەن، توي قىلىمىز، شۇ چاغدا سېنى ھېچكىم ئۇنداق - مۇنداق دېيەلمەيدۇ، بۇ گېپىمگە ئىشەن.

ئانىقىز يىغىدىن توختىغان بولسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن ئۇقچۇپ چىققان دەرد - ئەلەم تەسىرىدىن ھەر بىر ئۆكسىگەندە يەلكىلىرى تىترەپ كېتەتتى، مىرزا ئەخمەت يەنە تاماكا ئوراپ ئانىقىزنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئانىقىز تۇساتتىن يىغىدىن توختاپ ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— سېنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭغا تېگىمەنمۇ؟ نېمەڭگە تېگىمەن، ئۆيۈڭ گۆرگىلا

ئوخشايدىكەن، ئىتمۇ تۇرمايدۇ سېنىڭ بۇئۇۋاڭدا، بۇگۈنى نەچچە يۈز كويلاپ پۇل ئۇتتىسەن، باي بولسەن، ئەتىسى بىر پۇڭ قالماي ئۇتتۇرىسەن، گادايغا ئايلىنىسەن، ياق ساڭا تەگمەيمەن!

ئانىقىز ئۆتكەنكى شېرىن ئارزۇلىرىنىڭ خىيالىي چۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئاخشام مىرزا ئەخمەتكە ئۇتتۇلۇپ ھەممە ئۇنىڭغا ئۆزلۈكىدىن ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ، ئاپىرىپ قوياي دېسە ئۇنىمىغانلىقىنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ تەنتەكلىك قىلغانلىقىنىڭ، ئەقىلسىزلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قاتتىق پۇشايمان يېدى، توۋا، ئۇ دائىم ئۆزى قىلغان ئىشتىن پۇشايمان يەپلا ئۆتەمدىغاندۇ، ئەمدىلىكتە ئۇ مىرزا ئەخمەتنىڭ مەخسۇتتىن ئۇستۈن تۇرىدىغان بىرەر ئالاھىدىلىكىنى تاپالمىدى، مەخسۇت ئەسكى بولسىمۇ ھەر ھالدا ئانىقىز ياخشى ياشايتتى، دۇكاننىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ پۇلغا ئىگە بولدى، باياشات تۇرمۇش كەچۈردى، ئەمدى مىرزا ئەخمەتكە تەگسە ھال - كۈنى نېمە بولماقچى، چىشىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ، تاتىرىپ - سارغىيىپ ياشىسۇنمۇ؟ ياق، ئانىقىز ئۆز تەقدىرىنىڭ بىراقلا ئۆزگىرىپ بۇنداق ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمايدۇ، ئەمما قىسمەت بەربىر ئۆزگەردى، مەخسۇت ھەممىنى بەربات قىلدى، بۇ ئانىقىزنىڭ باياشات تۇرمۇشتىن مەھرۇم بولۇشى ئىدى، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ خەتەرلىك پەيتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا تەقدىرگە تەن بېرىشنى، بۇ ۋەيرانە كۈلبىنىڭ مىسكىن، يوقسۇل بەندىسى بولۇشنى خالىمايتتى، ئانىقىز شاققىدە ئورنىدىن تۇردى-دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— توختا، تەگمىسەڭ مەيلى، لېكىن... مەن سېنى ئۇتتۇۋالغانىغۇ؟ ھازىر سەن مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا، مەخسۇت نوچى بولسا مەندىن سېنى ئۇتتۇۋالسۇن! يا بولمىسا يەنە بىر نەچچە كۈن تۇر...

ئانىقىز غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى، بىر نېمە دەي دېسە كۈندۈز، ھويلا ئەتراپىدىكىلەر ئاڭلايدۇ، شۇڭا ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ماقۇل، يۈر ئەمسە، كىرىپ كېتەيلى، — دېدى.

مىرزائەخمەت خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئانىقىزنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى، ئىككىيلەن ئۆيگە كىرىشتى، ئانىقىز ئوچاق قىرىدا تۇرغان چەيچىكى يوق چۆگۈننى ئالدى - دە، مىرزا ئەخمەتنىڭ يۈزىگە چەنلەپ زەرب بىلەن ئۇردى، مىرزا ئەخمەت ئاغزى بۇرنىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى، بارماقلىرى ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئېڭىكىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى.

— كەتكىلى قويامسەن - يوق؟

مىرزائەخمەت بېشىنى كۆتۈرەلمەستىن ئېڭىشىپ ئولتۇراتتى، پەگاغا قىپ-قىزىل قان ئېقىۋاتاتتى، ئانىقىز بۇلۇڭدا تۇرغان يىپپېڭى ۋېلىسىپىتنى يېتىلىگىنىچە چىقىپ كەتتى، ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، قۇياش بىپايان ئاسماننى سۈت رەڭگە كىرگۈزگەن، ئاقۇش بۇلۇتلار كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى، كېچە ياغقان يامغۇر دەرەخ، گۈل-گىياھلارنى يۇيۇپ، تېخىمۇ ياشارتىۋەتكەنىدى، ھەردىن نەمخۇش پۇراق كۆتۈرۈلەتتى، يېشىل، سارغۇچ يوپۇرماقلار

قۇياش تەپتىدە يالتىرايتتى، تەبىئەت سىنتەبىر قۇياشىنىڭ يىلىلىق، ئارامبەخش نۇرىغا تويۇنغان، ئۇلار قۇياشىنىڭ سىىخى قوينىدا بەھۇزۇر ياشايدۇ، ئانىقىزچۇ؟ ئۇنىڭ سولغۇن چىرايى تىىخى ئەسلىگە كەلمىگەن، كۆزلىرىدە ھەسرەتلىك ئۇچقۇن چاقنايدۇ، يولدىن هارۋىلىق، ئىشەكلىك ئادەملەر، پىيادىلەر ئۆتمەكتە، ئانىقىزنىڭ كۆزىگە تاناپتەك سوزۇلغان تۈپتۈز يىزا يولىدىن باشقا ھىچنىمە كۆرۈنمەيتتى، يولنىڭ سول تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە ياندىاش سىلىنغان دىھقان ئۆيلىرى، ئوڭ تەرەپتە تۇتاش كەتكەن سالا ئىتىزلار، ئىتىز قىرىدا توختىتىلغان ئۇنئالغۇدىن سۆيگۈ ناخشىسى ياڭرايدۇ، ئۇنئالغۇ ئەتراپىدا بىر نەچچە بالا چىپىشىپ يۈرىدۇ، بىر ياش، بىر قىرى—قىيىن ئانا ـ كىلىن بولسا كىرەك، سىۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ باغدىن چىقىشتى، شاپتۇل...ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ خۇش ھىد ئۇرۇلىدۇ، گۈزەل سۆيۈملۈك قۇياش ئالتۇندەك نۇر چاچىدۇ، ئالتۇن نۇر... ئالتۇن رەڭ—پاكلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، ئاھ... ئىنسانلار ئىچىدە شۇنداق پاكلىقنى، گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولالايدىغانلار ۋە ئۇنىڭدىن تىگىشلىك لەززەت، ھۇزۇر ئالالايدىغانلار كۆپمۇ ياكى ئازمۇ، بۇنىسى ئىنىق ئەمەس.

ئانىقىز «شياڭگاڭ كوچىسى» غا كىرگەندە سائەت 10 بولغانىدى، تونۇش تىجارەتچىلەر، ئوقەتچىلەر، ئاشپەز ئۇستىلار، ھۈنەرۋەن كاسىپلار بۈگۈن ئانىقىزنىڭ ئۇنئالغۇسىدىن ناخشا ياڭرىمىغانلىقى سەۋەبلىك، گويا ئىشلىرىنى كىچىكىپ باشلاپ قالغاندەك، ئۇنىڭغا يەنىلا شۇ ئانىقىز ئەيىبلىكتەك ھەممىسى تەئەججۈپلىنىپ قاراپ قويۇشتى، ئانىقىز ئۆز ئەندىشىسى، تەشۋىشى بىلەن بەند بولغاچقا ھىچكىمگە قارىماستىن دۇكانىغا كىرىپ ئىشكنى ئىچىدىن تاقاپ پوكەي كەينىدىكى كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى، ئاز ئۆتمەيلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ چۈشتىن كىيىن ئۆيگە كەلگەندى، ھويلىنىڭ ئىچى قالايمىقان، قوتاندىكى قويمۇ، كاتەكتىكى توخۇلارمۇ يوق، ئانىقىزنىڭ غەزىپى يەنە ئۆرلىدى، يۈرىكى نەپرەت تۇيغۇسى بىلەن ئازابلاندى، «بۇ نىجىس كىچىدىن بىرى يەنە ئويناپ ھەممىنى ئۇتتۇرۇپتۇ ـ دە،» ئانىقىز كونا ـ يىڭى كىيىملىرىنى، مەخسۇتتىن ھەزەر ئەيلەپ تىقىپ قويغان ھالقا، مەرۋايىت قاتارلىق نەرسىلىرىنى، پۇللىرىنى ئالدى ـ دە، مەھەللە يولى بىلەن كونا بازارغا كەلدى.

ــ بۇ ۋېلىسىپىتنى نەدىن ئالدىڭ؟ ــ دەھلىزدە تاماكا چىكىپ ئولتۇرغان سەمەت ناسىۋال ۋېلىسىپىتكە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

ــ مىنىڭ، ــ دىدى ئانىقىز ئويلىنىپ تۇرمايلا.

ــ راستىنى ئىيتقىنا، بۇ ۋېلىسىپىت قانداق قولۇڭغا چۈشۈپ قالدى؟ ــ

ــ ئالدىم.

ــ ياق، ــ سەمەت ناسىۋال ۋېلىسىپىتكە بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ چىرايىنغا كۈلكە يۈگۈرتتى، ــ بۇ ۋېلىسىپىتنى مەن ئالغان، مانا... ماۋۇ ئىگىرىدىن تونۇدۇم، بىرى ئىچاقىتا ئاشۇ يىرىنى كىنچىككىنە كىسىۋەتكەنىدىم، شۇ، ئيالغىلى تىىخى ئۇزۇن كۈنمۇ بولمىدى، لىكىن بىر چاغدا ھىلىقى... بىزگە تىرەك قوۋزىقى ساتىدىغان

بالا... ھە مىرزائەخمەت، ئۇمۇ تانكا ھەيدەشنى ئوبدان ئۆگىنىپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر پەس ھەيدىشىپ قالدۇق، ئاخىرىدا ئۇ يامان كەلدى، نەقىلا ۋېلىسىپىتكە بىر ئېتىشۋىدى، بۇ ھوشۇق دېگەن كاساپەتنىڭ يۈزى يوق ئېمە ۋېلىسىپىتنى ئۇتتۇۋالدى، مەخسۇتاخۇننىڭ خېلى بىگىسى بار جۇما، ۋېلىسىپىتنى ئۇنىڭدىن ئۇتتۇۋالغان چېغى، ھا... ھا... ھا...

ئانىقىز ھاڭ ـ تاڭ بولدى، چىرايى تامدەك تاتاردى، نەپىسى قىسىلىپ تېز ـ تېز ھاسىراشقا باشلىدى، بەدىنى بوشىشىپ، دەرمانى قۇرۇغاندەك، پۇت ـ قوللىرى تىترىدى، ئۇ گەپ قىلماستىن ئۆيگە كىردى.

ــ كەلدىڭمۇ قىزىم؟ ــ ئانىسى ئۇنىڭدىن ھال سورىدى ۋە بوخچىسىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ــ نېمە بولدۇڭ، نېمە گەپ بۇ، خاپىلىق تارتىپ قالدىڭمۇ، دېگىنە!

ئانىقىز ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى، باھار يامغۇرىدەك توختىماي تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى ئانىنىڭ باغرىغا ئېقىپ سىڭمەكتە، ئانىسى يېلىنماقتا، يىغا ـ زار ئىچىدە ئانىقىزنىڭ تۇنۇگۇندىن بۇيان باشتىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرى ئانىغا ئايان بولدى.

ــ مانا كۆرگۈلۈك! مانا رەسۋاچىلىق! ــ ئانا ئېغىر ھاسىرىغىنىچە چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، بوسۇغىغا بېرىپ ئېرىگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى، ــ دېمىدىممۇ؟ قىزىمىزنى قىمارۋازغا بەرمەيلى دېسەم ئۇنىمايلا، كۆردىلىمۇ ئەمدى، ئۇ مۇناپىق يىزنى شەرمەندە قىپتۇ.

ــ نېمە كاكىرايسەن؟ نېمە بوپتۇ؟ ــ سەمەت ناسىۋال جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇراتتى.

ــ مەخسۇت ئاخشام... ئاخشام ئانىقىزنى دوغا تىكىپ... ھېلىقى مىرزائەخمەتكە... ئاللا خۇدايىم!... نېمە كۈن بۇ؟

ــ ھە شۇ ئىشمىدى؟ ــ سەمەت ناسىۋال مۇخوركا ئوراشقا باشلىدى، ــ ھېچگەپ يوق، خوتۇن، يادىڭدا باردۇ، بىز ۋاقىتىدا مەنمۇ سېنى ئابىللا كەپتەرۋازدىن ئۇتتۇۋالغانىغۇ؟ مانا 35 ــ 36 يىل بولدى، ئۆي تۇتۇپ كېلىۋاتىمىز، ئۇنىغۇل بالىچىلىق... پادىشاھى جەمشىدمۇ مەلىكە دىلسۆزنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن. ھە، ھە، لەيلۇۋەشكە ئۇتتۇرۇۋەتكەن ياق لەيلۇۋەش دېگىنى جەمشىدنىڭ ئېتى، تۇلپارى بولسا كېرەك، ياشقا بىرىگە ئۇتتۇرۇۋېتىپتىكەن ـ دە، قاراڭلا خوتۇن، پادىشاھمۇ ئۇتتۇرىدۇ، بىزدىنلا قالغان ئىشمىدى؟! ھېچگەپ يوق، ئانىقىزغا دەڭلا، ئېرىنىڭ ئۆيىگە بارغىنى كەلمىسە خېتىنى ئالسۇن، ھە... يا بولمىسا... ئاشۇ مىرزائەخمەتكە تەگسە بولىدۇ.

ــ ھۇ ئاللجىغان ئوغرى!

ئانا ۋارقىرىدى، قىزىنىڭ ئالدىدا ئۆمۈرلۈك مەخپىيىتىنىڭ ئېرى تەرىپىدىن ئاشكارىلىنىشى ۋە ئەرنىڭ ئانىقىزنىڭ ئىچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىگە نىسبەتەن بىپەرۋا قارىغانلىقى، ئانىنىڭ غەزەپ قاچىسىنى چېقىپ تاشلىدى، ئانىغا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق ئىدى، يىغلىدى، داد ـ پەرياد سېلىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ نالە قىلدى، ئانىقىز تۇنجى قېتىم دادىسىدىن نەپرەتلەندى.

ـــ دادا، ھازىرمۇ يېنىڭىزدا پۇل بولماي قالسا ئاناڭنى دوغا تىكىشتىن يانمايدىكەنسەن ـ دە!

سەمەت ناسۇالنىڭ پېشانىسىدە قورۇقلار تۈرۈلۈپ زىچلاشتى، كۆزلىرى چەكچىيىپ پارقىرىدى، شاپ بۇرۇتى دىر ـ دىر تىترەپ، قېلىن قارامتۇل كالپۇكلىرى چويۇندەك كۆكەردى، ئانىقىزنىڭ كېيى گويا ئامبۇر بولۇپ كېلىنى قىسۇاتقاندەك زۇۋان سۈرەلمەي قالدى.

ـــ بولدى قىزىم، ـــ ئانا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدى، ـــ بولدى، ئاغزىڭنى ئۇپراتما، بۇ نومۇسنى ساتقان جوھۇدنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

ئانا بىلەن قىز يىغلىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ خورلۇق، نومۇس يالقۇنىدا ئۆرتىنىۋاتقان ئاجىز ۋۇجۇدى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتاتتى، ئانا خۇداغا نالە قىلاتتى، ئېرىنى قارغايتتى، قىزىنىڭ تەقدىرىنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاپ قالىغىنىدىن زارلىنىپ ياش تۆكەتتى. ئانا خېلىدىن كېيىن پەسكويىغا چۈشۈپ، ئانىقىزنىڭ مەڭزىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

ـــ كەلگىنىڭمۇ ئوبدان بولدى، ئۆگۈنلۈككە گۈلقىزنىڭ يىل نەزىرىنى قىلىمىز، باي تۇنۇگۈن كەپتىكەن، شۇ گەپنى قىلىپ كەتتى، ھېلى ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلىپ قالارمىكىن، سەنمۇ بىللە بېرىپ ماڭا قاراشقىن، بولامدۇ؟

ئانىقىز بېشىنى لىڭشىتتى.

ـــ ئۇنداق بولسا، ـــ دېدى ئۇ ئارقىدىنلا، ـــ بايغا قاراپ تۇرماي ۋېلىسىپىتە بىلەن كېتىۋەرسەك بولماسمۇ؟

ـــ مەيلى، دېگىنىڭچە بولسۇن...

ئانىقىز ناھايىتى ئۇزاق خىيال سۈرگەندىن كېيىن تاڭغا يېقىن كۆزىنى يۇمغان بولسىمۇ ھايال ئۆتمەي ئويغىنىپ كەتتى، بەدىنى چوغدەك قىزىق ئىدى، ئاغزى قۇرۇپ، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى، ئەيسا باي كۆرۈنمەيتتى، ئۇ قاق سەھەردە چىقىپ باغنى، ئېتىزلارنى ئايلاندى، تۇرۇنلاشتۇرۇلغان ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغىنىدىن رەنجىپ مەدىكارلار ياتىقى تەرەپكە ئۆتتى، ياتاق ئىشىكلىرىنى تەپتى، مەدىكارلارنى ھويلىغا يىغىۋېلىپ كايىدى، تىللىدى، ئۇ پۈتۈن ئاچچىقىنى شۇلاردىن ئالدى. مەدىكارلار چايلىرىنى ئىچىپ ئىشقا ماڭدى، ھويلا بىردەملىككە جىمىققان ئىدى، ئەيسا باينىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

ـــ ھاي ... شوپۇر ئۇستا! ھاي مىرزائەخمەت! كۆن چۈشكىچە ياتقان بارمۇ؟ قوپ ھەي ... خېلى چاقچاق، شۇدى بار نېمىدەك قىلاتتى، ئادەم دېگەن ـ زە ... تازا ئۆتۈپ كەتكەن سىس ـ مىس نەرسىكەنسەن ـ دە، ئاخشام سەگەكرەك يات، دېمىگەن بولسام ... كاشكى!

ھويلا يەنە جىمىدى، ئەمما ئەيسا باينىڭ ئاۋازى ئانىقىزنى چۆچۈتتى، چىلىق ـ چىلىق تەر ئىچىدە ھالسىراپ ياتقان ئانىقىزنىڭ ۋۇجۇدى بىر قىسما يېقىمسىز تۇيغۇغا چۆمدى، «سەت زەڭگى، سېنىڭ ماشىناڭنى ھەيدەپ ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلسۇنۇ، يەنە

ئارام بەرمەي ۋارقىرايسەن، بىردەم ئۇخلىۋالسا نېمە بوپتۇ.» ئانىقىز ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، بەدىنىگە غۇر قىلىپ ئۇرۇلغان سوغۇق ھاۋا ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى - دە، يەنە يېتىۋالدى، «تەقدىر - پېشانىگە پۈتۈلگەن دېگىنى راست بولسا كېرەك، تاغ ئايلىنىپ، باغ ئايلىنىپ ئاخىرى ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنى، تۇۋا خۇدايىتائالا ئۇنىمۇ، مېنىمۇ، بۇنچە قىيىنغىچە، دەسلىپىدىلا رىسقىمىزنى قوشۇۋەتكەن بولسا... مەن ئەمدى بۇ يەردىن ئۇنى تاشلاپ نەگىمۇ كېتەرمەن، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەمچۇ؟ مەن بەرىبىر ئەرنىڭ ئىلكىدە، باينىڭ سىڭلىسى ماڭا كۆز - قۇلاق بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا ئاشكارا، يۈزتۇرانە گەپ قىلىشىشمۇ تەس، خالى، پىنھان جايدا ئۇچراشقىلى بولسا كاشكى، ئۇ ئۆيلەنگەندىمۇ؟ توي قىلغان بولسا ئاڭلىماي قالارمىدىم، ئاھ... نېمىشقا بالدۇرراق ئۇچراشمىدۇق، مەخسۇت دېگەن نەستىن قۇتۇلغان چاغدا ئۇ نېمىشقا يېقىن يولىمىدى، ئىزدەپ كەلمىدى، ھېلىقى بىر چاغدا ئۇ، مەن ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ يۈرگەن سەندەك مەشۇقۇمنى دوغا تىكسە، ئەلۋەتتە بىر ئامال قىلىپ ئۇتتۇۋالىمەن - دە، ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ كەت، سېنى ئۆزۈم ئالىمەن، توي قىلىمىز، دېگەنىدى. نەدىكىنى، قاقىلىدىم، كۆتتۈم، قارىسىمۇ يوق، ئاخىرى بايغا تەگدىم، مانا... ئاز كۈن ئۆتمەي ئۇ ئاسماندىن چۈشكەندەك يېنىمدىلا پەيدا بولدى، ئېسىت... ئامال تاپقىلى بولارمۇ؟ توختا، بۇ دوزاختىن قېچىپ كېتىمەن، كەلمەيدىغان بولۇپ كېتىمەن دەپ يۈرۈپمۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمەن، ياق، ئۇ نېمە دەيدۇ تېخى، ھازىر ئۇ مېنى خۇددى ئەزەلدىن تونۇمايدىغاندەك بىر قىياپەتتە يۈرىدۇ، تۇۋا، قۇۋلۇقىنى، ياكى مېنى ئاياپ...

— خېنىم مىجەزلىرى قانداقراق؟ باشلىرىنىڭ ئاغرىقى قويۇپ بەردىمۇ؟

ئەيسا باينىڭ كىرگىنىنى تۇيمىغان ئانىقىز شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى ئاچتى، ئەيسا باي پەگادا مۇلايىم قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

— ئاغرىۋاتىدىغۇ، — ئانىقىز ھېچنېمىنى كۆرمەسلىككە ئەھدە قىلغاندەك كۆزىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى.

— ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ باقسىلا خېنىم، دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، يېتىۋەرسىلە بولماس، ماشىنا بىلەنلا، شوپۇرمۇ تەييار بولدى.

ئەيسا باينىڭ گېپى تېخى تۈگىمىۋىدى، سىرتتىن بىرىنىڭ:

— ئەيسا شۇجى! — دەپ توۋلىغىنى ئاڭلاندى.

ئەيسا باي ئالدىراپ چىقىپ كەتتى، بوسۇغا سىرتىدىكى گەپلەر ئانىقىزغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— سىلىنى يىغىنغا دەپ، مانا ئۇقتۇرۇش.

— ھاي... ئۇكامۇي، چاي ئىچىپ ماڭ... كەتتىڭمۇ، ماقۇل ئەمىسە، مەنمۇ ھازىرلا بارىمەن.

ئانىقىز ئادەتتە، باينىڭ يىلىنىشى، ئىلتىجا، ئىلتىماس، بۇيرۇق، تاپشۇرۇقلىرىغا پىسەنت قىلمايتتى، لېكىن... كېسەل ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى.

«ھەر ھالدا كېسەلگە سەل قارىماسلىق كېرەك. خېلى ئوڭشىلىپ قالغاندەك بولۇۋېدىم، بۈگۈن كېچە...چە... باشقىدىن قىزىپ كەتتىمغۇ، دوختۇرغا بارسامىمۇ باراي، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماشىنىدا... مىرزائەخمەت بىلەن...» ئانىقىز ئوتتەك قىزىق ھارارەت، ئىچكى، چەكسىز ئىزتىراپ، ھودۇقۇش، سەۋرسىزلىك ئىچىدە ياستۇقتىن باش كۆتۈردى، شۇئان يوتقان ئىچىدىن ئاقۇش، قىزىق ھور كۆتۈرۈلدى، ئانىقىز تىترەۋاتقان قوللىرىنى تەستە يۆتكەپ پەسكە چۈشتى، قېلىنراق كىيدى، ئۇ چىققاندا ماشىنا دەرۋازا ئالدىدا تۇراتتى، مىرزائەخمەت كابىنكىدا ئىدى، ئەيساباي ھىجىيىپ ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىراتتى، ئانىقىزنىڭ چوغدەك قىزىق قولىنى تۇتۇپ ماشىنا يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

ماشىنا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، مىرزائەخمەت گويا يېنىدا ھېچكىم يوقتەك، بار بولسىمۇ ئەسلا تونۇشمايدىغاندەك بىپەرۋا ھالدا ئالدىغا قاراۋاتقانىدى، يېنىدا ئانىقىز، چەتتە ئەيساباي... خوت يۆتكىگەندە مىرزائەخمەتنىڭ جەينىكى ئانىقىزنىڭ قولىغا، تىزىغا تېگىپ ئوتتەك قىزىق ھارارەت ۋۇجۇدىغا خۇددى قوغۇشۇن ئېرىتىۋەتكەندەك ئېقىپ كىردى: ئاھ! بۇ ھارارەت ــ مۇھەببەت ئوتى. ئەيساباي ئانچە-مۇنچە پاراڭ سالاتتى، ئانىقىز بولسا خىيالغا بەند، قۇلىقىغا باشقا ئاۋازلار ئاڭلانمايتتى...

ھېلىقى كۈنى ئانىقىز ئانىسىنى ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ بازارغا كېلىۋېتىپ كۆڭلىدىكى ئويىنى ئېيتتى:

— ئانا، مەن مەخسۇت بىلەن ئۆي تۇتمايمەن.

— ئۆزۈڭ بىل، قىزىم، ئەسلىدىغۇ ئۇ قىمارۋازغا تەگمىسەڭ بولاتتى، داداڭ دېگەن جوھۇت زورلىدى، مېنىڭمۇ كېپىم ئاقمايتتى، ھېچ بولمىسا... كېپىنى قىلىپ يۈرگەن... ھە... ئىسمى مىرزائەخمەت، شۇ بالىغا ياتلىق بولساڭمۇ بوپتىكەن، ياق، ياق، ئۇمۇ قىمارۋازغۇ، ھەي خۇدا... باشتا كەلمىگەن تەلەيدە ئانىڭنىڭ ھەققى بارمىتى دېگەندەك.

ئۇلار ناھىيە كوچىسىدا توختىدى، ئانىقىز ئانىسىنى «كۈتۈپ تۇرغىن» دەپ يول چېتىدىكى مەجنۇنتال سايىسىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى «شىياڭگاڭ كوچىسى»غا باردى، دۇكانغا كىرىپ، سودا قىلغان پۇللارنى، مىرزائەخمەتتىن ئالغان 300 يۈەن پۇلنى يانچۇقىغا سالدى، ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنىمۇ پوپكىغا قاچىلىدى، قېيىن ئاتىسىنى تېپىپ دۇكانغا باشلاپ ئەكىردى.

— بۈگۈندىن باشلاپ دۇكاننى سىلىگە تاپشۇرۇمەن، ماللارنىڭ ھەممىسى جايىدا، مانا ماۋۇ سودا قىلغان پۇل.

— قىزىم، بۇ... بۇ...

ئانىقىز پەرۋا قىلماستىن ئاچقۇچلارنى پوكەي ئۈستىگە قويدى-دە، چىقىپ كەتتى، چوڭ كوچىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشتا مەخسۇتقا دۇچ كەلدى.

— خوتۇن، نەگە؟ ئالدىراپ مېڭىپسىلە.

ـــ مەن سىنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس، بىلدىڭمۇ، مەن ھازىر مىرزائەخمەتنىڭ خوتۇنى، شۇنداققۇ... سوتقا ئەرز قىلمەن، شۇ يەردە كۆرۈشەيلى، بولامدۇ؟

مەخسۇتنىڭ ھىجايغان ئاغزى يۇمۇلدى، كۆزلىرى ئالاڭلىشىپ، چىرايىدا سۆرۈن، سوغۇق بىر ئىپادە ئەكس ئەتتى، ئانىقىز تۇتۇپ تۇرغان ۋېلىسىپىتكە قادىلىپلا قالدى.

ـــ ھە، بىر كىچىلىككە بىر ۋېلىسىپىت بەرسە مەندىن تانىدىكەنسەن ـ دە.

ئانىقىزنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، مەخسۇتنىڭ سۆزى گويا ئۆتكۈر خەنجەرگە ئوخشاش يۈرىكىنى تىلىپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكەندەك بولدى، ئۇ يىپىندىن ئۆتۈۋاتقانلارنى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنى كۆرمەيتتى، ئانىقىزنىڭ ناھال قىيقىلغان ئېگىز پاشنىسى مەخسۇتنىڭ كىندىكىگە زەرب بىلەن تەگدى. مەخسۇت بىر نەچچە قەدەم كەينىگە دەلدەڭشىپ بېرىپ چەيتىكى لەڭپۇڭچىنىڭ غالتىكىگە كەينىچە ئۈرۈلدى. غالتەك ئۈستىدىكى قاچىلار جالاقشىپ سوقۇلدى، مەخسۇت تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ ئانىقىزغا يىرتقۇچلارچە ئېتىلدى.

ـــ ھۇ ئۇستەك ئالدىغان پاسكىنا!...

ـــ كېلە لامزەللە!ـــ ئانىقىزمۇ ئاغزىنى بۇزغىنىچە مۇشتىنى تۈگۈپ ئالدىغا دىۋەيلىدى،ـــ كېلە بۈگۈن نېمە كۆرسەم كۆرەي!...

مەخسۇتنىڭ ئاتقان مۇشتى ئانىقىزنىڭ سول مۈرىسىگە تەگدى، ئانىقىز قاتتىق زەربىدىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى، ئانىقىز چاققانلىق بىلەن مەخسۇتقا يەنە بىر پەشۋا ئاتتى، بۇ قېتىم پەشۋا ئۇنىڭ بىقىنىغا تەگدى، مەخسۇت تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، رەڭگى قەغەزدەك تاتىرىپ، كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى، ئاغرىدىن ماغزاپ ئارىلاش كۆپۈك ئۈرلىدى، قاراپ تۇرغانلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ بۇ جېدىلىگە ئارىلاشمىدى، شۇ ئاندا مەخسۇتنىڭ دادىسى پەيدا بولدى.

ـــ خاپا بولمىسىلا قىزىم، بۇ گوي...ـــ قېيىن ئاتا يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى چىقاردى،ـــ تۇتسىلا قىزىم، گېپىمنى ئاڭلىسىلا، خاپا بولغان يەرلىرى بولسا، كۆڭۈللىرىنى ئالاي، مەن ئاتىلىرىنىڭ ئورنىدا، سىلە مېنىڭ قىزىم، تۇتسىلا ئاچقۇچنى، دۇكاننى سىلە ئاچقاندىن بۇيان سودا ئوبدان ئاققان، راۋاج تاپقان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرى...

ـــ رەھمەت دادىكا،ـــ ئانىقىز توپلىيىنى كىيىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى،ـــ مەن ئوغۇللىرى بىلەن ئاجرىشىمەن، ھەممە گەپنى سىلىگە دېگىلى بولمايدۇ، بولدى.

ئانىقىز ۋېلىسىپىتنى مىندى ـ دە، كەتتى، ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ بۇنداق بىشەملىك بىلەن قىلغان باتۇرانە ھەرىكىتىدىن ھەيران قېلىشتى. ئانىقىز ئانىسىنى ۋېلىسىپىتكە مىنگۈزۈپ كېتىۋېتىپ بايىقى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەردى.

ـــ بوپتۇ، بېشىڭ ساقىيىدىغانلا ئىش بولسا... ئاچقۇچنى تاشلاپ بەرگىنىڭ ئوبدان، خۇدايىم بىر كۈنى سېنىڭ تەلىيىڭنى ئوڭ قىلار...

ئۇلار ھېچقانچە ماڭمايلا ئالدىغا ئەيسا باينىڭ ماشىنىسى كېلىپ توختىدى، كابىنىكىدىن ھولۇققان ئەيسا باي چۈشتى.

ـــ ئىش، چاتاق ـــ دېدى ئۇ بېشىنى تاتىلاپ،ـــ ئەسقەرجان قىزىپ دوختۇرخانىغا

ئېلىپ مېڭىشىم...

ئۇلار دەرھال ماشىنىغا چىقتى. ئەسقەرجان ئورۇندۇقتا كۆزىنى ئاچماي تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى، ئانا ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ ئاھ ئۇرۇشقا باشلىدى:

— ئەستاغپۇرۇللا!.... تونۇردەك قىزىپ كېتىپتۇ، نەزىرلى تىنچ ـ ئامان ئۆتكۈزۈۋالساق بولاتتى.

— ئاۋۋال بالىنى دوختۇرغا كۆرستەيلى، ئاندىن بىر گەپ بولار،— ئەيسا باي كابىنكىغا چىقىپ قېيىن ئانىسىنى چاقىردى،— چىقىسىلا، ئانىقىز... سىڭلىم سىلىمۇ بارسىلا.

ئانا ۋەھىمىگە چۈشتى. ئۇ «گۈلقىزنىڭ يىل نەزىرىسىنى ۋاقتىدا ئۆتكۈزۈۋالساق بولاتتى، باي بۇ يەردە تۇرۇپ قالسا... نەزىرنى قانداق قىلارمىز؟» دەپ ئەنسىرەيتتى. ئانىقىز ئانىسىنىڭ تەشۋىشلىرىنى چۈشەنگەندەك:

— ئانا ئەسقەرجانغا مەن قارايمەن، ئاكا، سىلىمۇ خاتىرجەم بولسىلا، قايتىپ بېرىپ نەزىرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلا،— دېدى.

ئەيسا باي تەسىرلەندى، يانچۇقىدىن 200 يۈەن ئېلىپ ئانىقىزغا بەردى.

— ئەمىسە ماۋۇنى خىراجەت قىلىپ تۇرالا، يەتمىسە مەن بار، ئوبدان سىڭلىم،— ئەيسا باي سۆزلەۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى،— دېگەنىسلەن تۇغقاننىڭ بېغى چىڭ يەردىكەن، باشقا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتتى...

ئەسقەرجان كېزىك بولغانىكەن، كېچىلىرى قىزىپ، سوغۇق تەرلەيتتى، بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمايتتى، ئانىقىز كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز، كۈندۈزلەرنى ئارامسىزلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. لېكىن بۇ جاپالىق، زېرىكىشلىك ئىشتىن ۋايسىمىدى، ئاغرىنمىدى، چۈنكى ھەر ھالدا ئۇ مەخسۇتنىڭ پەسكەشلىكلىرى، تۆپىلىدىن تارتىدىغان ئازابلىرىدىن قۇتۇلغانلىقىغا كۆڭلىدە يوشۇرۇن شۈكرى قىلاتتى، ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، ئەسقەرجاننىڭ قىزىتمىسى پەسىيىپ ئاز ـ ئازدىن تاماق يەيدىغان، ئورنىدىن تۇرالايدىغان بولدى، ئانىقىزمۇ بەزىدە تالاغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرەتتى، ئۇ كۆپىنچە بالىنىستا ئالدىدىكى قاتار كەتكەن چىنار دەرەخلىرى تۈۋىدىكى ئورۇندۇقلارنىڭ ئۆزى خالىغان يېرىدە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى، خىيالى يەنىلا ئۆز ئۆتمۈشىدىن نېرىغا بارمايتتى، بالىلىقىدىن باشلاپ تارتقان جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، ساددا، ئاجىز، مېھرىبان ئانىسىنىڭ پات ـ پات سەمەت ناسۋالدىن تاياق يەپ ئاغرىپ يېتىپ قېلىشلىرى، تۆككەن ياشلىرى، سەمەت ناسۋالنىڭ تاپقانىنى تاۋاكىغا ئاتىۋېتىپ ئارقىدىن دەردكە پايلىماي ئاچچىق موخوركىنى كۈچەپ تارتىشلىرى، ئانىقىزنىڭ كۆزەردە، بازاردا تاماكا ساتقان چاغلىرى، مىرزائەخمەت ... توي قىلغاندىن كېيىنكى مەخسۇت بىلەن ئۆتكەن مەنىسىز تۇرمۇش، دۇكان خېرىدارلىرىنىڭ قىقاس ـ چۇقانلىرى، چاقچاقلىرى، پۇل ... قىسقىسى، ھاياتىدىكى خۇشاللىق، قايغۇلۇق، مەنىلىك، مەنىسىز دەقىقىلەر كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ تۇراتتى، ھەر قېتىم ئۇنىڭ خىيالى مەلۇم چەككە يەتكەندە كۆز ئالدىدا ناھايىتى زور، ھەيۋەتلىك بىر سوئال بەلگىسى پەيدا بولۇپ ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا، جاۋاب بېرىشكە

لايتتى، ئۇ بولسىمۇ، بۇندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئال ئىدى، ئانىسـ مەجۇرقىز مانا شۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەيتتى، بەختسىز تەقدىردىن ئاغرىناتتى، كۆلخاندەك يېنىپ ئۆرلەۋاتقان ئاھۇ-پىغانى يۈرىكىنى، ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلاتتى، ھەسرەت، شامىلى ئۇ كۈللەرنى سورۇپ-توزۇتاتتى.

ئانىقىز قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ۋەھىملىك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى. تاڭ سۈزۈلگەنىدى، ئانىقىز كارىدورغا چىقتى. ئۈچ ساقچى بىر يارىدارنى كۆتۈرۈپ جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى، ئانىقىز سېستىرالاردىن سورىۋىدى:

— ياشلا يىگىتكەن، بىرى پىچاق تىقىپتۇ،— دېيىشتى.

— كىمكەن؟...— ئانىقىز گويا ئۆز تۇغقىنى ھادىسىگە ئۇچرىغاندەك ئەنسىرەپ كەتتى.

— بىلمەيمىز.

ئانىقىز ئەسقەرجاننىڭ يېنىغا قايتىپ كىردى. ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ زەردەك يالتىراپ تۇرغان ھاياتبەخش نۇرى دېرىزىدىن شوخلۇپ كىرىپ ئۆي ئىچىنى ئالتۇن رەڭ نۇرغا كۆمدى. ئانىقىز دېرىزە ئالدىغا كېلىپ ئۇلارغا قاراپ ئۇزاق تۇردى. خېلىدىن كېيىن ئانىقىز دەرۋازا تەرەپتىن ئالدىراپ كېلىۋاتقان ئانىسىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى. ئانىسىنىڭ قانسىز چىرايىنى، كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى كۆرۈپ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى سەزدى.

— ئانا نېمە ئىش بولدى؟

ئانىسىنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلايتتى، قارىداپ كەتكەن كالپۇكلىرى دىر-دىر تىترەپ، تىلى كالۋالىشىپ قالدى، ئانىقىز ئۇنى يۆلەپ كۆلمۈككە ئېلىپ كەلدى، قول ياغلىقىنى چىقىرىپ ئانىسىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتتى.

— نېمە خاپىلىق تارتتىڭ؟ دادام بىر نېمىدەپ ئازار بەردىمۇ؟ دېگىنە؟

— قىزىم بىزگە كەلگۈلۈك كەلدى،— ئانا خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقاتتى،— داداڭ بىلەن مەخسۇت بىرلىشىپ ھېلىقى...ھېلىقى سېنى ئۇتتۇۋالغان بالا... مىرزائەخمەتكە پىچاق تىقىپتۇ.

— ھە!...— ئانىقىزنىڭ يۈرىكى قارتىدە قىلدى، تېنىگە غۇژژىدە سوغۇق تىترەك ئولاشتى، كۆزلىرى غەزەپتىن ياندى،— نېمىشقا؟

— بىلمەيسەن قىزىم؟ يەنە شۇ قىمار... قىمار ئوينىغان گەپ، ئۇ بالىنى دوختۇرخانىغا ئەپكېتىپتىمىش... كۆرگەنلەر يارىسى خېلى ئېغىر دەيدۇ، ساقچىلار داداڭ بىلەن مەخسۇتنى ئىزدەپ يۈرۈيمىش.

ئانا جىمىپ قالدى، يەنە سۆزلىگۈدەك ھالى يوق ئىدى، ئانىقىز كۈتۈلمىگەن بۇ پاجىئەدىن مەڭدەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، ئانا-بالا ئىككىيلەن يېرىم سائەتكىچە يېقىن ۋاقىتنى جىمجىت ئۆتكۈزدى، يىراقتىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنالى ئاڭلاندى.

— تۇتۇپتۇ-دە!— دېدى ئانا ئېغىر خورسىنىپ.

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، ئانا، قايغۇرما، بۇ دېگەن قانۇن ئىشى، سېنىڭ مېنىڭ

قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، ھەركىم ئۆز بېشىغا كەلگەننى كۆرەر، قانداق قىلىمىز.

ئانىقىز ئاغزىدا شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلىدە باشقىچە خىياللار كېزىپ يۈرەتتى، سەمەت ناسىۋال ھەققەتەن ئايالى، قىزلىرى ئالدىدا ياخشى تەسىر قالدۇرمىغان، كونا بازارلىقلار ئالدىدا ئىززەت ـ ئابرويىنى يوقاتقان ئادەم ئىدى، ياشلىقىدىن تارتىپ شۇغۇللىنىپ كەلگەن ناتوغرا كەسپى ئاخىرى قانۇن تورىغا چۈشۈشىگە سەۋەبچى بولدى، ئانىقىز دادىسىغا نەپرەتلىنىشىنىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشىنىمۇ بىلمەي گاڭگىراپ قالدى، سەمەت ناسىۋال ئانىقىز ئۈچۈن بەرىبىر دادا ـ دە، مەخسۇتچۇ؟ ئۇنىڭ قولغا چۈشكىنى ئېنىق بولدى، مىرزائەخمەتكە ئۇۋال بولدى.

ئانىقىز تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كىرگەندە مىرزائەخمەتنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئۇقتى، ئۇ دېجورنى ئىشخانىسىدىن ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ كوچىغا چىقتى، يىراقتىن ئەيسا باينىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختىدى.

ــ شۇم خەۋەر ئاڭلايمىنا، سىڭلىم،ــ ئەيسا باي ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپلا سورىدى،ــ نېمىكەپ بۇ؟

ئانىقىز ئانىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئەيسا باي ئەھۋالنى ئېنىق ئۇقۇش ئۈچۈن ئانىقىزنى باشلاپ ساقچى ئىدارىسىگە باردى ۋە ساقچىلاردىن تۆۋەندىكىنى ئاڭلىدى:

سەمەت ناسىۋال بىلەن مەخسۇت شۇ ئاخشىمى چېكە مەھەللىگە مىرزائەخمەتنىڭ ئۆيىگە بارغان، ئۈچەيلەن بىللە قىمار ئوينىغان، مىرزائەخمەت قىمار ئوينىمايمەن، دەپ تۇرىۋالغانمۇ ياكى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، بېرىدىغان پۇلى يوق بولغاچقا جېدەل چىققانمۇ... ئۇنىڭغا پىچاق تىقىلغان، مىرزا ئەخمەت قانىراپ، ھوشىنى يوقاتقاچقا، ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئېنىقلاشقا مۇمكىن بولمىغان، ھازىر بۇ ئەنزە جىددىي تەكشۈرۈش باسقۇچىدا ئىكەن.

كۈنلەر ۋەسۋەسە، پەرىشانلىقتا ئۆتتى، ئانا زىققى كېسىلى كۈچىيىپ كېتىپ يېتىپ قالدى، ھەممە ئېغىرچىلىق ئانىقىزنىڭ زىممىسىگە چۈشتى، ئۇ ئەمدى دوختۇرخانىدا ئەسقەرجانغىمۇ، مىرزائەخمەتكىمۇ ھامىي ئىدى، تېخى يەنە تۇرمىگىمۇ تاماق توشۇيتتى، ئەسقەرجان دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ ئانىقىزنىڭ ئىشلىرى ئازايمىدى، ئۆي، دوختۇرخانا، تۇرمە... ئوتتۇرىسىدا كۈنىگە بىر ـ ئىككى قېتىم قاتناش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى، ئەيسا باي قېيىن ئاتىسىنىڭ ئىشى توغرىسىدا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى، ئۆزىنىڭ نام ـ شۆھرىتى، يۈز ـ ئابرويىدىن پايدىلىنىپ مۇناسىۋەتلىك بەزى باشلىقلارنىڭ ئالدىدىن نەچچە ئۆتتى، ئۇلارغا زىياپەت بەردى، سوۋغا ـ سالام ئاپاردى، بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت ئانىقىز ئۈچۈنلا ئىدى، ئەيسا باي قۇۋ، ئەقىللىق، ئۇ ئانىقىزنىڭ مەخسۇت بىلەن ئۆي تۇتمايدىغانلىقىنى، مەخسۇت قويۇپ بېرىلگىچە ساقلاپ تۇرماستىن ئاجرىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ سەمەت ناسىۋالنى يەڭگىلىرەك، مەخسۇتنى ئېغىرراق جازالاش توغرىسىدا سوت مەھكىمىسىدىكىلەرگە ھال ئېيتتى، ئانىقىزنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىش توغرىسىدىكى ئەرزىنىمۇ ئۆزى ئەكىرىپ بەردى، ئانىقىز ھەر كۈنى

مىرزائەخمەتنىڭ قېشىغا كېلەتتى، سائەتلەپ ئولتۇراتتى، بىر كۈنى مىرزائەخمەتنىڭ ئاغزىدىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاڭلىدى، سەمەت ناسۋال بىلەن مەخسۇت: مەندىن ۋېلسىپىت ئۇتتۇۋالدىڭ، مېنىڭ خوتۇنۇمنى ئۇتتۇۋالدىڭ، بۈگۈن ئويناىمىز، ئۇتتۇرساق بىزدە پۇل بار، ئۇتتۇرساڭ سەن نېمە بېرىسەن؟... دېيىشىپ تەھدىت سالغان، قورقۇتقان. مىرزا ئەخمەت، مەن قىمار ئوينىمايمەن، قەتئىي ئوينىمايمەن، دەپ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ جېدەل قىلىشقان، مەخسۇت بىلەن سەمەت ناسۋال چىدىماي ئاخىرى ئۇنىڭ بەدىنىگە ئۈچ قېتىم پىچاق تىققان.

— مېنى ئۇتتۇۋالغىنىڭنى، ئۆيۈڭدە قونغىنىمنى قەتئىي ئىقرار قىلما،— دېدى ئانىقىز.

مىرزائەخمەت ئۇزۇندا ساقايدى، بۇ جەرياندا ئانىقىز ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى، دوختۇر، سېستىرالار بۇ ئىشتىن ھەيران قالدى، گۇمانلاندى، ئانىقىزنىڭ پەرۋايى پەلەك، ئۇ پەقەت ئۆز ھېسسىياتى، ئويلىغىنى، ئارزۇ ـ ئېتىقادى بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى، مىرزائەخمەت دوختۇرخانىدىن چىققىنىدا چاغدا ئۇنىڭ داۋالىنىش ھەققى ئۈچۈن كېتىدىغان 750 يۈەن پۇلنى ئانىقىز تۆلىدى ۋە قولىغا 250 يۈەن بەردى.

— بۇ... بۇ... نېمە قىلغىنىڭ؟

— ئال، ھېلىقى كۈنى ئۆيىڭدىن مىنىپ كەتكەن ۋېلىسىپىتنى ساتتىم، شۇ پۇل، ئاياپ خەجلە، بۇندىن كېيىنمۇ ھوشۇق ئاتىدىغان يەرگە بارما، ئەمدى بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇت، ھالال پۇل تاپىدىغان بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇت، قارا، مەن مەخسۇتتىن ئاجراشسام... سەن... سەن ئالامسەن مېنى؟

— نېمەمگە ئالىمەن؟ مەندە ئىسسىق جاندىن باشقا ھېچنېمە يوق.

— ئوغۇل بالىغۇ سەن ـ ھە!

مىرزائەخمەت سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— سەن تېخى ئەرنىڭ قولىدا، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

— ئىزدەپ تۇرارسەن ـ ھە؟

ئانىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ بالنىستىتا ياتتى، ئانىقىز دوختۇرخانا بىلەن ئۆي ئوتتۇرىسىدا قاتناۋەردى، ئانىسىگە كەلگەن ئېغىرچىلىق ئۇنىڭ نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقىرىۋەتكىلى تاس قالدى، خاتىرىسى بۇزۇلۇپ ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى تولۇق ئەسلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، كېيىنكى كۈنلەردە نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. دادىسىغا ئۈچ يىللىق، مەخسۇتقا يەتتە يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگىنى، مىرزائەخمەتنىڭ ساقىيىپ چىقىپ كەتكەن پېتى ھېچ يەردە كۆرۈنمىگەنلىكى، ئۆزىنىڭ سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق مەخسۇتتىن ئاجراشقانلىقى، ئەيسا باينىڭ توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ ئۆيگە كېلىۋاتقانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر شۇنچە تېز بولۇپ ئۆتتى ۋە بۇ ئىشلار ئانىقىزنىڭ كۆڭلىدە غۇۋا سايە قالدۇردى، شۇ كۈنلەردە پەقەت ئەيسا بايلا ئانىقىز ئانىسىنىڭ بىردىنبىر ھىماتچىسى سۈپىتىدە كۈندە دېگۈدەك كېلىپ ـ كېتىپ يۈردى. ئۇ ئانىقىزنىڭ ئۆيىگە گۆش، ماي، ئۇن، كۆمۈرلەرنى توشۇپ تۇراتتى، بىر جىڭ گۆش ئالسىمۇ ئاتايىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېلەتتى، قىش ئۆتتى، ياز ئۆتتى، مىرزائەخمەت

كۆرۈنمىدى، مانا، كۆزدە ئانىڭىز ئانىسىنىڭ زارىغا چىدىماي دەسلەپ بويىنىدىن باغلىغان موزايدەك تىرەجەپ، كېيىن ئۆزىمۇ قىزىقىپ، باي بىلەن توي قىلدى...

سائەت 11 دە سېپىتىرا چۆشلۈك دورىنى ئەكىردى، ئانىڭىز دورىنى ئىچىپ بولۇشىغا مىرزائەخمەت كىردى، ئانىڭىز قىزارغان، لېكىن ئەسلى گۈزەللىكى بىلەن چاقناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىنى مىرزائەخمەتكە تىكتى.

— باي گۈش پىشۇرۇپ ئەكىر دېگەنتى، مانا... قىزىقىدا يەپ باقسىلا. —

مىرزائەخمەت گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېمەستىن بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— توختا! توختىغىنا، مىرزا ئەخمەت، — ئانىڭىزنىڭ ئاۋازى يىغىغىمۇ، نالىشىمۇ، خىتاب، بۇيرۇقمۇ ئوخشىمايدىغان غەلىتە ئاھاڭدا چىقتى، — توختىغىنا، ئولتۇرە كارىۋاتتا...

مىرزا ئەخمەت بىر نەچچە سېكۇنتقا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە بوشاشقان ھالدا ئاستا كېلىپ ئانىڭىز ياتقان كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى بوش كارىۋاتتا ئولتۇردى.

— سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھىم شۇنچە چوڭمۇ؟

— ياق، سىلى تېخى ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلغان، مەن ياخشىلىقلىرىنى ياندۇرالمىدىم.

— تىلىڭنى چاينىماي تۈزۈك گەپ قىلە، بۈگۈن سەن بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىمەن، — ئانىڭىزنى يۆتەل تۇتتى، ئۇ گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ياستۇققا يۆلەندى، — ئوغۇل بالىدەك ئولتۇرغىنا، مېنى تونۇماسقا سالغىنىڭ نېمىسى؟

— خۇدادىن قورقىمەن، بايدىن قورقىمەن، خېنىم، سىلى دېگەن ھازىر كاتتا باينىڭ خېنىمى، مەن... مەن بىر چاكار تۇرسام.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا... دەپباقسىنا، مېنى مەخسۇتتىن ئۇتۇۋالدىڭ، ئۆيۈڭگە ئەكەتتىڭ... ئۇ چاغدا خۇدادىن قورقمىغانمىدىڭ؟

مىرزائەخمەت قىزىرىپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى.

— سېنى مەن ھەقىقىي ئەر دەپ ئويلايمەن.

مىرزائەخمەت ھامان كۆشىيىپلا ئولتۇراتتى، ئانىڭىز ئۇنىڭدىن بىرەر سادانىڭ چىقمايدىغانلىقىنى سېزىپ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ تاشلىدى، مىرزائەخمەت بىر قاراپ، بىر تاتىرىپ ئولتۇراتتى، بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى نېپىز لەۋلىرى ئۆمچىيەتتى، تىترەيتتى.

— باشتا كەتكۈزۈپ قويغان، بۇ سەۋەبلىك مەندە، ئۇ چاغدا ھەر ئىككىمىز گۆدەك، نادان ئىدۇق، شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر مۇھىم پەيت كەلگەندە سەن قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جىممىدە يوقاپ كەتتىڭ، بولۇپمۇ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە، دادام قاماققا ئېلىنىپ كېسىلىپ كەتكەندىن كېيىن... سەن شاقىيەۋېلىپلا قاراڭنى كۆرسەتمىدىڭ، ئاھ... خۇدا! ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن، ئەقىلسىز كېلىدىكەن، مەن سېنى بىر كۈنىمۇ يادىمدىن چىقارمىدىم، مەخسۇتقا تەگكەندىن كېيىن، قىمازدا ساڭا ئۇتتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەتتا ئاشۇ قارا زەڭگىگە تەگكەندىن كېيىنمۇ... تۇۋا، كۆيۈك دېگەن شۇنداق بولامدىغاندۇ؟ مەن تۈزۈك رەك ئوقۇمىغان، كۆڭلۈمدىكىنى تولۇق دەپ بېرەلمەيمەن، ئەمما

مەن سىنى ... سەن بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە ئۆتەي دەپ ... دەپباقە، بۇ دۇنيادا ھېچكىم مۇرادىغا يېتەلمەي ئۆلەمدۇ؟

ئانىقىز جىمىپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ يەشى توختىمايتتى، مىرزائەخمەت پۈتىنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭمۇ كۆز چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ تۇراتتى، ئانىقىز سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن شور پېشانە، تەلەيسىز، بۇ دۇنيادا ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغان ھېچكىم يوق، دېگىنە، سەن دوختۇرخانىدىن چىققانىدىن كېيىن نەگە كەتتىڭ؟ شۇ چاغدا مەن دېگەن بىر ئېغىز سۆز يادىڭدا بارمۇ؟

مىرزائەخمەت تاغدەك ئېغىر يۈك ئاستىدىن مىڭ تەستە ئۆمىلەپ چىققىپ ئاران ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان ئادەمدەك ناھايىتى ئاستا بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ يۈزلىرى ياش بىلەن نەملەنگەنىدى.

— ئۇ گەپنى ئۇنتۇپ قالمىدىم، لېكىن ... ساقىيىپ چىقىپلا ئۇرۇمچىگە كەتتىم، سەن... سەن بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇت دېگەنىدىڭ، شوپۇرلۇق دېگەننى ئاشۇ شەھەردە ئۆگەندىم، بىر مەھەل باشقىلارنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىدىم، بۇ يەرگىمۇ ... ئاخىر سېنى دەپ قايتىپ كەلدىم، ئاڭغىچە توي قىپسەن، مەندە نېمە ئامال؟ مانا ھازىر ئېرىڭگە ياللاندىم، ماڭا شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك ... ھەر كۈنى دېڭۈدەك سېنى كۆرۈپ تۇرىمەن.

— بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ئويلاپ باق، بۇ ھەر ئىككىمىزگە ئازاب ئەمەسمۇ؟ ھېكىيت بولساڭ، ئۆزۈڭنى ئەر دەپ ھېسابلىساڭ مېنى ئويلا،— ئانىقىز يىغا ئارىلاش سۆزلەۋېتىپ بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك تۇيۇقسىز سوراپ قالدى،— سەن ئۆيلەندىڭمۇ؟

— ياق، مەن بىر يېتىم كەمبەغەل تۇرسام ...

ئانىقىز ئېغىر تىندى، كۆز چاناقلىرىدا يالتىرىغان ياشلار تارامىلاپ تۆكۈلدى، قارىچۇقلىرىدا مۇھەببەتكە بولغان ئۈمىدۋارلىقنىڭ سىرلىق ئۇچقۇنلىرى ياندى، تۇساتتىن قىزىتمىسىمۇ پەسلەپ قالغاندەك .تۇيۇلدى.

— ئۆيلەنمىدىڭ شۇنداقمۇ؟ ھە، كېيىمگە قۇلاق سال، ئەمدى قالغان ئىشنى مەن دېگەندەك قىلسەن، نېمە دېسەم ھەئە دەيسەن، بولمىسا ...

— ئانىقىز ... مېنى ئۆز ھالىمغا قويغىن ... ياق، بۇنداق دېسەم خاپا بولما، سېن دېگەن باينىڭ قولىدا ...

— ئەر بولغىنىڭ شۇمۇ؟ ساڭا مۇشۇ باي بولسىلا بولامدۇ، باشقا يەردە كۈن ئالغىلى، ياشىغىلى بولمامدۇ؟ ھەر ئىككىمىزگە ئاش،نان بولسىلا ھېسابمۇ، بۇنداق كۈننى ھايۋاننىڭ كۈنى بىلەن ئوخشاش دېسىمۇ بولىدىغۇ؟

مىرزائەخمەتنىڭ كاللىسىغا نېمە تەسىر قىلىدىكىن، شاققىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە چىقىپ كەتتى، ئانىقىزنىڭ ئەزىيى تېشىپ، بىردەم ئۆز ـ ئۆزىگە كايىدى، مىرزائەخمەتنى تىللىدى، قارغىدى، ئاندىن يىغا تۇتتى، ھەسرەتلىك، ئازابلىق يىغا، خورلۇق يىغىسى، ئۇ گۆشىنىمۇ يېمىدى، شورپىمۇ سوۋۇپ قالدى، ئەيسا باي كىردى، ھال سورىدى، يىغىنىڭ ئەتىگەن باشلانغانلىقى، چۈشتىن كېيىن يەنە

داۋاملىشىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر تالاي تۇترۇقسىز گەپلەرنى قىلىپ ئانىقىزنى بىزار قىلدى، باي كەتكەندىن كېيىن ئانىقىز يالغۇز يېتىپ يەنە مىرزائەخمەتنى ئەسلەپ ئۇنىڭغا ئۆز كۆڭلىدە غايىبانە لەپرەت بىلدۈردى، ئارقىدىن ئۇنىڭ هازىرقى هالىغا ئېچىندى، «كۆڭلى سۇنۇق، هېچنېمىسى يوق، غېرىب ـ بىچارە، راست دەيدۇ، ئۇ راجىدەك سەرگەردان، قولىدىن نېمە كېلىدۇ، قورقمەن دېگىنى توغرا، باي سېزىپ قالسىلا ئۇنى قوغلىۋېتىدۇ، يەنە نەدە تېنەپ يۈرىدۇ، كىمگە يالىنىدۇ، قاچان يەنە بىر ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتۇپ تۆت ـ بەش كوي پۇل تاپقىچە... نېمە كۈنلەرنى كۆرىدۇ، يامان يولغا مېڭىپ يەنە هوشۇقنى تاپسا... يېگانىلىك، قولى ئۆزۈكلۈك، ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتكەن، جىنايى قەست بىلەن شىكەستلەنگەن روهى ۋە جىسمانىيىتى ئۇنى تېخىمۇ ئېهتىياتچان، قورقۇنچاق قىلىپ قويغان، بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكىمۇ؟ ئۇمۇ مېنى دەپ ئۆرۈمچىدىن قايتىپ كەپتۇ، لېكىن ئۇ تېخى ئۆيلەنمەپتىغۇ، مەن بولسام ئىككى نىكاهلىق بولدۇم، بىرنى تۇغدۇم، مەيلى بۇمۇ هېچگەپ ئەمەس، كونىلاردا ئېلىپ قاچقۇدەك جۇۋان بار، تاشلاپ قاچقۇدەك قىز دېگەن تەمسىل بارغۇ،مۇشۇ بويۇم، مۇشۇ هۆسن ـ چىرايىم بىلەن... ئۇنىڭ خوتۇن ئالغۇدەك پۇلىمۇ يوق، مەن ئۇنىڭغا بىر پۈتكۈل تويلۇق ئالدۇرمايمەن. تۇنجى قېتىم ماڭا كۆيگەن، توي قىلىش تەلىپىنى قويغان دەل شۇ مىرزائەخمەت ئەمەسمۇ؟ هېلىقى چاغدىمۇ ئۇ «سېنى مەن شەرمەندە قىلدىممۇ، ياق بۇنى ئېرىڭ لامزەللىدىن كۆر، ئۇ سېنى ئۇتتۇرۇۋەتتىغۇ، مەن ئۇتقاندىكىن، ئۇ نېمە بەرسە ئالىمەن ـ دە» بولۇپمۇ مەن ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ يۈرگەن مەشۇقۇمنى دوغا تىكسە ئەلۋەتتە ئۇتۇۋالىمەن ـ دە، بۇمۇ تەقدىر ئىرادىدۇ، بولدى يىغلىما، ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ كەت، سېنى ئۆزۈم ئالىمەن، توي قىلىمىز، بۇ كېيىمگە ئىشەنمەسەن؟» دېدى، دېمەك ئۇ ئەزەلدىن ماڭا ئاشىق، كۆڭلى مەندە، ئېهتىمال ماڭا تاتىشىپ ئۆيلەنمىگەندۇ، باشقىسى كۆڭلىگە سىغمىدى، مېنى بىراقلا كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، بىر ـ بىرىمىزنى يارىتىمىز، بۇنىسى چوقۇم، پەقەت ئۇنىڭدا جۈرئەت يوق، لېكىن، ئۇنىڭدا جۈرئەت ـ شىجائەت، پەيدا بولىدۇ، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتالايمەن، قورقمايدىغان قىلىمەن، ئاخىرى مېنى بىر مىنۇت كۆرمىسە تۇرالمايدىغان هالغا كېلىدۇ تېخى، ئۇنىڭغا تېگىمەن، باينىمۇ، بايلىقىنىمۇ كۆردۈم، تويدۇم، سېسىق، بەدبۇي، قېرى زەڭگى... كەمبەغەل بولسىمۇ، يەنىلا مىرزا ئەخمەت ياش، كۆڭلى تۈز، ئۇنىڭ بىلەن مىجەزىم كېلىشىدۇ، شوپۇرلۇق هۈنىرى بار، ئەدە بولسا جېنىنى جان ئېتەلەيدۇ، مەنمۇ... هېچبولمىسا... سارەگە ئوخشاش كىچىكرەك بوتكىدىن بىرنى ئېچىپ كۈن ئۆتكۈزەرمىز...

چاڭ ـ توپىغا مىلەنگەن ئەيسا باي دەرۋازىدىن موتسىكلىتنى يېتىلەپ كىرگەندە هويلا ئادەمسىز، جىمجىت، قاراڭغۇ ئىدى، بوران چۆل بۆرىلىرىدەك هۇۋلاپ قاراڭغۇلۇقتا تېخىمۇ سۈرلۈك ۋەهىمە بەخش ئېتەتتى. قورۇ ئىچى توپا ـ چاڭ، ئەخلەت ـ چاۋا بىلەن تولغانىدى، بۈگۈن ئەيسا باي يەتتە كۈنلۈك يىغىننى تۈگىتىپ قايتىشى ئىدى، يىغىندىن كۆڭلى غەش قايتىپ كەلگەن ئەيسا باي هويلىغا كىرىپ هېچكىمنىڭ ئالدىغا چىقمىغانلىقىنى كۆردى ـ دە، تېخىمۇ خورلۇق هېس قىلدى، بوران بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتاتتى.

— ھەي ... قايسىڭ بار، ئۆيدە؟

بوران بۇ ئاۋازنى ئۆي ئىچىگە ئەمەس، سىرتقا، چاڭ-توزانلىق دالاغا ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئەيسا باي دەرۋازىنى يېپىپ زەنجىرلىدى، قاغىنتۇمشۇققا اوم تۆمۈرنى ئۆتكۈزدى-دە، ئۇدۇل كىچىك مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى، ئۈستىبېشىدىكى توپا-تۇماننىمۇ قاقماستىن، تاشقى كىيىملىرىنى سالدى، بىر پەس پۇشۇلداپ تىنىپ ئۆرە تۇردى، ئاندىن تام تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ، تۈگۈلۈپ يېتىۋالغان ئانىقىزنىڭ دۈمبىسىگە ئۆزىنى چاپلىدى، بۇرۇقتۇملۇق سېسىقچىلىق ئانىقىزنىڭ پۈتكۈل ئىچكى ئەزالىرىنى ئۆرۈپ-سىلكىپ ئاغرىتىشقا باشلىدى، ئەتىگەندىن بېرىكى بىرە-بىرە خۇشلۇق، ئۈمىدتىن، قەتئىي نىيەتتىن تۇغۇلغان بىر ئارمان بىراقلا يوقىلىپ كۆڭلى خەۋپسىرەش ئىچىدە ئاستىن-ئۈستۈن بولدى. «ئالدىرىغاندا ئۆلۈك ئۇچراپتۇ» دېگەندەك ماۋۇ زەڭگىنىڭ بۈگۈن قايتىپ كەلگىنىنى... قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەتە، ئۆگۈن بىر پەيت كەلتۈرۈپ، ياق، ئەمدى تاقەت يوق، بىر مىنۇتمۇ، جەزمەن بۈگۈن...» ئانىقىز دىمىغىغا ئۇرۇلغان بەدبۇي پۇراقتىن سەسكىنىپ نەپەس ئالالماي قالدى، «ئاھ... ئاچا، سەن قانداق چىدىغان بولغىيدىڭ؟» ئانىقىز يوتىسى، كاسىسى ئۈستىگە ئارتىلغان سېمىز، تۈكلۈك، يىرىك پاچاقنى پۈتى بىلەن سىلكىپ-ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى، پاچاق يەنە سۈركەلدى. «قۇتۇلغىلى بولمايدۇ بۇنىڭدىن، كېچىچە ئۇخلىمايدۇ، توختا بۇنى ئۇخلىتىش كېرەك، تويمايدىغان قىلىپ...» قارىمۇ قارشى، زىددىيەتلىك خىياللار ئانىقىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ رۇباشكىسى ئۈستىگە قىزىل يۇڭ پوپايكىسىنى كىيدى، چىراغنى يېقىپ ئىشكاپتىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى.

— جېنىم ... بۇ ... بۇ ... نېمە قىلغانلىرى؟ سىلە ھاراق ئىچەملا؟

— ھەئە، ئىچىمەن.

— ياق، سىلە دېگەن ئايال كىشى، ئىچسىلە بولمايدۇ، زىيان قىلىدۇ.

— پايدا قىلىدۇ، ئىچىمەن.

— جېنىم، جېنىم!...— ئەيسا باي ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ دەسلەپ مەڭدىدى، كېيىن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى،— ئىچمىسىلە، ئەگەر ھە... ئىچكىلىرى كەپكەتكەن بولسا پەقەت بىر رومكا...

— ھەممىنى ئىچىمەن!— ئانىقىز بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

— ياق، ياق، سىلى ئۈچۈن مەن ئىچىۋېتەي،— ئەيسا باي كېلىپ ئانىقىزنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى، رومكىنى ئالدى، رومكىنى لىق توشقازدى.

— مانا... سىلە ئۈچۈن، خوش!

— ھەممىنى ئىچىلا جۇما!

— جېنىم، بۇ...

— خوش، ئەمسە!

ئەيسا باي ئىچىپ بولۇپ ئانىقىزغا قارىدى، ئانىقىز، يەنە ئىچىسەن- دېگەندەك بىر قىياپەتتە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئەيسا باي يەنە بىر رومكا ئىچتى، ئانىقىزنىڭ

كۆزىگە قارىدى، ئانىقىزنىڭ كۆزلىرى ھامان ئۇنى ھاراق ئىچىشكە مەجبۇرلاۋاتـ قاندەك بىر نەزەردە تىكىلىپ تۇراتتى، بوتۇلكا يېرىملاشتى.

— سىلى ئۈچۈن ھېلىغۇ هاراقكەن، زەھەر بولسىمۇ ئىچىۋېتىمەن، سىلىنى ئايىمـ سام، ئايىمسام بولامدۇ؟ ھى ...ھى ...

— مەن دېگەن سىلىنىڭ خوتۇنلىرى ـ دە، شۇڭا...

— ھى ... ھى ... ھى ... ئەيسا باي ئانىقىزنىڭ ئىچىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالتىس خۇشال بولدى، ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ دەلدەڭشىپ كەتتى، ئانىقىز ھېچۋاقىتتا قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدى، يەنى ئېرىنى يۆلەپ ئاپىرىپ ياتـ قۇزدى، يوتقاننى ياپتى، ئۆزى چەتتە ياتتى، ئەيسا باي بۇ كۈتۈلمىگەن ئىلتىپاتتىن تېخىمۇ قاتتىق مەست بولغانىدى، بىردەم ئانىقىزغا قوللىرىنى ئۇزاتتى، ئۇ يەر ـ بۇيېرىنى تۇتتى، بارا ـ بارا جىمىپ ئۇخلاپ كەتتى، ئانىقىز ئۇنى بىرقانچە قېتىم تۇرتۇپ باقتى، چاقىردى، ئېرىنىڭ ھېچنېمىنى تۇيمىغۇدەك ھالەتتە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، قېلىن كىيىنىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دالانغا، ھويلىغا چىقتى، بوران دىم توختاپ، دىم كۈچىيەتتى، ئانىقىز يۈز ـ كۆزىنى بوراندىن توسقىنىچە ئاستا مېڭىپ دەرۋازىغا يېقىن كەلدى، زەنجىرنى تۇتۇپ كۆردى، «خۇداغا شۈكرى، قۇلۇپ يوق» ئادەتتە ئەيسا باي ئۆيدە بولسىلا دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىنمايتتى، ئەيسا باي يوق بولسا ئۇنىڭ سىڭـ لىسى توخۇ قونداقتا چىقماستىنلا ئالدىراپ ـ سالدىراپ دەرۋازىغا قۇلۇپ سالاتتى، ئاچـ قۇچنى بولسا ئۆز يېنىدا ساقلايتتى، ئانىقىز يانغا بۇرۇلۇپ مىرزائەخمەتنىڭ ياتىقى ئالدىدا بىر ھازا تۇردى، بوران تىنماي گۇركىرەيتتى، ھويلىدا نېمىلەردۇر تاراقشىيتتى، داراڭلايتتى، ئانىقىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھۇجرا تەرەپكە قورقۇمسىراپ قارايتتى، ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ ياتاق ئىشىكىنى تىرىقلاتتى، مىرزائەخمەت شىپىلداپ كېلىپ ئىشىك كەينىدە توختىدى.

— ھەي...

— ھە!

— موتىسىكلىت ھويلىدا، ماي قاچىلا، تېزرەك ـ ھە!

— باي كەپقالدىغۇ، تۇيۇپ قالىدۇ، بۈگۈن بولمايدۇ.

— باي ئۆلۈكتەك ياتىدۇ.

— ياق، ئانىقىز مېنىڭ كۆڭلۈم كۈۋاھلىق بەرمەيۋاتىدۇ، بىر ئىش بولىدىغاندەكلا...

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلە، بولمىسا...

— ما ... ماقۇل.

ئانىقىز كەينىگە يېنىپ مېھمانخانىغا كىردى، يالغۇز كىشىلىك دىۋاندا ئولتۇردى، ئەيسا باي دىم پۇشۇلداپ، دىم جىمجىت يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى.

ئانىقىز پەلتوسىنى كىيدى، يۈك ياغلىقىنى بېشىغا چىڭ ئوراپ، ئالدىقاچان تەيـ يارلاپ قويغان بوخچىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، مىرزائەخمەت موتىسىكلىت يېنىدا تۇراتـ تى، ئۇ ئانىقىزنى كۆرگەندىن كېيىن قورقۇنچ ئىچىدە تىترىگەن پېتى بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

تېرەكلەر شالدىرلاپ خازان تۆكمەكتە، خازانلار پۇرۇلداپ تۇرغان توپا-چاڭ بىلەن ئارىلىشىپ ئۇچماقتا.

— مەن ھەيدەيمۇ؟ — دېدى مىرزائەخمەت رولنى تۇتۇپ.

— ياق، سەن ئارقامغا مىن!

ئانىقىز چەبدەسلىك بىلەن موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇردى ۋە بورانلىق تۈن قوينىغا شۇڭغۇدى، ئەپسۇس ... توپا-چاڭ يولنى ئېنىق كۆرسەتمەيتتى. تېز مېڭىش تەس ئىدى، قۇم-توپا يۈز-كۆزلەرگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلاتتى، لېكىن ... ئانىقىز بىلەن مىرزائەخمەت بارلىق قورقۇش، خەۋپ، دىلغۇللۇق، ئىزتىراپ ...نى ئۇنۇتقان، باشنى قولتۇققا قىسقان، بۇرۇنقى ئەسلىمىلەر، قىسمەتلەر پۈتۈنلەي ئەستىن كۆتۈرۈلگەن، پەقەت بۇ يەردىن پاتراق، تېز قېچىپ كېتىشتىن ئىبارەت بىرلا ئوي، بىرلا خىيال ... بۈگۈن قېرىشقاندەك بوراننىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان، ئۇششۇك، توغرا ئۇششۇك، بورانلىق ئۇششۇك مېڭىپتۇ، تەبىئەت قوينىدىكى بارلىق ناپاكنى قۇرۇتىدىغان ئاچچىق، مۇدھىش شامال، ئۇششۇك، توپا ئارىلاش بورانلىق ئۇششۇك، ئەيسا باينىڭ كېپەزلىكلىرى، تېخى تولۇق ئېچىلىپ بولمىغان غوزىلار، سەيلىكتىكى لازا، چەيزە، بەسەي... ھەممىسى مۇشۇ ئۇششۇك شامالدا بىراقلا توڭەيدۇ.

بۈگۈن ھەرگىلمىز ئۇششۇك ماڭغانىدى، مىرزائەخمەت ئۆزى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى بۇ ئايال زوراۋاننىڭ مۇشۇ مېڭىشىدا ئۆزىنى نەگىچە ئاپىرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. توغرا، بۇ يەردىن كېتىمىز، باش ئېلىپ كەتسەكلا ... ئادەم بولغانىدىكىن بىر ماكان تېپىلىدۇ، جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان، ئانىقىز مەندە پۇل بار، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتقىچە قىسىلىپ قالمايمىز دېدىغۇ...

ئەيسا باي قاتنىشىۋاتقان يىغىن تۈگىنچى كۈنىگە قەدەم قويغان پەيتتە ئانىقىز دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئەيسا باي ئاقمەسچىتكە بارىدىغان بىرىدىن «مىرزائەخمەت ماشىنىنى ھەيدەپ كەلسۇن» دەپ ئېيتىپ بەردى. مىرزائەخمەت دەرھال يېتىپ كەلدى، ئانىقىزنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ماشىنىنى ئاقمەسچىتكە — ئۆيگە ھەيدەپ ماڭدى.

— مىرزائەخمەت، ئاقمەسچىتكە بارمايلى، ماشىنىنى كەينىگە قايتۇر، قەشقەرگە، ياق، ئۈرۈمچىگە قاچايلى.

— ياق، — دېدى مىرزائەخمەت قوپال ئاۋازدا، — مېنى كۈن ئالغىلى قوي، ماشىنا بىلەن قاچساق ئاسانلا تۇتۇلۇپ قالىمىز.

— نېمە؟ سەن ۋىجدانسىز ... بەدىنىڭدە بىر تالمۇ ئەركەك تۈكۈڭ يوق سەن بىرنېمىنىڭ!...

— ئەركەكمەن دەپلا ئىچىۋاتقان ئېشىمغا توپا سالسام ...

— مەن بىلەن قاچساڭ ئىچىدىغان ئاش تاپالماي قالارسەنمۇ؟

ئانىقىزنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، كۆزلىرىدىن دەھشەتلىك بىر ئۇچقۇن چاچراپ چىقتى.

— توختات ماشىنىنى!

ئانىقىز زولغا ئېسىلدى، مىرزائەخمەت ئائىلاج ماشىنىنى توختاتتى، ئانىقىز ئۇنىڭ ماي ھىدى سىڭگەن چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن قامااللاپ تۇتتى.

— دېگىنە ساڭا ئاش - نان بولسىلا، گال بولسىلا بولامدۇ؟

— لازىم، ھەممىسى لازىم ... — مىرزائەخمەتنىڭ بۇرنى، ئىككى مەڭزى لازىدەك قىزاردى، — ئانىقىز ياقامنى قويۇۋەت، بىرى كۆرسە ...

— توخۇ يۈرەك! ... راستىنى دېگىنە، ساڭا مەن لازىممۇ؟

— ھەئە، ھەئە!

— مېنى ئالسەن، شۇنداقمۇ؟

— ئالىمەن.

— ئىككىمىز پات يېقىندا توي قىلىمىز.

— ئانىقىز مەن ... مەنمۇ جان دەپ توي قىلىمەن، لېكىن ... مەن ماكانسىز، پۇلسىز، ساڭا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيمەن، سېنىڭ كېيىنكىمۇ ماقۇل ... سەن باينىڭ خوتۇنى بولىۋەرگىن، مەن يېنىڭدا بولغاندىكىن، پات، پات ... كۆرۈشۈپ تۇرىلى.

ئانىقىز ئۆزىنى تۇتالماي مىرزائەخمەتنىڭ ياقىسىنى تېخىمۇ چىڭ سىقتى.

— بىلمەيتىكەنمەن، بىلمەي كۆيۈپتىكەنمەن، نەچچە يىل دەردىڭدە ئاھ ئۇرۇپتىكەنمەن، ئىسىت ... پەس بولمىساڭ شۇ گەپنى قىلامسەن؟ مەن لۆم - لۆم كارىۋاتتا باي بىلەن ياتىمەن، ھەر كۈنى شۇنداق، سەنچۇ؟ تىزىڭنى قۇچاقلاپ ... دۈم يېتىپ - دۈم قوپۇپ يۈرىسەن، باينىڭ بىر ياقلارغا كېتىشىنى تىلەيسەن، ئاندىن ... ئاندىن ... ياق، مىرزا ئەخمەت مېنىڭ تاقىتىم يەتمەيدۇ، نېمە دېسەڭ دە، مېنى سارالڭ دېسەڭمۇ، بۇزۇق دېسەڭمۇ مەيلى، سەۋرىم تۈگىدى، ھەممىنى كۆردۈم، ياخشى يېدىم، كىيدىم، بىراق بىرلا نەرسە ... كۆڭلۈم خالىغان بىر ئەر، يەنى سەنلا كەم ... ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟ ...

ئانىقىز مىرزائەخمەتنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەتتى، ئالقىنى بىلەن يۈزىنى توسۇۋېلىپ يىغلاشقا باشلىدى، بۇ يىغا — ساختىلىق، ناز ئارىلاشمىغان ھەقىقىي يىغا ... دەردنى، ئازابنى، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن يىغا ئىدى، مىرزائەخمەت ماشىنىنى قايتا ئېيت ئالدۇرۇپ ئاستا ھەيدەپ ماڭدى، ئۇ خىيالغا چۆمگەن، ھەممىنى ئەسلەيدۇ، ئۆزى كۆيگەن يار يېنىدا ئولتۇرىدۇ، ۋىسالىغا يەتمىگەن، ئارزۇ چېچەكلىرى رەھىمسىز تەقدىرنىڭ سوغۇق شامىلىدا خازان بولغان، توپىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن. بۇنى ئاز دەپ، شۇ يارنىڭ، مەشۇقىنىڭ دادىسى ۋە ئېرى ئۇنىڭغا پىچاق سالغان، ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان، يەنە شۇ يار، مەشۇق ئۇنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى تۆلىگەن، ئەنە، يەنە شۇ يار، مەشۇق باشقا بىرىنىڭ، يەنى باينىڭ ئىلكىدە، ھازىر ئۇ ئېرى بار ئايال، شۇ يار، مەشۇق يەنە ئۇنىڭ ياقىسىنى سىقىپ تۇرۇپ ئىچ - باغرىنى تۆكىدۇ، يىغلايدۇ، ئۇ تەشنا، ئىنتىزار، باي بىلەن بىللە تۇرۇشقا بىر مىنۇتمۇ تاقىتى يوق، مىرزائەخمەت يەنە نېمىلەرنىدۇر ئەسكە ئېلىشقا تىرىشاتتى، لېكىن ئۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنتۇلغان، بىرلا نەرسە ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە ياشلىق ھاياتىنىڭ ئەڭ ياراقىن، ئېلھامبەخش مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان گۈزەل نەقىشلىرىنى چەككەندى، ئۇ بولىسمۇ ئانىقىزنى

ئۆتۈۋالغان كۈنى ... لەۋلەر تەشنالىق بىلەن جىمىرلەشكەن مىنۇتلار ئىدى، ئانىقىز ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە يېڭى - يېڭى، بىردىنبىر گۈزەل سەترلەرنى يېزىپ قالدۇرماقچى، دوررۇست، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭۈل دەپتىرى ئاق قالمايدۇ ... مىرزائەخمەت شۇلارنى ئويلاۋېتىپ ئانىقىزغا قارىدى، ئانىقىز ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى، ماشىنا تېز ئىلگىرىلىمەكتە، شۇ كۈنى كېچىدە، تۈن نىسپىگە يېقىن مىرزائەخمەتنىڭ ئىشىكى بوش تىرىقلىدى، ئىشىك شەپىسىز ئېچىلدى، قاتتىق ئۇخلايدىغان مىرزا ئەخمەت بۇ قېتىم سەگەك ياتقانىدى، كۆزلىرىنى يۇمۇپ خىياللار ئىلكىدە ئۆز پەرىشتەسىنى ئويلاپ ياتاتتى، ئانىقىز كېلىپ كارىۋات لېۋىدە ئولتۇردى ... بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، شۇ جەرياندا مىرزائەخمەت خۇدىنى يوقاتتى، ناھايىتى قىسقا، لېكىن بىر ئۆمۈر ئۇنتالمايدىغان، ئۆلگەندە گۆرگىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىدىغان ئاجايىپ - غارايىپ چۈشلەرنى كۆردى، چۈش ئىلكىدە، خارامۇشلۇق مەستلىكتە ئانىقىزغا نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بەردى، «سەن نېمە دېسەڭ شۇ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، نەگە دېسەڭ ماڭىمەن، ساڭا جېنىم پىدا، ئۆل دېسەڭ ئۆلىمەن، ئەگەر ياق، دېسەم، بويۇن تولغىسام خۇدا ئۇرسۇن!» كۈندۈزى ياتاق، قورۇ، ماشىنا، دەل - دەرەخ ... قىسقىسى ھەممە نەرسە ئۇنى ئەيىبلەۋاتقاندەك، سوتلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «باي بېشىڭنى سىلىدى، پۈتۈنسۇرۇك بىر ماشىنىنى ئىشىنىپ ساڭا تاپشۇردى، ئاش - نان بەردى، يەنە ئايلىقىڭغا 180 يۈەن بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ھاياتىڭ ئۈچۈن تۈنجى، ھالال يول ئېچىلدى، مۇشۇ يولدا مېڭىۋەرسەڭ، پۇلۇڭ كۆپىيىدۇ، كېلىڭ توق، كىيىمىڭ پۈتۈن بولىدۇ، بارا - بارا سەنمۇ باي بولىسەن، ئايرىم، مۇستەقىل ھايات يولىنى تاپىسەن، لېكىن ... سەن ئەبلەخ، تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقىڭنى چاقاي دېگەندەك، بايىنىڭ خوتۇنىغا چاڭ سالدىڭ، تۇزكورلۇق قىلدىڭ، نېمە ئىلاج» مۇھەببەت ئىنسانىنى ھەر كويغا سالىدۇ، ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ، مۇھەببەت نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشى ھەم يامان نەرسىلەرمۇ بولىدۇ، مۇھەببەت نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىمۇ ياخشى ھەم يامان نەرسىلەر بار ...

مانا، ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىدى، بۇيرۇق ئۇشتۇمتۇت بېرىلدى، ئەيسا باي كېلىپ قالغان، بوران ئەزۋەيلەۋاتقان بىر پەيتتە ... ۋەدىگە ئەمەل قىلىش، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش كېرەك ئىدى، يۈرەك تىپىرلايدۇ، سەزگۈلەر، كۆمۈلگەن ھېسسىياتلار ئويغانغان، ئۆتكۈرلەشكەن، نۇرلانغان، گويا تۇيۇقسىز گۈلدۈرلەپ چاقماق چاققاندەك، ئارقىدىن يامغۇر، توپان - سەل كېلىپ جىمى جاھاننى بېسىپ، تاشقىنلاۋاتقاندەك ... شۇنداق، ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىشلار، بىر ئائىلە، بىر قورۇدىكى ھايات — ھەممىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ھازىر ئاقىۋەتنى ئويلاشقا ۋاقىت يوق، ئىمكانمۇ يوق، ئانىقىزچۇ؟ ئۇ گويا ھايات ئۆزى يارىتىۋاتقان قانۇنىيەت بويىچە ئىلگىرىلەيدىغاندەك خاتىرجەم ھالدا موتسىكلىت رولىنى چىڭ تۇتۇپ، مەزمۇت ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇششۇك بورىنى بارغانسېرى ياۋۇزلىشىپ قاتتىق، دەھشەت ئاۋازدا گۈركىرىمەكتە، ھۇشقىيتماقتا، يولنى، ئالدى تەرەپنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ، قويۇق چاڭ - توزان، توپا كۆزنى ئاچقۇزمايدۇ، موتسىكلىتنىڭ چىرىغى شۇنچىلىك ئاجىز، بارغانسېرى خۇنۇكلىشىۋاتقاندەك، مەيلى نېمە دېگەن بىلەن ئانىقىز يۈرىكىنى ئۇن نەچچە كۈن ئازابلىغان دوزاختىن بىراقلا قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقتى، ئۇ ئانىسىغا دېيەلمىدى، دېسە بولمايتتى، ئانىسى يىغلايتتى،

قاقشايتتى، توساتتىن، شۇ... بىر ئارزۇ، بىر مەقسەت، بىر ئېتىقاد ئۇچۇن ئانىسىنىڭ يىغا - زارىنى قۇربان قىلماي ئامال يوق. ئانىقىز ئارقىسىدا ئولتۇرغان مىرزائەخمەتنى ئېلىپ يىراقلارغا كېتىدۇ، كونا بازار، گۇزەر، بىچارە ئانا، ئاھ...!، يىراقتا، بىر ماكان، باش تىققۇدەك بىر ماكان تاپقاندا ئانىسىنى ئەكىتىدۇ، خۇدا نېسىپ قىلسا ئۇرۇمچىدە ياكى غۇلجىدا بىرەر جان سىغدۇرىدىغان يەر چىقىپ قالار، ھازىر ئاۋات، «شياڭگاڭ كوچىسى» مۇ، 53 - نومۇرلۇق دۇكانمۇ، ئەيسا بايمۇ، ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك قورۇسى، جاراڭلاپ تۇرىدىغان، ئوتقاشتەك يالتىرايدىغان ئېسىل جاھازلارمۇ ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس، ھازىر پەقەت ئانىقىزلا، مىرزا ئەخمەتلا مەۋجۇت، ھايات...

كەينىدە، خېلى يىراقتا، بىر نۇر پىل - پىل قىلىپ قالدى، كېيىن بۇ نۇر ئۇشىشىڭ بورانىنىڭ ئاچچىق توپا - چاڭلىرى ئارىسىدا بارا - بارا زورايغاندەك قىلدى ۋە تېز سۈرئەتتە يېقىنلاپ كەلدى، كونۇس شەكلىدە ئېتىلىپ چىقىپ مەلۇم ئارىلىقتىن كېيىن ئۆزئارا بىرلىشىپ ئۆتكۈر شولا ھاسىل قىلغان نۇر گويا ئوقتەك ئۇچۇپ كېلەتتى.

— ماشىنا!، — مىرزائەخمەت ئەندىكىپ ۋارقىرىدى، — ماشىنا كېلىۋاتىدۇ، باي...

ئانىقىزدىن جاۋاب چىقمىدى، موتسىكلىت بىر خىل سۈرئەتتە كېتىۋاتاتتى، قورقۇپ كەتكەن مىرزا ئەخمەت بۇ قېتىم بېشىنى ئانىقىزنىڭ دولىسىغا تەگكۈزۈپ تۇرۇپ قۇلىقىغا ۋارقىرىدى:

— ماشىنا، ئانىقىز ئاڭلاۋاتامسەن؟ باي قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ.

— كاپشىما! باي مەست، ئۇخلاپ قالغان، باشقا ماشىنىدۇ.

ئانىقىز نېمىلەرنى دېدىكىن، مىرزا ئەخمەت ئاڭلىماي قالدى، چىراغ نۇرىنىڭ تېخىمۇ ئۆتكۈر، كەڭ يېيىلىشىدىن ماشىنىنىڭ ئەڭ تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— تېز ھەيدە! تېز!

— ھۇ كالۋا! ... دېدى ئانىقىز زەردە بىلەن، — كاپشىۋەرمە ماشىنىنىڭ بىر يېرىنى بۇزۇپ قويغان بولساڭ ... مۇشۇ بالا - قازا يوق ...

مىرزائەخمەت سۆرلۈك، مۇدھىش ئاۋازدا چىرقىراۋاتقان، ھۇۋلاۋاتقان بوراندا ئانىقىزنىڭ سۆزلىرىنى چالا - بۇلا ئاڭلىدى، ئۆزىنىڭ ئۇ دېگەندەك بىر خاتاغا يول قويغىنىنى بىلدى.

— تېز ھەيدە! تېز...

— قورقما، يېتەلمەيدۇ.

راست، ماشىنا يېتەلمەيتتى، مۇشۇ يولدىن چىقىۋالسىلا چوڭ يول — ناھىيىنىڭ ئاسفالت يولىغا چىقاتتى، بۇ يولدا چېغىر يوللار بار، ئانىقىز قوغلاپ كېلىۋاتقان ماشىنىنى شەيتاندەكلا ئازدۇرۇپ ئاشۇ تار يوللارنىڭ بىرسىگە غىپپىدە بۇرۇلىدۇ - دە، كېتىۋېرىدۇ، ماشىنا ئۇنداق تار يوللارغا كىرەلەمتى؟ باي پىيادە قوغلامدۇ؟

ئاسفالت يولغا 200 مېتر قالدى، موتسىكلىت بىلەن ماشىنىنىڭ ئارىلىقى يېقىنلا قالدى، ئەيسا باي مەست، لېكىن ناھايىتى ھوشيار، جاندىن تويغان، چەكسىز غەزەپ تولغان كۆزلىرىگە ماشىنىنىڭ ئالدىدىلا پىرىلداپ كېتىۋاتقان موتسىكلىتتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن سوقۇۋەتمەسلىك كېرەك، ھادىسە چىقسا ھەممە تۈگەيدۇ.

ئانىقىز ئوخشاشلا مەغرۇر، تەمكىن، ئۆزىنى تۇتقان بولۇپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئالدىغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە، موتىسكلىت گويا دولقۇن يېرىپ ئۈزۈۋاتقان كاراپىقا، جۇدۇن كۆكسىنى تىلىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىنغا ئوخشاش ئۇششۇك بوراننىڭ ياۋۇز، دەھشەتلىك باغرىنى يېرىپ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە، ئانىقىز ھازىر ھەر قانداق ۋەھىمە، قورقۇنچ، شادلىق، خۇشاللىق، بەخت ... دېگەندەك خىياللاردىن مۇستەسنا، بىرلا مۇددىئا ــ ئاسفالىت يولغا چىققاندىن كېيىن پەملەپ تۇرۇپ تار يولدىن بىرىگە ۋاششىدە ئۇرۇلۇپ، قۇتۇلۇش ... تەۋەككۈلچىلىك ــ خۇددى قىمارۋازنىڭ «دەتتىكام! ...» دەپ ھوشۇق ئاتقىنىغا ئوخشايدۇ، ئولجىنىڭ بەخت ـ تەلەيىنىڭ كىمگە مەنسۇپ بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بەزىدە ئىشەنچىمۇ بىر تىيىن ... ئاھ، ھەممە پاجىئەگە مۇشۇ كىچىككىنە، تار، چوڭقۇر ئېرىق سەۋەبچى! قايسىبىر دېھقان يولنى توغرىسىغا كېسىپ ئېرىق قازغان، سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ يولنىڭ سول تەرىپىدىكى ئېرىق ئارقىلىق ئورمانغا كىرمەكتە، موتىسكلىتنىڭ ئالدى چاقى تار، چوڭقۇر ئېرىققا قاتتىق ئۇرۇلۇپ بىر چۆكتى ـ دە، سەكرەپ ئۇ قاتقا چىقتى، كەينى چاقى جاقىدە قىلىپ ئېرىققا چۈشۈش بىلەن مىرزائەخمەت لىككىدە كۆتۈرۈلۈپ كەينىگە ئۆگتۈرۈلۈپ چۈشتى، لېكىن ماتور ئۆچۈپ قالدى. ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئالدى تەرەپ ئوڭ چاقى ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتقان مىرزائەخمەتنىڭ گەۋدىسىنى ئېرىققا ــ سۇغا نىقتاپ بېسىپ مىجىۋەتتى ... ئەيسا باي كابىنكىدىن دەلدەگىشىپ چۈشۈپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئانىقىزمۇ پەسكە ئېگىشتى، قاراڭغۇدا ئېرىق سۈيىنىڭ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ ئېقىۋاتقانلىقىنى ھەر ئىككىسى كۆرەلىدى.

ــ قاتىل! ... زەڭگى!!! ... ــ ئانىقىز ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى، ــ بىر جاننىڭ بېشىغا چىقتىڭ! بىر ئادەمنى ئۆلتۈردۈڭ!

ــ تۈگەشتىم! مەن ئۆلدۈم! ۋايجان ... ــ ئەيسا باي غالجىر ئىتتەك قۇتراپ سەكرەپ كەتتى، بېشىنى چاڭگاللاپ ۋارقىرىدى، ماشىنا ئالدىدا، ئېرىق بويىدا ئۆزىنى كاچاتلاپ داد ـ پەرياد كۆتۈرەتتى.

ــ مەن ئۆلدۈم! تۈگەشتىم! خۇدا ئۇردى مېنى، خۇدا ...

بوران توختىمايتتى، بارغانسېرى ھەيۋەت بىلەن گۈركىرەيتتى، يىلاندەك ۋىشىلداپ، قامچىدەك تارسىلداپ دەرەخ شاخلىرىنى قاقاتتى، يوپۇرماقلارنى سىيرىپ چۈشۈرۈپ ئۇچۇراتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قويۇن پەيدا قىلاتتى، ئەيسا باينىڭ، ئانىقىزنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازى، داد ـ پەريادى توپا ـ چاڭ، ئەخلەت، چاۋاڭلار بىلەن قوشۇلۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى، ئانىقىز لاغ ـ لاغ تىترەپ ئېگىشىپ قوللىرىنى ئېرىققا ــ چاقنىڭ ئاستىغا ئۇزارتتى، باش، چاچ ... گەۋدە بولسا چاقنىڭ ئاستىدا، ئانىقىز سىلكىنىپ ئۆرە بولدى، ئۇنىڭ مېڭىسى يېرىلغان مۇزدەك چاراسلاپ كەتتى. ئاھ! مىرزائەخمەت!!! ــ دېدى ئۇ ئىچىدە، ــ سېنى بالاغا تىقتىم، ئۆلۈشۈڭگە سەۋەبچى بولدۇم، ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن، ئەزەلدىن شور پېشانە ئىدىم، شورۇم قۇرىدى، ئاھ! ...

(تۈگىمىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

# ئۈمىد چېچەكلىرى

(3)

ئادىل تۇنىياز

## قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز تەزكىرىسى

### ئۈرۈمچىدىن يىراق بىر جايدا

قاغىلىق،
يالتىرايسەن ئاي قوينىغۇزىدەك،
شىۋىرلايسەن سىم-سىم يامغۇردا.
يىراقلايسەن نەي ئاۋازىدەك
يەر شارىنىڭ خەرىتىسىدە.

ئولتۇرىمەن يېپىپ ئىسسىنىپقا،
تىترەپ تۇرغان قاناتلىرىمنى.
دەرەخلىككە كېلىپ تۇمانلار،
ئوغرىلىقچە ئۆي ياسىغاندەك،
ھەرپلەرنىڭ ئورمانزارىدا
ئوغرىلىقچە كۆيلەيمەن سېنى.

سۆكۈت
ئەخلەتلەردە، گۈل سېۋىتىدە
مۇڭلۇقىنە تۇرىدۇ كۈلۈپ.
سەھەر ئۆتۈپ كەتكەن ئاي يولدىن
ئۆتۈپ كەتتى ئېشەك ھارۋىسى.
بوۋام قايتتى ناماز بامداتتىن،
ساقاللىرى قۇياش چاچگىسى.

كىچىككىنە بىر پەرىشتىدەك
قانىتىمنى كەلسەم مەن سۆرەپ،
ئېھ، ئاق كۆڭۈل جان يۇرتداشلىرىم
سورارسىلەر نېمىمۇ مەندىن؟
نۇر يېشىدەك تامغان شائىرنى
ئالامسىلەر تېرىپ بىر كۈنى
ئاي شولىسى سىڭگەن ۋەتەندىن؟
ئۆمۈچۈكنىڭ بارمىقى بىلەن
توقۇپ چىققان ئەپس ئۈمىدنى
سوۋغا قىلماق بولسام مۇبادا
ساقلامسىلەر بىر ئۆمۈر ماڭا؟!
مەسە-كالاچ كىيگەن بىر بوۋاي
غايىب بولدى كۈلۈمسىرەپلا...

قاغىلىق،
ئۈرۈمچىدىن يىراق بىر جايدا.

### ئۇچار تەخسە

شىمالىي قۇتۇپتا، ئىسسىق بەلباغدا،
قەشقەر كوچىسى يا لوندوندا پات-پات
ئۇچراپ قالىمىز ئۆز-ئۆزىمىزگە.

بىلمىمىز،
قۇشلار كەتسە كېلىدۇ يەنە.
بىلمىمىز مىركۇردىي ياشايدۇ نەدە.
پەلسەپە، ھېساب مەنتىقە ھەتتا
ئۆگەتمەك بولسىمىز چۈمۈلىلەرگە،
پادىشاھ، پەيغەمبەر، كىنو چولپىنى،
سودىگەر، تۈگمەنچى، ناتىق ۋە دەرۋىش
پۇتبول ھەۋەسكارى، ۋاقىتلىق ئىشچى
ياشايدۇ تۈنۈگۈن ياكى بۈگۈندە،
قۇياش ھەر كۈنى پاتار غەربكە.

كەل 21 ـ ئەسىر،
ھېچ نەرسەم يوق تەبرىكلىگىدەك،
كۈتسەمەن قۇپقۇرۇق ئۈيۈمدە سېنى.
كۈتسەمەن قۇپقۇرۇق يۈرىكىم بىلەن
يوشۇرۇپ ھەتتاكى كۆز ياشلىرىمنى
مەن — ئۆزەمنىڭ سوئال بەلگىسى،
شۇ قەدەر يوغان ھەم، قورقۇنچلۇق ھەم،
مەن گويا ئۆزۈمگە ئوخشىغان ئادەم،
بەزىدە خۇدادەك، قۇللاردەك بەزەن.
توساتتىن كىمنىدۇر كۆرگۈم كېلىدۇ،
كىمگىدۇر قارايمەن يۇمۇپ كۆزۈمنى.
سۆيىمەن بەزىدە يېنىغا بېرىپ،
ھەممىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۆزۈمنى.
كەلمەكتە يىراقتىن گۈدۈك ياڭرىتىپ
رېلىسسىز، بىنكەتسىز ۋاقىت پويىزى.
ئېھ، ئۇنىڭ ئىچىدە يولۇچى لىپ ـ لىق
ئېھتىمال كۆپلىرى بىلمەيدۇ مېنى،
بىلسىمۇ قاراپلا قويار پەرۋاسىز.
تۇخۇم سېرىدتى كۆتۈرگەن ئانام
كىچىك بىر ئورۇنغا ئاپتۇ جايلىشىپ،
مەن ئۇندا قىستىلىپ كىرىدىپ ئارىغا،
ھودۇقۇپ قارايمەن يولۇچىلارغا.
سەن مېنى تونۇمايسەن كاتتا ئاسترونوم،
يۇلتۇزلار بىلەن بىرگە بولغاندا.
سەن مېنى تونۇمايسەن قەدىردان قوشنام،
مەي لەززىتى كەيىپ قىلغاندا.
ناتونۇش كۈلكەڭنى بېرىشىڭ مۇمكىن
سۆيۈشكەن ئەي قىزچاق بۈگۈنكى ماڭا.
ئاڭلاڭلار سىلەر مېنىلا ئەمەس،
تونۇمايسىلەر ئۆزۈڭلارنىمۇ...
مەن كىم جاۋاب بەر؟
تەنھا قالغاندا يۆلەنگەن تېرەك،
تەنھا قالغاندا تۆكۈلگەن خازان.

مەن كىم جاۋاب بەر؟
شەھەردە مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر،
مۇڭلىنىپ تۇرغاندا كۆرگەنمۇ مېنى،
ناۋاي سەھەردە ياقماقتا گىردە،
يانچۇقچى ئاپتوبۇسقا چىقتى غىپپىدە،
نۇتۇق سۆزلىمەكچى تىلشۇناس بۈگۈن
سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ رولى ھەققىدە.
نوبېلغا ئېرىشكەن ھېساب ئالىمى
سەزمەي قالدى ھەيرانلىقىدىن
چۈشۈپ كەتكەن شىلەپىسىنى.
مەن كىم؟
مەن ئاخىرى ئەمەسمۇ گىردە؟
ئوغرىلاپ كەتمىدى يانچۇقچى مېنى.
مەن ناھايەت بىر تاۋۇش ئەمەس.
مۇسپەت ياكى مەنپى سان ئەمەس.
مەن كىم؟
تۇرنىلەر نېمىشقا جىم ـ جىم؟!
قاقشال دەرەختىن قاچقاندەك قۇشلار
كىشىلەر مېنىڭدىن كەتتى يىراقلاپ.
خۇدانىڭ ئۆيىدەك ئۇرۇمچىدە مەن،

يىغلايمەن خۇدادەك ئۆزۈمگە قاراپ،
ناتونۇش يۇلتۇزدىن ئالەم كېمىسى
كەلمەكتە قاچىلاپ ئىنسانىيەتنى.
كىچىك بىر ئەلدىكى ئۈمىدۋار شائىر
ئاستا سۈرتمەكتە كۆز ياشلىرىنى.

## ئاستا شەھەر

چۈمۈلىدەك ماڭماقتا سائەت.

ئاستا ۋاقىت، ئاستا دېرىزە،
ئاستا خۇش بۇي، ئاستا جىمجىتلىق،
تىڭشار قەلبىم تىۋىشلىرىڭنى.
مارىلايدۇ قىش كۈلۈمسىرەپ،
بوسۇغىدا كۆرسەم دەپ سېنى.

سېزەرسەنمۇ شەھەرنىڭ قىزچاق،
سۆيۈپ قويۇپ ماشىنىلارنى
كەلگىنىمدە تۇماندەك لەيلەپ.
قىزىل ئالما بولۇپ يۈرىكىم
خازانلارغا كۆمۈلۈپ قالسا،
ئەنسىرەيمەن دېھقان قىزىدەك،
كۆرمەي كېتىپ قالارمەنمۇ دەپ.
ماڭارسەنمۇ، ماڭماسەن يۆلەپ؟
ئاخشاملىرى پىۋىخانىدىن
ئاي نۇرىدەك چىقسام دەلدەڭلەپ.

دەرەخلەردەك كەتسەم سەھراغا،
ئەنسىرەيمەن سۆيۈملۈك قۇشۇم،
مېنى ئۇنتۇپ كېتەرسەنمۇ دەپ،
ئېشەك مىنىپ يۈرگەن چاغلاردەك،
قوپال سۆزلەپ يۈرسەم يەنىلا،
قالارسەنمۇ ئۆچ بولۇپ ماڭا؟
جىمجىت گۈزەل سىرلىرىڭ ياتقان
كۆزلىرىڭگە سۆيمەكچى بولسام،
بەرگىنى گۈل يۇمغاندەك يۇمۇپ،
بېرەرسەنمۇ دەيمەن جىم تۇرۇپ؟

شوخ ئاۋازىڭ كېلەر تاملاردىن،
شەھەر يىللىق بولۇپ قالماقتا.
رەستىدىكى لەگلەكچى جۇۋان
ئايلىنىدۇ ھۆر - پەرىزاتقا.
چىقىپ قالار مۇكاپات چېكى
خانىقادىن قايتقان بوۋايغا.

بىردەمدىلا قىزىيدۇ باھار،
ئېسىل مالنىڭ چۈشەر باھاسى.
ئامەت كېلىپ توشار بىردەمدە
قىمارۋازنىڭ پۇلغا تاۋكىسى.
شەھەر باشقا شەھەر بوپ قالار،
بىردەمدىلا كېلىدۇ باھار.

سەن ئۆيۈمگە كەلمەكچى ئىدىڭ،
چۈمۈلىدەك ماڭماقتا سائەت،
ئاستا ئۈمىد، ئاستا دېرىزە.

ئەزىزى

# ئۈزۈك رىشتىلەر

## شەيتان

ئۇ —
پاراسەتنىڭ خائىن سايىسى.
ئۇ —
كۆمۈلمىگەن جەسەت.

يېقىلمىغان ئوت.
ئۇ ـــ
بەزىلەرنىڭ دانىشمەن قۇلى،
بەزىلەرنىڭ رەزىل خۇداسى.

## ئۈزۈلگەن رىشتە

ئاي
ئوخشاپ قالار سىرلىق ئالمىغا،
شەيتان كېلىپ ئالدىسا مېنى.
ئالما
پەرىشتىگە ئايلىنىپ قالار
مەن ئالدىسام ئەگەر ئۆزۈمنى
ئۈزۈلگەن رىشتە:
ئاي
ئالما
پەرىشتە

## تەبىر

ئۇۋچى نېمىنى ئاتماس؟
مىنگەن ئېتىنى.
ئۇۋچى نېمىنى ئاتالماس؟
خىيالىدا كۆرگەن كېيىكنى.
ئۇۋچىدىن نېمە قېچىپ قۇتۇلار؟
نىشانغا تەگمىگەن لەنەتكەردە ئوق.

## تەسەللى

ئۆلۈۋاتقان ئادەمگە،
شۇنداق تەسەللى بەردى بىر بەندە:

چۈرئەت ئەمەت

تېخى يۈز يىل ياشايسىز، تېخى ـــ
ياشايسىز قىيامەت قايىم بولغىچە.
يۈز يىل ياشىغاندەك بولدى ئۇ، ئەمما
قىيامەت قايىم بولدى ئاڭغىچە.

## مۇساپە

بىر ئەر ئۆمرىچە مۇساپە مەۋجۇت
سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامدا.

ياشىسا يۈز يىل ياشايدۇ بىر ئەر،
ئەڭ كۆپ بولسا بىزنىڭ زاماندا.

ئەقىدىگە ساقال چىقمايدۇ
ئۆتۈپ كەتسىمۇ يۈز يىل ئارماندا.

## سېخىي ئادەم

كۆندىن كۆزلىرىنى قىزغىنىدۇ ئۇ،
قىزغىنىدۇ
سايىسىنى ھەتتاكى ئايدىن
شۇندىمۇ
ئۇ يەنىلا سېخىي بىر ئادەم،
باسقان ئىزىنى
قىزغانمايدۇ لېكىن ئۇ يەردىن.
چۈنكى
كۆرىنى تېزرەك تېپىش كېرەك ـ تە،
ئۆزىنى
قىزغانماسلىق ئۈچۈن دۇنيادىن.

## دېھقان ئاكامغا

يېشىل ھايات تەڭرىسى قەد كۆتۈرمەس سېنىڭسىز،
يېشىل ھايات كۆلمەيدۇ تەرلىرىڭدىن سۇ ئىچمەي.

سەن ئەمەسمۇ ھاياتنى گۈزەللىككە چۇلغىغان،
مۇشەققەتكە، جاپاغا تەسلىم بولۇپ باش ئەگمەي.

ئابىھايات ماكانى سېنىڭ ھەربىر ھۇجەيرەڭ،
كەۋسەرىڭسىز جاھاندا چېچەكلىگەن قايسى جان؟
سەن تىمسالى چېنىلىقنىڭ، چىدامىلىقنىڭ، پاكلىقنىڭ،
كۆلەمەس ھەرگىز سېنىڭسىز كۆڭۈلدىكى ئوي - ئارمان.

ئاپتاپ سىڭگەن چېھرىڭنى ئوخشىتىمەن ئاپتاپقا،
يىللىقلىقلىق بەئەينى مەن ئىزدىگەن قىزىلگۈل.
تەبىئەتتەك سېخىيسەن، شارابەتلىك قەدىمىڭ،
ئۇ بىر لەززەت، ئۇنىڭدىن سۆيۈنمىسۇن قايسى دىل.

ساڭا بولغان مۇھەببەت، ساڭا بولغان ئەقىدە
قۇياش بىلەن ئاي كەبى ئۇرغا تولۇپ ياشايدۇ.
ئاھ دېھقىنىم سۆيۈملۈك ئانا تەگرىسى، جانىجان،
خاتىرجەم بول، ئەۋلادلار ئىزىڭغا ئىز ئۇلايدۇ!

**ئەنۋەر مەتسەيدى**

## سۆيگۈ

مەن سېنى سۆيەتتىم قەلبىم قېتىدىن
ۋە لېكىن، ئىشقىمنى تۇتاتتىم پىنھان.
ناخشامنى ئېيتاتتىم ساڭا بېغىشلاپ
ئاڭلىنىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ھامان.

ئېسىمدە، ساداسىز خەيىرلەشكىنىم
مەڭگۈلۈك ھىجرانغا مۇلايىم بېقىپ.
تېگىرقاش ئىلكىدە سەنمۇ شەپىسىز
خوشلاشتىڭ كۆزلۈك نەمە يۈرىكىڭ ئېقىپ.

سەن مېنى سۆيەتتىڭ قەلبىڭ قېتىدىن
ۋەلېكىن، سۆيگۈڭنى تۇتاتتىڭ پىنھان.
ناخشاڭنى ئېيتاتتىڭ ماڭا بېغىشلاپ،
ئۆزۈڭنى دالدىغا ئېلىپ ھەرقاچان.

شۇ يوسۇن قوغلىشىپ ئۆتتى نەچچە كۈز،
ياپراقلار نەچچە رەت بولۇشتى خازان.
ئوغلۇممۇ چوڭ بولۇپ ئالنى مەكتەپكە
كىرىشكە ئىنتىلىپ بەردى ئىمتىھان.

شۇ يوسۇن ئاردىن ئۆتتى ئۈچ باھار،
ئۈچ قېتىم ئېچىلىپ تورىدى گۈللەر.
تۇنسېرى ئۆلغىيىپ سۆيگۈ يالقۇنى،
شۇبھىلەر ئۇتىدا كۆيدى كۆڭۈللەر.

ئاڭلىسام سېنىڭمۇ قىزىڭ بوي تارتىپ،
بىز بارغان مەكتەپنى قىلارمىش خىيال.
بۇ سۆيگۈ ئوغلۇمغا بولارمۇ نېسىپ
ۋە ياكى نەۋرەمگە قالارمۇ ۋىسال...

دولقۇن روزى

## تىلسىم كەچ

شەپەق تاشلاپ كەتكەن زەر رومال
جۇلالىنار ئۇپۇق سەتھىدە.
ئىپار ئىزدەر چىققان شوخ شامال
يىللىق سۆيەر گۈللەر مەڭزىگە.
روجەكلەردىن ئۇچار رىتىملىق
قاناتلانغان سەزگۈنىڭ ئوكى.
سېزىم بېرەر قەۋەت يېقىملىق،
سەبىيلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى.
ئۇتاشقاندەك سېھىرلىك سەۋدا
ياپراقلاردا ئۇتلۇق شىۋىرلاش.
كۈي توكىدۇ بۇلبۇللار شاختا،
ئاشىقلارغا بولۇپ تەقدىرداش.
خىلۋەتلەردە كۆيگەن نەپەسلەر
ئىرماش - چىرماش بوپ كېتەر تامام.
سۆيگۈنىگە سۇنىدۇ دىلبەر
گۈل لېۋىدە لەززەتلىك قىيام.
كۆزنەكلەردىن ئۈزۈلمەي نەزەر
ئىسقىرتىدۇ يىگىتلەر مىسكىن.
قىزلار قەلبى نازلىق تىپچەكلەر،
جىلۋىلىنىپ يالقۇنلۇق ھېستىن.
يۈرۈپ كەتسە جۈپ - جۈپ كۆلەڭگە،
ۋەدىلەشكەن جايىنى نىشانلاپ.
قاراپ قالار پەرىشان يىگىت
تاماكىنى قايتىلاپ شوراپ.
پۈچىلىنىپ كۆكتە تولۇن ئاي،
بۇلاقلارغا سۆزلەر ئىشقىنى.
ئاھ! تىلسىم كەچ مۇھەببەتكە باي،
دىلغا چېگەر سۆيگۈ رىشتىنى.

ئەمەت يولداش

## سەھرادىكى يوللار

### گۈگۈمدىكى چۆچەك

زېمىن تامان چۈشۈرۈپ گۈگۈم،
كۆكتە كۈلەر يۇلتۇزلار بىرە.
ئاينا سەھرا تۇغقان پۇراقلار،
پاك كۆيلەرگە سالىدۇ گىرە.

چۆچەكنى باشلايدۇ موماي،
نەۋرىلىرى خۇشال بۇ كېچە.
مۇشۇ جايدا مۇشۇ بىر چۆچەك،
ئۈزۈلمەيدۇ دائىم تاڭغىچە.

### كارۋان

ئۇچار كۆكتە تورنىلار ھالسىز،
غىچىرلايدۇ ھارۋىلار تىنماي،
ئۈزۈك - ئۈزۈك ناخشا ئاۋازى،
ئوت ياندۇرار دىللاردا ئاي - ھاي.

دوقمۇشلارنىڭ شاپائىتىدىن،
بەختى قۇچار يوللاردا ئارمان.
سەپەرلەرگە سىڭىپ كەچمىشلەر،
ئۇزاپ بارار يىراققا كارۋان.

ئابابەكرى تۇيغۇن

## ۋىدا

خەيرى خوش، ئاھئەجەب، ئەجەپبولدى، ئاھ!
ناتونۇش بىرىنىڭ ئۆتتۈك ئىلكىگە.
جىسمىڭنى يۇشۇردى شۇپىنھان پاناھ،
مەن شورلۇق ئەل ئارا قالدىم كۆلكىگە.

بىر يوچۇن خانىدان ئۇلتۇرغان جايىڭ،
بىلىمەن پاك سۆيگۈڭ چوقۇم ياتقا يات.
سۆرۈن كۆز كۆنىگە تەققاس نىگاھىڭ
بۇ سوغۇق ئىشرەتتىن قىلار پەندىيات.

تەلىيىم بېغىدىن يۇلۇنغان گىياھ
بەلكىم سەن قالغانسەن ئۇندا بىغ سىزرۇپ؟!
قورقىمەن قىپقالغان يىلتىزىڭ يەنە،
بىر يېڭى دەرد سىلىپ چىقمىسۇن ئۇنۇپ،

خەير خوش،
ئاھ! ئەجەب، ئەجەب بولدى ئاھ!
ناتونۇش بىرىنىڭ ئۆتتىڭ ئىلكىگە.
جىسمىڭنى يوشۇردى شۇ پىنھان پاناھ،
مەن شورلۇق ئەل ئارا قالدىم كۆلكىگە.

توختىمۇھەممەت تۇردى

## شائىر كۆيىدۇ...

بىر گۈزەلگە كۆيىدۇ شائىر،
ئاڭا تەگداش گۈزەل تېپىلماس.
ئوتمۇ چۈشكەن شائىر قەلبىگە
ئۆزگە دىلغا زىنھار يېقىلماس.

گۈزەللىنى كۆتىدۇ شائىر،
كۆتۈپ داستان پۈتىدۇ شائىر.
ۋىسال كۈيلەپ ئۆتىدۇ شائىر
ئەمما ئۆزى ۋىسال تاپالماس.

گۇئانەبەر يۇسۇپ

# يالقۇنلۇق ھېسلاردىن باشلانغان قەدەم

## يۈرىكىمدە بىرلا سەن ھامان

(يېگىت خاتىرىسىدىن)

قۇلىقىم تىۋۇتدى ئاياغ تىۋىشىڭ،
نە تىۋىش، مەندىكى ئوتلۇق تەلپۈنۈش.
تەبەسسۇم ياغدۇرار گۈزەل چىرايىڭ،
نە چىراي، بەلكىم بۇ مەۋھۇم كۆرۈنۈش.

يۈزۈمنى سىلايدۇ ئاپئاق قوللىرىڭ،
نە قولۇڭ، قولۇڭدەك تۇيۇلغان شامال.

كۆكسۈڭدە يەلپۈنەر بوستان چاچلىرىڭ،
چېچىڭدەك كۆرۈنگەن ئەسلى مەجنۇنتال.

دىمىقىم يارىدۇ خۇش بۇي تىنىقىڭ،
نە تىنىق، گۈللەرنىڭ تاراتقان ھىدى.
شەربەتلەر كەلتۈرەر ئاتەشتەك لىۋىڭ،
نە شەربەت، ئىچكىنىم بۇلاقنىڭ سۈيى.

## يىگىرمە ياش ناخشىسى

تەنتەك ھېسلار قۇترىماس ئەمدى،
مەن دېڭىزغا بولدۇم قوشۇلۇپ...
قايسى ساختا، قايسى چىن ناخشا،
بىلىپ يەتتىم ئەقلىمگە تولۇپ،

مەن غۇبارسىز غۇنچە ئەمەس مەن،
نىگاھلىرىڭ چېشەر دەممۇ دەم.
پۇرىماقچى بولۇپ خىلۋەتتە،
ئىختىيارسىز تاشلايسەن قەدەم.

تۇيغۇلىرىڭ بوغۇلىدۇ ئاھ،
سەن رايىمنى بىلگەندە جانان.
لېكىن قىزلىق يۈرىكىمدىكى،
سىرلىرىمنى بىلمەيسەن ھامان.

كۆڭلىرىمگە پۈتەرمىدىم كۈي،
سەن قەلبىمگە ياقمىساڭ گۈلخان؟
ئۆزرەم باردۇر تەكلىپلىرىڭگە،
سۆيگۈ ياشنار قەلبىمدە پىنھان.

تەۋەككۇل ئەزىزى

## سېنتەبىر كېچىسى

ئويغاقتۇر خىياللار، يۇمۇلماس كۆزلەر،
بىر شېرىن تۇيغۇدا كۈلىدۇ كۆڭۈل.
چېكىدۇ توختىماي ساھىبجامال قىز،
ئاندىن يوشۇرۇن قول ياغلىققا گۈل.

## يالقۇنلۇق ھېسلاردىن باشلانغان قەدەم

بىر ئوتلۇق نىگاھتا زوقلىنىپ ئايغا،
دېرىزە تۈۋىدە باقتىم تۈنجى رەت.
ئېھ، شۇدەم يۈرىكىم شېرىن ئۇيقۇدىن،
تاپالماس قىلچىلىك راھەت ۋە لەززەت.

دوستلىرىم ئۇيقۇدا شۇنچىلىك بىغەم،
نېچۈندۇر خۇشالمەن، ئويچان، خىيالچان.
روھىمنى ئويغاتقان نازۇك بىر تۇيغۇ،
سەترىلەر پۈتۈشكە ئۈندەيدۇ ھامان.

قولۇمدا قەلىمىم ئاپئاق تۈنجى بەت،
ئاھ، يازاي ئۇنىڭغا بەختىمنى قىپ جەم.
كۆڭلەرنىڭ چېھرىگە پۈتەر جۇشقۇن كۈي،
يالقۇنلۇق ھېسلاردىن باشلانغان قەدەم.

## دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ دەريا

### ۋىسال ئىزدەپ...

سەن يىراققا كەتتىڭ يول ئېلىپ،
يۈرىكىمگە دەردلىك ئوت سېلىپ.
پاك قەلبىمدە سەنلا بار پەقەت،
ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ باق يېرىپ...

ئىشەنمىسەڭ كۆرۈپ باق يېرىپ،
شۇ چاغ ئاندىن قالارسەن بىلىپ.
ۋىسالىڭغا بولۇپ ئىنتىزار،
كېتەرمەنمۇ ياكى مەن قېرىپ.

كېتەرمەنمۇ ياكى مەن قېرىپ،
ۋىسال ئىزدەپ تولا يول مېڭىپ.
بىرگە سوقسۇن ئەمدى قوش يۈرەك
سەن سەنەم بول مەن بولاي غېرىب....

## ئۈن - تىنسىز سۆيگۈ

دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ دەريا
لەۋلىرىنى يالاپ قىرغاقنىڭ.
ساھىلىدا يۈرۈيمەن تەنھا
ئارقىسىدىن ماراپ قىزچاقنىڭ...

تولتۇرىدۇ دەريا لىۋىدە،
قىز يىراقتىن ئۈزمەي كۆزىنى.
قالدىم گويا بىر ئوت ئىچىدە،
ئاڭلىسام دەپ نىگار سۆزىنى.

شۇ ئوت ئىچرە كەتتىم تولغىنىپ،
يۈرىكىمنى قىلالماي ئىزھار.
ئولتۇرىمەن ئۇندىن قورۇنۇپ،
ھەم ئۇنىڭغا بولۇپ ئىنتىزار...

دولقۇنلىنىپ ئاقىدۇ دەريا،
لەۋلىرىنى يالاپ قىرغاقنىڭ.
دەريا كەبى مەنمۇ لىۋىگە
سۆيسەم دەيمەن ئاشۇ قىزچاقنىڭ...

## ئاھ، بۈگۈن ساڭا توي، ماڭا مۇسىبەت

ئاھ، بۈگۈن ساڭا توي، ماڭا مۇسىبەت،
سەن مېنى چۈشەنگەن ئىدىڭ ئېھتىمال.
ئىككىمىز مۇڭداشقان چاغلار ئاز ئەمەس،
بولدىلا تويۇڭغا ئەمدى يوق ئامال.

ياشلىقنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئاتاڭ،
بىزنى، رەھىم چۈشەنمەي قويدى ھەسرەتتە،
پۇل - مالغا تويمىغان بىچارە داداڭ،
جۈپ تەشنا يۈرەكنى قويدى كۆلپەتتە...

ئاھ، بۈگۈن ساڭا توي، ماڭا مۇسىبەت،
سەن ئۇخلا ۋىسالنىڭ شېرىن تەختىدە.
بىراق، مەن ئۇخلىماي چېكىمەن ھەسرەت،
مەڭگۈلۈك بەختىڭنى تىلەپ كېچىدە...


## يۈرىكىم قالسۇن ئامان

يۈرىكىم مىڭ پارە بولدى،
سەن جانانىڭ دەردىدە.
پاك دىلىم ھەسرەتكە تولدى،
غەمسىز ئىدىمەن ئەسلىدە.

كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياش،
بىلمىدىڭ يار، بىلمىدىڭ.
جان، كۆزۈڭدە بىر قاراپ،
ۋىسال قولۇڭنى سۇنمىدىڭ.

ھەر كېچە ھەسرەت چېكىپ،
ئىشقىڭ ئۈچۈن يىدارىمەن.
چۈش كۆرۈپ، سايەڭنى قوغلاپ،
باغرىم يارا ۋەيرانىمەن...

ئوتقا چۈشكەن قىل كەبى،
بولدى مېنىڭ ھالىم يامان.
ئاھ، جانان باغرىڭنى ئاچ،
يۈرىكىم قالسۇن ئامان...



ساتتار تەۋەككۇل

# ئارزۇ

(ھېكايە)

رەڭگا رەڭ چىراغلار چاقناپ تۇر-
غان مېھمانخانا زالىدا چەت ئەللىك مېھ-
مانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ھەر ساھە-
دىن كەلگەن ۋەكىللەر قاتار تىزىلىپ
ئولتۇرۇشقانىدى. زالنىڭ بىر بۇلۇڭىدا
پەرىزاتتەك ياسانغان ئارتىسلارمۇ چەت
ئەللىك مېھمانلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىش
ئۈچۈن تەييارلىنىپ تۇراتتى. شۇلار ئارى-
سىدا قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى بانتىكلان-
غان، كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقناپ، گۈ-
زەل چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم يېغىپ
تۇرغان مېھرايمۇ بار ئىدى. «بۈگۈن
تەلەي سىنايدىغان كۈن، — دەپ ئويلىدى
مېھراي، — بۇ قېتىممۇ ئۆتكەنكىدەك قېرى-
لار كېلىپ قالمىسىدى، ھەي ... كېلىشكەن
بىرەر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ قالسام ...»
ئۇ ئۆز خىيالىدىن ئۇيىلىپ يۈزلىرى ئوت-
تەك قىزىرىپ كەتتى. دېمىسىمۇ مېھراي
ئۆزۈندىن بۇيان مۇشۇ ئارزۇسىنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كېلىۋاتاتتى.
ئۇ ئۆزىگە تەلەپ قويغان قانچىلىغان
ئوغۇللارنىڭ تەلىپىنى رەھىمسىزلىك بىلەن
رەت قىلغان، ئۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ
سېلىپ قويمىغانىدى.

ئالدىنقى قېتىمدىكى ئۇزىتىش زىيا-
پىتى مېھراي ئۈچۈن تولىمۇ كۆڭۈلسىز
بولغانىدى. ئۇ چاغدىكى مېھمانلارنىڭ
ھەممىسى دېگۈدەك قېرى بولۇپ، زالنىڭ
مۇنبىرىدە بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرۇشقا-
نىدى. «بۇ قېتىممۇ قېرىلار كەلگەنمىدۇ،
ياكى ...» مېھراي زال ئىشىكىگە ئىختى-
يارسىز قارىدى. شۇ ئەسنادا سىرتتىن:
«چەت ئەللىك مېھمانلار كەلدى!» دېگەن
ئاۋاز كەلدى، زال ئىچىدە ياڭراۋاتقان
تانسا مۇزىكىسى شىپپىدە توختىدى، تانسا
ئويناۋاتقانلارمۇ رەتلىك تىزىلىپ تۇردى.
زال ئىشىكىدىن چەت ئەللىك مېھمانلار
كىرىپ كەلدى ۋە ساھىبخانلارغا ئالاھىدە
ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۆزلىرى
ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان ئورۇنغا
بېرىپ ئولتۇرۇشتى. مۇراسىمغا مەسئۇل
خادىم ئالدى بىلەن چەت ئەللىك مېھ-
مانلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقى
توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلغان-
دىن كېيىن چەت ئەللىك مېھمانلار ۋەكى-
لىنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ۋەكىل
ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنگلىز تىلىدا
سۆزلەشكە باشلىدى. سالاپەتلىك بىر
يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇيغۇرچىغا تەر-
جىمە قىلدى. زالدىكى ھەممەيلەننىڭ
ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. بېشىغا يارشىم-
لىق شلەپە، ئۇچىسىغا كاستۇم - بۇرۇل-
كا كىيگەن بۇ يىگىت ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز
ئانا تىلىدەكلا سۆزلەيتتى، كىشلەرنىڭ
ئۆزئارا كۇسۇلدىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭ-
لىنىۋاتاتتى. بۇ يىگىتكە مېھراي ھەممىدىن

بەكىرەك زوقلاندى. ئېيتمىدىگەن كېلـ
ىشكەن يىگىت ھە، دەپ ئويلىدى مېھـ
راي، ئەگەر ئاشۇنداق كېلىشكەن يىگىتـ
تىن بىرەرى بىلەن تونۇشۇۋالسام ئېيتمـ
دىگەن ياخشى بولاتتى. باياتىندىن بېرى
ساھىبخانىلار بىلەن مېھمانلار ئوتتۇرىسىدا
ئېيمە گەپ - سۆزلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقى
ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. پەقەت تانسا
باشلانغاندىلا ئاندىن ئېسىنى يىغدى.
مېھمانلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ خوتۇن-
قىزلارنى تانسىغا تارتقىلى تۇردى. مېھـ
راي پات - پاتلا ھېلىقى چەت ئەللىك
يىگىتكە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قوياتتى،
بىراق يىگىت باشقا بىرىنى تانسىغا تارتـ
سىچۇ؟ ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن
ئەمەس.

دېگەندەكلا چەت ئەللىك يىگىت
ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ مېھراينىڭ ئالـ
دىغا كەلدى ۋە ئۇنى تانسىغا تەكلىپ
قىلدى، مېھراي ناز - كەرەشمە بىلەن
ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تانسىغا
چۈشتى. يىگىت تانسا مۇزىكىسىنىڭ ئەۋ-
جىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ قىزنىڭ
چىرايىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى.

— سىز ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرۇشنى
خالامسىز؟ — دېدى يىگىت ئاۋۋال سۆز
ئېچىپ.

— ئىسمىم مېھراي، سەنئەت ئۆمـ
كىدە ئىشلەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى
ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— پاھ! ئېيتىدىغان چىرايلىق ئىسىم
ھە؟ — دېدى يىگىت.

راست، بۇ ئىسىمنى مېھراي ئۆزى
قويىۋالغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئالمىرە
ئىدى. ئۇ بۇ ئىسىمنى ئانچە ياقتۇرمايتـ
تى، شۇڭا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا
جەدۋەل تولدۇرىدىغان چاغدا ئىسمىنى
«مېھراي» دەپ يېزىپ قويغانىدى.
شۇندىن باشلاپ ئۆز مەھەللىسىدىكى ئان-
دا - ساندا كىشىلەرنىڭ ئۇنى «ئالمىرە»
دەپ چاقىرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا
«مېھراي» دېگەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا سىڭىپ
كەتكەنىدى.



بىر نەچچە مەيدان تانسا ئوينىغاش
جەريانىدا مېھراي بۇ چەت ئەللىك يىگىت
بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشۇپ، چىقىشىپمۇ

كەتتى. يىگىتنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشىچە: ئۇنىڭ ئىسمى مىرسانوۋ بولۇپ زىيارەت ئۆمىكىنىڭ تەرجىمانى ئىكەن.

— ئەگەر خالىسىڭىز، ئەتە كەچتە كىنو كۆرسەك قانداق؟ — دېدى مىرسانوۋ.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى مېھراي، — سىلەردەك ئېزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز.

شۇ كېچىسى مېھراي زادى كۆز يۇمالمىدى. نېمىدېگەن بەستلىك يىگىت ھە؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ مىرسانوۋنىڭ قەددى قامىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، — بۇ يەردىكى مەن - مەن دېگەن نوچىلارمۇ ئۇنىڭ ئېلىشەتكەن تىرنىقىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ... ھاياتىمدىكى ئارزۇلىرىم ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى.

ئەتىسى كەچتە مېھراي «خەلق» كىنوخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. كىنوخانا ئالدىدا مىرسانوۋ ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئۇلار تىنچلىق - ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن كىنوخانىغا كىرىپ كېتىشتى.

كىنو تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار كوچىغا چىقتى، كوچا چىراغلىرى ئەتراپنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

— مەن بۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدا ئىنتايىن مەنزىرىلىك بىر ساياھەت كۆلىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى مىرسانوۋ مېھراي بىلەن چوڭ كوچىدا يانمۇ يان كېتىۋېتىپ، — ئەگەر خالىسىڭىز ھازىر شۇ كۆلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى ساياھەت قىلىپ كەلسەك.

— مەن ئۇ يەرگە كېچىسى بېرىشتىن قورقىمەن، — دېدى مېھراي ئەندىكىپ، — ئۇ يەردە لۈكچەكلەر بەك كۆپ.

— مەندە سىزنىڭ شەھىرىڭىزدىكى لۈكچەكلەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويىدىغان نەرسە بار، — دېدى مىرسانوۋ. ئۇ يېنىدىن بىر دانە تاپانچىنى چىقىرىپ، زاتۇۋورىنى شاراقلىتىپ قويدى. مېھراي تاپانچىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئەگەر مىرسانوۋنىڭ تەلپىگە ماقۇل بولمىسا ئۆزىنى ئاشۇ تاپانچا بىلەن ئېتىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئويۇنچۇق تاپانچا ئىدى. مېھراي مىرسانوۋغا يانداشىپ ساياھەت كۆلىگە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئەتراپنى جىمجىتلىق باسقان بولۇپ، پەقەت مۇشۇ ئىككىيلەننىڭ ئاياغ تىۋىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تولۇن ئاينىڭ نۇرى ساياھەت كۆلىنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. كۆل بويىدىكى بۈك - باراقسان دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شامالدا شىلدىرلايتتى. مېھراي بىلەن مىرسانوۋ كۆل بويىدىكى قويۇق ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن ئازادە بىر جايدىن ئورۇن ئالدى. مىرسانوۋ مېھراينىڭ تەلپى بويىچە ئۆزىنىڭ چەت ئەلدىكى راھەت - پاراغەتلىك تۇرمۇشىنى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن مېھرايدىن سورىدى:

— سەنئەت مەكتىپىدە قانچە يىل ئوقۇدىڭىز؟

— 4 يىل.

— ھەقىچان پۈتۈشۈپ قويغان لايىقىڭىز باردۇ؟

— مەن تېخى كىچىك تۇرسام... دېدى مېھراي بېشىنى ئىگىپ، — ئۇنىڭدەك ئىشلارنى ئويلاپ باقمىدىم.

— سىز يالغان سۆزلىمەك. بۇ شەھەردە سىزدەك پەرىشتە سۈپەت بىر گۈزەلنى ياخشى كۆرىدىغان ئوغۇل چىقماي قالارمۇ؟

— چىقىشىغۇ چىققان، لېكىن ھېچقايسىغا ئوچۇق چىراي ئاچمىدىم.

— بەكمۇ گۈزەلكەنسىز،— دېدى مىرسانوۋ مېھراينىڭ ئارقىغا تاشلىنىپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ،— مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ سىزدەك پەرىزاتنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن.

— بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتتىڭىز،— دېدى مېھراي نېرىراق سۈرۈلۈپ،— مەن بەكمۇ خىجىل بولۇۋاتىمەن.

— سىزنىڭ گۈزەل رۇخسارىڭىز ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن.

مىرسانوۋ مېھرايغا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ قولىنى سىيلاشقا باشلىدى.

— تىترەۋاتىسىزغۇ، توڭلاۋاتقان ئوخشىمامسىز؟— دېدى مىرسانوۋ بىر قولى بىلەن مېھراينىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ. مېھراي گەپ قىلالمىدى. مىرسانوۋ ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. ئۇ مىرسانوۋنىڭ قۇچىقىدىن چىقىشقا تىرىشىپ ھەدەپ يۇلقۇناتتى. شۇ تاپتا مىرسانوۋنىڭ ھارارەتلىك تىنىقى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— مەن خۇش بولۇپ كېتەي،— دېدى مېھراي مىرسانوۋغا يالۋۇرۇپ،— ئۇنداق قىلمالىڭ، مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكمەڭ،— ئۇ خۇددى بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىكى قوزىدەك تىپىرلايتتى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن،— دېدى مىرسانوۋ مېھراينىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى ئارقىغا تاراپ.

— ئەمىسە ماڭا ۋەدە بېرىڭ،— دېدى مېھراي ئۇنىڭ قۇچىقىدا يۇلقۇنۇپ.

— سىزگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇشقا خۇدانىڭ ھەققىدە قەسەم قىلاي،— دېدى مىرسانوۋ.

— مېنى چەت ئەلگە ئېپچىقىپ كېتەلەمسىز؟

— خۇدا ھەققى، پەقەت سىز قوشۇلسىڭىز...

تولۇن ئاي ئاستا-ئاستا بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى. ئەتراپنى بارا-بارا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ئاشۇ كېچىسى مۇشۇ قويۇق ئورمانلىقتا مېھراي ئۆزىنىڭ قىزلىق دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئىككىيلەن چوڭ يولغا چىققاندا يىراقتىن خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مېنىڭ ھاياتىم ئەمدى سىزگە باغلىنىپ قالدى،— دېدى مېھراي غالغال تىترەپ تۇرۇپ،— ئەمدى مېنى ھەرگىزمۇ خار قىلىپ قويماڭ جۇمۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ،— دېدى مىرسانوۋ.

ئۇلار قەدەملىرىنى تېزلەتتى، مېھراي مىرسانوۋنى قولتۇقلىۋالغانىدى.

سەنئەت ئۆمىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە مىرسانوۋ:

— بىزنىڭ بۇ شەھەردىكى ئىشلىرىمىز بىر ھەپتە ئىچىدە تۈگەيدۇ. شۇ چاغقىچە سىز تەييارلىق قىلىپ تۇرۇڭ. مەن مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ سىزنى دۆلىتىمىزگە ئېپچىقىپ كېتىمەن،— دېدى.

مېھراي قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، دەرمانسىز ھالدا ياتىقىغا كىردى. ئۇنىڭ ئىككى ياتاقدىشى ئاللىقاچان ئۇخلاپ

قالغانىدى. ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. مانا، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۈيۈك ئارزۇسى ئاخىر ئەمەلگە ئاشىدىغان بولدى. شۇ كۈنى كېچىدە مېھراي چەت ئەلدىكى ئەڭ مەنزىرىلىك جايلاردا ساياھەت قىلىپ چۈش كۆردى.

مېھراي كىيىم - كېچەكلىرىنى چامادانغا سېلىپ، يولغا چىقىشقا تەييار بولۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىر مۇنچە تالاش - تارتىشتىن كېيىن ئاخىرى بۇ ئىشقا رازى بولغانىدى. مىرسانوۋ زىيارەت ئۆمىكى بىلەن بىللە يىراق بىر جايدىكى قەدىمىي ئاسار - ئەتىقىلەرنى كۆرۈشكە كەتكەنىدى. مېھراينىڭ مىرسانوۋنى كۈتۈپ كۆزلىرى تېشىلىپ كېتەي دېدى. ئۇنىڭ يا گېلىدىن تاماق ئۆتمەيتتى يا كېچىسى كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مىرسانوۋ قايتىپ كەلدى. بىراق ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ئانچە نورمال ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. تىنماي ئۇھ تارتاتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟— دەپ سورىدى مېھراي،— تويي خېتى ئالالماسلىقتىن ئەنسىرەۋاتامسىز يا؟

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس،— دېدى مىرسانوۋ چاچلىرىنى سىلاپ.

— ئەمىسە نېمە بولدىڭىز؟

مىرسانوۋ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

ئەتىسى مېھراي بىلەن مىرسانوۋ تويي خېتى ئېلىش ئۈچۈن ئاھالە كومىتېتىغا كىردى، مېھراينىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ھەممە ياققا تارقىلىپ كەتكەچكە مەسئۇل خادىممۇ بۇ ئىشنى بىلەتتى. ئۇ كۆزەينەك

ىنكىنى تۈزەپ، تىزىملاش دەپتىرى ۋە قەلىمىنى ئېلىپ يېزىشقا تەمشىلىپ سورىدى:

— ئەرنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئەسلى ئىسمىم ئەنۋەر مىر ھەسەن، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىن ئۆزگەرتكەن ئىسىم مىرسانوۋ.

مېھراي چۆچۈپ مىرسانوۋغا قاراپ قويدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇڭ،— دېدى ئىش بېجىرگۈچى خادىم.

— مەن 1966 - يىلى مۇشۇ شەھەرنىڭ بەشئۆستەڭ يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئاتا - ئانام كىچىكىمدە ئۆلۈپ كېتىپ بىر تۇغقان ئاچامنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندە ئاكام مېنى چەت ئەلگە ئەپچىقىپ كەتكەن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مېھراينىڭ بېشى قېيىپ ئارقىغا ئۆچۈپ كەتكىلى تاس قالدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قىلىشقان سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى:

— سىز بۇ قىزنى ئۆزىڭىز بىلەن بىللە چەت ئەلگە ئەپچىقىپ كەتمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— بۇرۇن شۇنداق پۈتۈشكەن. بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە.

— نېمە؟— دېدى مېھراي مىرسانوۋغا چەكچىيىپ قاراپ.

— مېنى كەچۈرۈڭ مېھراي،— دېدى مىرسانوۋ مېھراينىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ،— مەن ئەسلىدە سىزنى چەت ئەلگە ئەپچىقىپ كەتمەكچى ئىدىم.

لېكىن ئەمدى مۇشۇ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ماكاندا ئىشلەش قارارىغا كەلدىم.

مېھرايىغا يەر پىرقىرىغاندەك بىلىنى دى. ئۇ سەنتۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. مىرسانوۋ ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭ پۇت ـ قولى جانسىزدەك ساڭگىلاپ قالدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مۇتەللىپ سەيپۇللا

# نومۇس



(ھېكايە)

تەقدىر مۇشۇنداق قىزىق بولامدىغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ نەزەرىمدە شۇنچىلىك مەغرۇر، شۇنچىلىك ھاكاۋۇر قىز ئىدىكى، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭغا بىرەر ېغىز گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالماي كېلىۋاتاتتىم. بۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن كەڭ كۇشادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم.

مەن سۆزلەۋاتىمەن، ئۇ كۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يالغۇز ئېغىزىلا ئەمەس، بېشى، كۆكسى، قولى، ساغرىسى، ھەتتا پۇتلىرىمۇ سىلكىنىپ كۈلۈۋاتىدۇ. ئېسىت، مۇشۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسام، بۇرۇنراق ئېغىز ئېچىپ باقماسمىدىم؟ كۆپ ۋاقتىم، خىيالىم، چۈشلىرىم مۇشۇ قىز ئۈچۈن، ئالدىمدا تېلىقىپ كۈلۈۋاتقان مۇشۇ نازىنىن ئۈچۈن سەرپ بولمىغانمىدى؟ مەن ئۇنى مەڭگۈ قول يەتمەيدىغان مېۋە، يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل دەپ ئويلاپ كەپتىمەن ئەمەسمۇ. ئاھ، بۈگۈن قانداق ھېر خىسلەت بىلەن ئورنىمدىن تۇرغان ۋە بوسۇغىدىن قانداق بىر خەيرلىك قەدەم بىلەن ئاتلىغان بولغىيتتىم؟

نېمىشقىدۇر سۆزدىن توختاپ قالدىم. ئۇنى يېنىمدا ئۇزۇنراق توختىتىش ئۈچۈن يەنە بىر نەرسە دېگۈم بار ئىدى ـ يۇ، نېمە توغرىلىق سۆزلىشىمنى دەماللىققا بىلەلمەي قالدىم. مەن ئۇنى ئاشپۇزۇلغا تەكلىپ قىلدىم.

— يۈرۈڭ، تاماق يەيمىز.

ئاھ، مۇشۇ گەپ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەندۇ؟ «تاماق يەيمىز» دېگەن سۆزنى قىلىپ بولۇپلا ئىختىيارسىز يانچۇقۇمنى سىيلاپ سالدىم. مەن شۇ تاپتا يانچۇقۇمدا قانچىلىك پۇل بارلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ پۇل ئىككىمىزنىڭ تامىقىغا يەتمەيتتى. مەن بۇلارنى ئويلاپ ئۈلگۈرگىچە ئۇ ئاشپۇزۇلدا تاماق يېيىشكە قوشۇلۇپ بولدى.

بېشىمغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكتىم. ئاۋۋال يۈرىكىم جىغىندە قىلدى. ئارقىدىن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئەمما مەن دەيدىغاننى دەپ بولغان، ئۇ ئاشخانا تەرەپكە قەدەم ئېلىپ بولغانىدى.

يانچۇقۇمنى يەنە سىلىدىم. بۇ پۇللارنىڭ ھازىرقى ساندىن ئاۋۇپ قېلىشىنى، يانچۇقۇمدىن قاچانلاردىدۇر ئۆزۈم بىلمەي سېلىپ قويغان پۇللارنىڭ چىقىپ قېلىشىنى تىلەيتتىم. ئاخىرى يانچۇقۇمدىكى پۇلنى باشقىدىن ساناپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. بىراق قېرىشقاندەك ئۇ يېنىمدىلا تۇراتتى.

تەلىيىمگە يولدىن كېسىپ ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا ئاپتوبۇس كېلىپ قالدى. مەن ھودۇققان بولۇپ بىراقلا كەينىمگە ياندىمدە، پۇلۇمنى تېزلىكتە سانىۋالدىم. تۆت يۈەن ئىككى مو، خاتاسىز تۆت يۈەن ئىككى مو... سەككىز موچەنگە بايىلا مۇنچىغا كىرگەنىدىم، بولمىسا بۇ ساق بەش يۈەن ئىدى.

ئۇنىڭ چاقچىقى قۇلىقىمغا كىرمىدى. قانداق قىلىپ ئاشپۇزۇلنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ قالغىنىمىزنىمۇ بىلەلمەي قالدىم.

كۈتكۈچىلەر ئىككى تەخسە ئاشنى ئالدىمىزغا ئەكەلدى. لەڭمەندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھور دىمىغىمغا بىر خىل ناخۇش ھىددىنى ئۇرماقتا. شۇنداقتىمۇ نەپسىم ئىرادەمگە قارشى ھالدا قولۇمغا چوكىنى تۇتقۇزدى. شۇ تاپتا چايناۋاتقىنىم گۆشمۇ، قورۇمىمۇ ياكى سېغىزمۇ، تەمىنى پەرق ئېتەلمىدىم. ئىشتىھايىم تۇتۇلغانىدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى ئۇ.

بۇ سوئال قۇلىقىمغا «پۇلىڭىز يوقمۇ؟» دېگەندەكلا ئاڭلىنىپ كەتتى. ھودۇقتۇم. لايىقىدا جاۋاب تاپالماي «ھە... ھىم» دەپلا قويدۇم. قولۇمنى ئىختىيارسىز شىمىمنىڭ يانچۇقىغا سالدىم. تولا تۇتۇۋېرىپ پۇللار پۇرلىشىپ، تەردىن نەملىشىپ كەتتى. شۇ تاپتا ماڭا پۇلۇم تاسادىپىي ئاۋۇپ قالىدىغاندەك، ھېلى خوجايىنغا پۇل تاپشۇرغاندا تۆت يۈەن ئالتە مو چىقىپ قالىدىغاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

— ئىلاھىم، شۇنداق بولۇپ قالسا! تەڭرىم ئۆزى ياراتقان بەندىسىنى بۇنداق ئوسال قىلمىسا!

بىر چوكا ئاشنى ئاغزىمغا سالدىم. تولىمۇ بەتتام، لاۋزا تېتىدى. ئۇ بىر نەرسىلەرنى دېگەچ تاماق يەۋاتىدۇ. نېمە دەۋاتقىنىنى، ئۆزۈمنىڭ قانداق جاۋاب بېرىۋاتقىنىمنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن. بىر ئامال قىلىپ كۈلۈشكە، ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشتىم. ئەپسۇس، نېرۋىلىرىم تارتىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۈلۈمسىرەشكىمۇ ئامال قىلالمىدىم.

شۇ تاپتا مېنىڭ كۆز ئالدىمدا پەقەت تۆت موچەن پۇللا پىلدىرلاپ تۇراتتى. بۇ تۆت موچەن گاھ ئىككى

مولۇقتىن ئىككىسى، گاھ بىر مولۇقتىن
تۆتى، گاھ سىنىت پۇللارنىڭ جۇغلانمىسى
بولۇپ گەۋدىلىنەتتى. راست، مەن بۇ
پۇللارنى كۆرگەن، نەچچە يۈز قىبتىملاپ
خەجلىگەن، پۈرلەپ - پۈرلەپ يانچۇقۇمغا
ئۇتۇڭ، تەتۈرمۇ تىققان. ئاشۇلار بۈگۈن
قايا قلارغا كەتكەندۇر؟

ئاشتىن يەنە بىر چوكا يېدىم، بايىقە
دەكلا بەتتام. قورۇمىنى ئىلەشتۈردۇم.
قىزىل، ھال رەڭ، يېشىل رەڭدىكى قورۇما
گويا پۇلنىڭ رەڭگىنى كۆز - كۆز
قىلىۋاتقاندەك، مېنى مازاق قىلىۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى.

كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. يەنە شۇ
تۆت موچەن كۆز ئالدىمغا كەلدى. مانا
ئىككى مولۇق پۇل. ئۇ، ئىشخانامدىكى
ئىش ئۈستىلىمدە رەتسىز ياتقان ماتېرى
ياللارنىڭ بىر تەرىپىدە سىياھقا مىلىنىپ
ياتىدۇ. مەن ئۇنى قەلىمىمگە سىيا ئىچ
كۈزگەندە قەلىمىمنىڭ ئۇچىنى سۈرتۈشكە
ئىشلەتكەن. مانا بىر موچەن. ئۇ ياتىقىم
دىكى دادۇر - خۇاسىڭ شاكاللىرى، كەم
پۈت قەغەزلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن
كىچىك چاي ئۈستىلىمدە يىرتىق ھالەت
تە ياتىدۇ. مانا بۇ سىنىت پۇللار...
بۇلار بەك كۆپ. مەن بۇلارنى كۆرپەمنىڭ
ئاستىدا، ئىشىك كەينىدىكى دۆۋىلىنىپ
تۇرغان ئەخلەت ئارىسىدا... كۆپ جايلار
دا كۆرگەن. مانا كۆكۈش قەغەز ئۈستى
دىكى ئۇچۇشقا تەييارلانغان ئايروپىلان،
سارغۇچ قەغەزدىكى يەلكەنلىك پاراخوت،
كىچىككىنە سېرىق قەغەز ئۈستىدىكى ھەر
بىي ماشىنا ئېنىق، ناھايىتى روشەن
كۆرۈنمەكتە. كۆز ئالدىمدا لەيلەپ ئۇچۇش
ماقتا. مەن كوچىلاردا ئۇچراپ قالغان

تەڭگە پۇللارنى ئېڭىشىشتىن ئېرىنىپ ئات
لاپ، دەسسەپ ئۆتۈپ كەتمىگەنمىدىم؟

ئەمدى ئۇلار مېنى مەسخىرە قىلىپ،
كۆز ئالدىمدا ئۇسسۇل ئويناماقتا. —

ئاشتىن يەنە بىر چوكا يېدىم، ئەم
دى ئۇنچىۋالا تەمسىز بىلىنمىدى. بېشىم
نى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ماڭا
تىكىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. قارىغاندا خېلىدىن
بېرى مۇشۇنداق ئولتۇرغان بولسا كېرەك.
بۇ ھال مېنى تېخىمۇ ھودۇقتۇردى.
ئەمدى ئۇ مەن سۆيگەن، قەلب تەختىم
دىن يۈكسەك ئورۇن ئالغان قىز بولماس
تىن، ناھايىتى بەدبەشىرە، ياۋۇز بىر مەخ
لۇققا ئايلىنىپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇ
بۈگۈن مېنى مۇشۇنداق ئوسال قىلىش
ئۈچۈنلا قەستەن كۈلۈپ، نايناقلاپ مەن
بىلەن بۇ يەرگە كىرگەنمىدۇ؟... مەن بۇ
نىڭ ئاخىرىنى ئويلىيالمىدىم.

بىرەر تونۇشۇم كىرىپ قالارمۇ
دېگەن ئۈمىدتە ئىشىك تەرەپكە نەزەر
سالدىم. ئەپسۇس، ئىشىك تۈۋىدە ئاشپۇ
زۇل خوجايىنى ئالدىغا قويۇۋالغان ئۈستەل
گە بۈقىنىڭ پۈتلىرىدەك قوللىرىنى تاش
لاپ مەغرۇر ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ شۇ ھال
تى ئەگەر ئىككى تەخسە لەڭمەنىنىڭ پۇل
نى سىنىت كەم تۆلەپ قويسام ياقامدا
گۆلەڭگۈچ ئۇچىدىغاندەك، ئېغىزىنىڭ بىلى
نەر - بىلىنمەس مىدىرلىشىدىن «قېنى
قايسىڭ پۇلنى كەم تۆلەپ قاچىسەنكىن»
دەۋاتقاندەك بىلىنىپ، تېنىمگە تىترەك
ئولاشتۇردى.

ئەمدى خوجايىنغىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ
قارىيالمىدىم. پەقەت ئالدىمدىكى سوۋۇپ
قالغان ئاشقىلا تىكىلدىم. ئەمدى ئاشمۇ
گويا كىچىك بىر دۆۋە ئەخلەتتەك كۆرۈندى.
ئۇ ھالەتتە قانچىلىك ئولتۇرۇپ

كەتكىنىمنى بىلمەيمەن، تۇيۇقسىز بىر قول مۈرەمدىن ئارتىلىپ ئالدىمدىكى تەخسىگە سوزۇلدى. مەن كەينىمگە بۇرۇلدۇم.

— يېمەمسىز؟ — سورىدى تائىجاڭ.

— يەيمەن! — ئاۋازىم خىرقىراپ چىقتى. تائىجاڭ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ ئاشنى قويۇپ قويدى.

— تېززەك يەڭ، مەندىنمۇ كېيىن قالدىڭىز، — دېدى ئۇ.

راست، ئۇنىڭ تەخسىسى كۆرۈنمەيدۇ. لەپپىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا راستتىنلا مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىر ئىپادە بار ئىدى. ياق، ئۇنىڭ رەڭگىمۇ ئاشۇ پاراخوت، ئايروپىلان، ھەربىي ماشىنىلارنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قاپتۇ.

بۇرنۇمنىڭ ئۇچىدىن ساقىغان بىر تامچە سۇيۇقلۇقنىڭ ئاستىن لېۋىمدە ئېلىنىپ قالغىنىنى سەزدىم. قاشلىرىم لىكىلداپ كەتتى. بەلكىم قاپىقىم تارتىۋاتقاندۇ. پۈتۈن بەدىنىمدىن چىپىلداپ تەرقۇيۇلاتتى.

ئالدىمدىكى ئاش يېگەنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. قاراۋەرگەنسېرى بىر دۆۋە، بىر چوقا، بىر تاغ بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

ئەمدى ھېچ نەرسىگە قارىماي كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. شۇئان يەنە ھېلىقى پارچە پۇللار ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ئۇلار ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ يۈزلىرىمگە ساۋدىماقتا. «مانا، بىز سەن كۆزگە ئىلمىغان پارچە پۇل، كۆردۈڭمۇ، بىزنىڭمۇ قىممىتىمىز بار» دەپ قىقىراشماقتا، يۈرىكىمنى مۇجۇماقتا. مېنى نومۇس سوتىنىڭ مەيدانىغا سۆرىمەكتە...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئەسئەت ئابدۇقادىر

# ئەسىرلەر

1

مەن ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن كەڭ دالىدا تۇرغۇدەكمەن. قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقۇدەكمىش. ئەتراپ جىمجىت ھەم سۈرلۈك، ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا نۇرلۇق سىيما — قارغا يېرىم كۆمۈلگەن قىز ماڭا ناز بىلەن قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تەبەسسۇم، چىرايىدا كۈلكە، شۇنچە قاتتىق سوغۇقتىمۇ مۇزلاپ قالمىغان قىزنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشتى. گويا ئۆزۈمنى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

يەنە شۇ چاقناۋاتقان نۇرلۇق سىيما ... ئۇ خىرۇستالدەك سۈزۈك قوللىرىنى پۇلاڭشىتىپ مېنى يېنىغا چاقىردى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باققان بولساممۇ، لېكىن پۇتۇم يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك بىر قەدەممۇ ئالالمىدىم. مەن ئىلاجىسىز ھالدا قىزغا مەيۈسانە باقتىم. پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ، بىرلا يۇلقۇنۇپ بۇ جايدىن قۇتۇلۇپ، ئاشۇ قىزدەك تونۇما ھالەتتە ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. لېكىن، ئۇنى تۇرغان

جايدىن تاپالمىدىم. قىز تۇرغان جاي شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدى. مەن شۇ تاپتا ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ لەززەتلىك بىر سېھىرنىڭ قۇچىقىدا ھېس قىلدىم.

قارلىق دالا، قاردىنمۇ روشەن نۇرلۇق سىيما، مېنى يېنىغا چىللاۋاتقان خىرۇستالدەك ئاپئاق قول، ئەڭ لەززەتلىك سېزىم ... كەڭ دالىدا سوغۇققا ئېرەن قىلماستىن قانچە ئۇزۇن تۇرغانلىقىم ھېلىمۇ ئېسىمدە يوق.

2

قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى دالىنى ئوراپ تۇرغان چىمەن ۋە كاككۇك گۈللىرىدىكى يامغۇر تامچىلىرىدا جۇلالىنىپ چاقنىماقتا.

— ئاھ! تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەل مىنۇتلىرى مۇشۇ پېتى قېتىپ قالغان بولسا، نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى ـ ھە؟! — دېدى زوقلانغۇچىلاردىن بىرى.

— راست، شۇنداق بولغان بولسىغۇ ياخشىدى، — دېدى يەنە بىرى ھاياجىنىنى باسالماي.

— ئەمما بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدىم. ئۇلار چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىشتى.

ياز قۇياشى ئۆزىنىڭ ئوتلۇق تەپتى بىلەن يەر ـ جاھاننى قىزدۇرغاندا ئورمانلىق ئىچى سالقىن، ھاۋالىق ئىدى.

— بۇ يەردە ئادەمنىڭ جېنى يايراپلا كەتتىغۇ، — دېدى سەگىدەۋاتقانلاردىن بىرى.

— مەن مۇشۇنداق يەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى يەنە بىرى.

— ئەمما بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدىم. ئۇلار چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىشتى.

قۇياش نۇرى سارغايغان يوپۇرماقلاردىكى شەبنەم تامچىلىرىدا جۇلالىنىپ، تولىمۇ كۆركەم مەنزىرە ھاسىل قىلغانىدى.

— ئېھ دۇنيا نەقەدەر گۈزەل ـ ھە، — دېدى كېتىۋاتقانلاردىن بىرى.

— بۇنداق سەپەر ئەبەدىي تۈگىمىگەن بولسا، — دېدى يەنە بىرى.

— سەپەر تۈگىمەيدۇ، ئەمما بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدىم. ئۇلار چوڭقۇر ئەپسۇسلىنىشتى.

ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن دالا قۇياشنىڭ سوغۇق نۇرىدا رەڭمۇ رەڭ چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

— ئاھ، زېمىن ئاق شايى تونغا پۈركەنسە مەن قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كېتىمەن، — دېدى قىش مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقانلاردىن بىرى.

— قار پاكلىقنىڭ سىمۋولى. مەن دۇنيانىڭ مۇشۇنداق ئاق يېپىنچا كىيگەن پېتى تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى يەنە بىرى.

— ئەمما بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدىم.

شۇنداق، بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىدۇ. كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغان گۈزەللىك ئورنىغا، ئۇنىڭدىن گۈزەل، يارقىن مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ. ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، ھازىرغا زوقلىنىپ، كېلەچەككە تەلپۈنۈش بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ ھەقىقەت.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

قاھار جېلىل

# پەم

(ھېكايە)

باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ قالسام بوش ۋاقىتلىرىمنى كوچا ئايلىنىش بىلەن ئۆتكۈزىمەن. چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقلارنى كۆپىنچە بازاردىكى ئاشخانىلاردا يەيمەن. ئۇ يەرلەر مېنى رەسمىي سورۇنلاردا ئاڭلىغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن يېڭىلىقلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، خىلمۇ خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. قىزىق لەتىپىلەر، يۇمۇرغا باي پاراڭلار، كۈلكە - چاقچاقلار نەچچە ئايلاپ كىچىككىنە ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەشتىن چارچىغان مېڭەمگە ئارام بېرىدۇ. تۇيغۇ نامراتلىقىدىن خىرەلەشكەن كۆڭلۈم بۆلەكچە يايراپ كېتىدۇ.

مانا بۈگۈنمۇ بۇ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىردىم. مېنى سىمىز بىر ئادەم قىزغىن قارشى ئېلىپ تۆرگە يېقىن بىر ئۈستەلگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئۈستەلدە مەندىن بۇرۇن كىرگەن ئىككى كىشى تاماق يەۋاتقانىكەن، ئۇلار ئارا باش لىڭشىتىپ سالاملاشتۇق.

— ئەزىز مېھمان، ئىشتەيلىرى نېمە خالايدىكىن؟ — سىمىز كۈتكۈچى كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى، قورسىقىم ئانچە ئاچمىغانىدى، شۇڭا:

— يېرىم تەخسە لەغمەن يەيمىكىن، — دەپ تاشلاپتىمەن.

— يېرىم تەخسە؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ ھەيران بولغان تەلەپپۇزدا ۋە جاۋاب كۈتمەيلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەتتى، — قارىسام، باشقا يۇرتتىن كەلگەندەك تۇرىدىلا، ئاۋۋال تەمىنى تېتىپ باقاي دەپلا - دە. لېكىن - زە، يېرىم تەخسە ئاش دېگەننى ئۆزى، مېنىڭ بەش ياشلىق قىزىم چېغىدا كۆزىنى ھەت قىلماي سوقۇۋېتىدۇ دېسىلە.

تاماق يەۋاتقان ئىككى كىشى كېلىشىۋالغاندەكلا ماڭا لەپپىدە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشتى. شۇ ھامان ئايروپىلاندا كېلىۋېتىپ ئاڭلىغان بىر لەتىپە كۆپپىدە ئېسىمگە چۈشتى - دە، سەل خىجىل بولدۇم.

— بوپتۇ، پۈتۈننى ئەكەلسىلە، — دېدىم ئالدىراپ - تېنەپ.

— ھەببەللى، مانا بۇ گەپلىرى بولدى ئۆزى. قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك يە، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، — كۈتكۈچى يانچۇقىدىن «بۇغدا كۆلى» ماركىلىق تاماكا چىقىرىپ ماڭا بىر تال ئۇزاتتى، ئاندىن گاز چاقمىقىنى يېقىپ بەردى، — قېنى، تاماكا چەككەچ تۇرسىلا، ھازىرلا چاي كەلتۈرىمەن.

ئۇنىڭ مۇئامىلىدىكى قىزغىنلىقىغىمۇ، تىجارەت قىلىشتىكى چىۋەرلىكىگىمۇ قايىل بولدۇم. تاماكا چەككەچ ھېلىقى

لەتىپىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدىم؛ بۇرۇن
باشقا يۇرتتىن كەلگەن بىر چاقچاقچى
ئادەم مەلۇم بىر شەھەردە بىر نەچچە كۈن
تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئېسىل كىيى۔
نىپ كاتتا ئاشخانىلاردىن بىرىگە كىرىپتۇ
ۋە پېتىر مانتىدىن ئىككىنى كەلتۈرۈشنى
بۇيرۇپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى قور۔
ساق توقلاش ئەمەس، قۇسۇر ئىزدەپ
چاقچاق قىلىۋېلىش ئىكەن. كۈتكۈچى مى۔
يىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، تاماق ئېتىلىدىغان ئىچ۔
كىرىكى ئۆيگە قاراپ يۇقىرى ئاۋازدا:

ــ مانا بۇ ئېسىل مېھمانغا ئىككى
مانتا! ــ دەپ توۋلاپتىكەن، باشقا خېرى۔
دارلار ئىختىيارسىز هالدا هېلىقى كىشى۔
گە قارىشىپ كۈلۈشۈپتۇ. ئۇ باشتىلا بىر
كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ يۇ،
لېكىن سىر بەرمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. بىر
دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ بۇيرۇتمىسى تەييار
بوپتۇ. بايىقى كۈتكۈچى ئوتتۇرىسىغا ئىك۔
كى دانىلا مانتا قوندۇرۇلغان سەپەر
توقۇچىچىلىك كىچىك تەخسىنى هەر
ياڭزا ئۇيىندىتىپ، ئۇستەللەرنى ئارىلاڭ
مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندە يەنە بىر
قېتىم ئۈنلۈك ئاۋازدا:

ــ ئېسىل مېھمان، مانا ئىككى مانتا
كەلتۈرۈلدى! ــ دېگىنىچە ئالدىغا
قويۇپتۇ.

كىشىلەر يەنە بىر قېتىم كۈلۈشۈپتۇ.
«خەپ، ماڭىمۇ بىر نۆۋەت كېلىپ قالار
ئىلاهىم» دەپ خۇدادىن نۇسرەت تىلەپتۇ
هېلىقى خېرىدار. دېگەنىدەك هەدېمەيلا
ئۇنىڭ تىلىكى ئىجابەت بوپتۇ. ئۇ ئىك۔
كىنچى مانتىنى يەۋاتقاندا خىمىرغا يېپى۔
شىپ قالغان كىچىككىنە يىپنى كۆرۈپ
قاپتۇ ـ دە، ئۇنى ئازراق خىمىرغا قوشۇپ
چوكا بىلەن قىسىپ مانتىدىن ئاجرىتىۋاپ۔
تۇ. ئاندىن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۈت۔
كۈچىنى چاقىرىپتۇ ۋە مەغرۇرلانغان هالدا:

ــ ئۇستام، مانتىلىرىڭنىڭ ئىچىدىن
ماتا چىقتىغۇ، ماتا! ــ دېگىنىچە قاقاقلاپ
كۈلۈپ كېتىپتۇ. كۈتكۈچىمۇ ئۇنىڭغا قو۔
شۇلۇپ كۈلۈپتۇ ۋە ئارقىدىنلا:

ــ مېھمان، شۇنچە سۆلەتلىرى بىلەن
ئالغانلىرى ئاران ئىككى مانتا، تۆت مو۔
چەنگە ماتا چىقماي، ئەمىسە تاۋار چىقام۔
تى!؟ ــ دەپتۇ.

كۈلكە دەستىدىن ئاشخانىنىڭ تام ـ
تورۇسلىرى ئۆرۈلگۈدەك بوپتۇ. چاقچاقچى
كىشى يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ قايتا ئۇن
مانتا بۇيرۇتۇپتۇ...

شۇ ئارىدا سېمىز كۈتكۈچى ئالدىمغا
چوڭ چېنىدە خام چاي كەلتۈرۈپ قويدى.

ــ خېرىدارلىرىمىز كۆپ، سەل كۈتۈپ
قالدىغان بولدىڭلا، ــ دېدى ئۇ تەكەللۇپ
قىلىپ.

ئۇ يېنىمدىن كەتتى. مەن خۇش پۇ۔
راق چاينى ئوتلىغاچ ئەتراپقا سەپ سال۔
دىم. ئاشخانىنىڭ هەجمى ئانچە چوڭ
ئەمەس ئىدى، كىيىملىرى مايلىشىپ،
يۈز ـ كۆزلىرى قارىداپ كەتكەن ئون تۆت ـ
ئون بەش ياشلاردىكى بىربالا موكىدەك يور۔
غىلاپ بوشىغان قاچا ـ قۇچىلارنى يىغاتتى.
ئۇستەللەرنى سۈرتەتتى. ئۇنىڭدىن ئىك۔
كى ـ ئۈچ ياش چوڭراق يەنە بىرى تاماق
توشۇيتتى. سېمىز كۈتكۈچى بولسا يېڭى
خېرىدارلارنى قارشى ئالاتتى ۋە ئالدىغا
چاي كەلتۈرەتتى، هەممىسى بىلەن بىر۔
نەچچە ئېغىز پاراڭلىشاتتى، بەزىلەر بىلەن
چاقچاق قىلىپىشىمۇ قوياتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ۔
نىڭ مۇئامىلىسىدىن، گەپ سۆزلىرىدىن
بىر خۇش چاقچاقلىق، بىر خىل تىجارەت
سەنئىتى چىقىپ تۇراتتى. بىراق تۇرقى
سەل غەلىتە ئىدى: ئەسلىدە، ئوتتۇرا
بويلۇقلار تىپىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك،
لېكىن بەكمۇ سەمىرىپ كەتكەنلىكى، قور۔
سىقى خۇددى ياستۇقتەك بۆرتۈپ

چىققانلىقى ئۈچۈن سەل پاكاردەك كۆرۈنەتتى. ئەكسى ھالدا بېشى ئانچە چوڭ ئەمەس، يەنە كېلىپ كۆزلىرى بەكمۇ كىچىك ئىدى، كۈلسە جىيەكلىرى بىر- بىرىگە يېپىشىپ، كۆز ئورنىدا بىر تال قارا سىزىقلا قالاتتى. يورغىلاپ ماڭاتتى. قارا رەڭلىك نىلۇندىن ئىشتان، چاپان كىيگەن، ئالدىغا ئاق خەسىدىن ئۇزۇن پەشتاما تارتىۋالغانىدى. تۇرقىغا، سىلىقلىقىغا قاراپ ئۇنى تېلېۋىزوردا بېرىلىدىغان «ھايۋانات دۇنياسى» دىكى پىنگىۋىنغا ئوخشاتقۇم كەلدى.

شۇ پەيتتە مەخسۇس خادىملارنىڭ پورمىسىنى كىيگەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. «پىنگىۋىن» قىلىۋاتقان ئىشىنى چالا تاشلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا يوغىلاپ باردى - دە، ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە ئېلىپ سالام بەردى:

— خۇش كېلىپلا رەھبىرىمىز، قەدەملىرىگە مۇبارەك!

يىگىتمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب سالام قايتۇردى.

بۇ چاغدا ماڭا قوشنا ئۈستەل بوشىغانىدى. «پىنگىۋىن» ئۇنى شۇ ئۈستەلگە ئولتۇرغۇزدى، ئاۋۋال يانچۇقىدىن «كىنىت» ماركىلىق تاماكا چىقىرىپ بىرنى تۇتۇپ، چاقماق يېقىپ بەردى، ئارقىدىن خام چاي كەلتۈردى. «بۇنى قارا، خېرىدارلارغا تۇتىدىغان تاماكىسى ئوخشىمايدىكەن» دېگەن خىيال كۆڭلۈمدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى.

— بىرەر ھەپتە بولىدى، قارىلىرىنى كۆرسەتمىدىلە، — دېدى «پىنگىۋىن» سەل باتىنغاندەك بولۇپ، — ئۆزى، بىز تەرەپتىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتتىمىكىن دەپ بېشىمىز قاتتى.

يىگىت خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقىدىن كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى.

— دېمىسىمۇ، ھەر قايسىلىرىنىڭ خىزمىتى بەكمۇ ئالدىراش، — «پىنگىۋىن» ئەمدى ئۇنى ماختاشقا ئۆتتى، — كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلىشىلا. بىزدەك ئوقەتچىلەر ھەر قايسىلىرىنىڭ سايىسىدىلا مۇشۇنداق گۈللەپ تۇرۇۋاتىمىز، دېسىلە، شۇڭا ئىككى - ئۈچ كۈن كۆرمىسەك، ئەسلەپ قالىدىكەنىمىز ئۆزى.

ئۇلار شۇ تۇرقىدا يەنە بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى. مەن ئۇلارغا ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل ئولتۇرغاچقا سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ، قىياپەتلىرىنىمۇ ئوچۇق كۆرۈپ تۇراتتىم. بۇ قېتىم «پىنگىۋىن» نىڭ بۇ خېرىدارغا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى نېمىشقىدۇر سەل ئېشىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ، بايىقى ياخشى تەسىراتىم سەل خىرەلەشكەندەك بولدى.

«پىنگىۋىن» ئۇنىڭ كۆڭلى نېمە تارتىدىغانلىقىنى سورىۋالغاندىن كېيىن ھە دېمەيلا چوڭ تەخسىگە تولدۇرۇپ تىزىلغان پېتىر مانتىنى ئۆزى ئېلىپ كەلدى. مېنىڭ تامىقىمدىن تېخىچە دېرەك يوق ئىدى. «ئۇنىڭ كىرىشىگە ئۈلگۈرۈپ مانتا پىشقان ئىكەن - دە» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. يىگىت مانتىدىن ئىككى - ئۈچنى يەپلا يالتىيىپ قالدى. يانىدىكى ئۈستەلگە چاي ئەكىلىۋاتقان «پىنگىۋىن» ئۇنىڭ چوكىنى تاشلاپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ، چىنىنى ئۈستەلگە ئالدىراپ - تېنەپ قويۇپلا يېنىغا يېتىپ كەلدى.

— مانتا ئوخشاپتىمۇ - نېمە؟ — دېدى ئۇ تەشۋىشلەنگەن قىياپەتتە، — ياشاققىدە ئاچچىق - چۈچۈك بىر نېمە ئېتەيمۇ؟

— بەك مايلىقكەن، كۆڭلۈمگە تەگدى، — دېدى يىگىت «پىنگىۋىن» ئۇزاتقان تاماكىنى ئېلىۋېتىپ، — يېرىم لەڭمەن يېسەممىكىن.

«پىنگىۋىن» تاماكىغا چاقماق يېقىپ بەرگەندىن كېيىن:

— ئاشنى هازىرلا كەلتۈرىمەن، — دېگىنىچە ئىشىكتىن كىرىۋاتقان خېرىدارلارنى كۈتۈۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە يۈرغىلاپ كىرىپ كەتتى.

يىگىت شەپكىسىنى ئېلىپ قويۇپ، چاچلىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتتى، چىرايىدىن بىر خىل مەغرۇرلۇق ۋە سوغۇقلۇق چىقىپ تۇراتتى.

هە دېمەي ئىككىنچى قېتىملىق تاماق كەلتۈرۈلدى. ئەسلى بۇيرۇتقىنى يېرىم ئاش ئىدى، لېكىن تەخسىدىكى چۆپ تۆكۈلۈپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ ناۋادا پۈتۈن دېيىلگەن بولسا لىگەندە كەلتۈرۈلەتتىمىكىن تاڭ!؟

خەيرىيەت، ئاخىرى مېنىڭ تامىقىممۇ كەلتۈرۈلدى.

— مېھمان، ئۆزلىرىنى بەك ساقلىتىپ قويدۇق-ھە! — «پىنگىۋىن» يېنىمدىن ئۆتۈۋاتقاندا بۇرۇلۇپ ئەپۇ سورىدى.

— كېرەك يوق، — دېدىم مەن مېيىقىمدا كۈلۈپ قويۇپ، ئاش ئوبدان ئوخشاپتىكەن ئاغزىمغا خېلى تېتىدى، شۇڭا ئالدىرىماي، زورلاپ دېگۈدەك ھەممىسىنى يەۋەتتىم، تەخسىنى قۇرۇغداپ بولغان چېغىمدا يەنە ئىختىيارسىز ھېلىقى يىگىتكە كۆزۈم چۈشتى. ئۇمۇ چوكىسىنى تاشلاپ قويۇپ تاماكا چېكىدىۋېتىپتۇ، لېكىن تەخسىسى بوشماپتۇ. گۆشى بىلەن ئېلەشتۈرۈۋېتىلگەن يېرىم تەخسە ئاش شۇ پېتى تۇرىدۇ.

— ئاش سۈيى كەلتۈرەيمۇ، يا چاي ئىچەملا؟ — «پىنگىۋىن» يېنىمغا كېلىپ سورىدى.

چايغا مەيلىم بارلىقىنى بىلدۈردۈم. ئۇ ئالدىمدىكى بوشىغان چاي چىنىسىگە قايناقسۇ قۇيۇپ قويدى. چاينىڭ تەمى چىقىشى ۋە سوۋۇشى ئۈچۈن بىرنەچچە مىنۇت ساقلاش كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇزۇمنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم.

ئەمدى خېرىدارلارمۇ خېلى شالاڭلاشقانىدى. «پىنگىۋىن» سەل ئارام ئېلىۋالاي دېگەن بولسا كېرەك، ھېلىقى ئەتىۋار خېرىدارنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

— بەك تەرلەپ كېتىپلا، — دېدى يىگىت ئەمدى ئۇنىڭغا تاماكا تۇتۇۋېتىپ.

«پىنگىۋىن» تاماكىنى تۇتاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن قاتتىق بىر شوراپ، تۈتۈنىنى ئېگىزگە قارىتىپ پۈۋلىدى-دە، ئېغىر بىر تىنىۋېلىپ جاۋاب بەردى:

— ھەي... نېمىسىنى دەيلا، ئۇۋە دېگۈچىلىكىم قالمىدى دېسىلە.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى:

— ھە راست، ھېلىقى شاگىرت بالا كۆرۈنمەيدىغۇ، ئىسمى نېمىدى ئۇنىڭ؟

— مۇسا دېگەن ھارامنى دەملا، مۇشۇ ھەلەكچىلىك شۇنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتامدۇ ئۆزى.

— نېمە، ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويدىلىمۇ؟ پۇت-قوللىرى بەك چاققان، سۆزگىمۇ تازا شەمەر نېمىدەك قىلاتتى ئۇ.

— شۇنداق، ماڭا تازا قول-قانات بولۇۋاتاتتى، ئەتىگەن قارىسام يوق تۇرىدۇ، ئەنە كېلەر، مانا كېلەر دەپ كۈتتۈم، مانا كۆرۈپ تۇرىدىلا، ھازىرغىچە يوق.

— قاچقان ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ ئۆزى، ئىشقىلىپ، قۇرسىقى تويۇپ، كۆڭلى بولۇندى ھارامنىڭ.

— ئۇنى يالىلىغاندا توختام تۈزۈشكەن بولغىيدىلا؟

— يوقسۇ، قولۇمغا يېڭى چۈشكەندە قوزىدەك ياۋاش نېمىدى، شۇڭا توختاملاشماپتىكەنمىز ئۆزى.

— چۈشەندىم، — خىرىلداپ كۈلدى يىگىت، — توختام دېگەنگە ئىش ھەققىمۇ يېزىلىدۇ، كۈۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ياۋاش بولغاندىكىن ئازراق بىر نېمە بەرسەممۇ رازى بولۇۋېرىدۇ،دەپ ئويلىدىڭلا - دە، ھەقسىچان، تاپتىممۇ؟

— سىلىزە، بەك ئەقىللىق ئادەم جۇمۇ ئۆزى، — «پىنگىۋىن»مۇ كۈلۈۋىدى، كۆزلىرى قارا سىزىقا ئايلاندى، — ئىش قىلىپ، ماڭىمۇ، ئۆزىڭىمۇ قىلدى ھاراملىق. لېكىنزە، مۇشۇ شەھەردىلا بولىدىكەن، باشقا ھەر قانداق ئاشخانىدا تۇرغۇزمايمەن ئۇنى. يەنە مېنىڭ ئالدىمغا يالۋۇرۇپ كېلىدۇ، تېخى.

— قانداق قىلىپ؟ — قىزىقىپ سورىدى يىگىت، — ئاردا توختام يوقكەن، كىمنىڭ قەيەردە ئىشلىشى ئۆز ئىختىيارى ئەمەسمۇ؟

«پىنگىۋىن» سىرلىق كۈلۈمسىرىدى.

— ئويلاپ باقسىلا، قولى ئەگرى دېگەن گەپنى ئاڭلىسا قايسى خوجايىن ئىشلەتەر ئۇنى!؟

— مۇنداق دېسىلە، شۇنداق قىلىقمۇ بار ئىكەن - دە، ئۇنىڭ!؟ بىرەر قېتىم شۇنداق ئىش ئۈستىدە تۇتۇلۇپمۇ قالغانمۇ؟

— تۇتۇلۇشنىغۇ تۇتۇلمىغان، ئەمما شۇنداق گۇمانىمىز بارىدى، ئۆزى.

— ھەي، بۇ گەپلىرى ئاقمايدۇ، ئۇستام، — يىگىت مەنسىتمىگەندەك كۈلدى، — گۇمان بىلەنلا بىرىنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ - دە.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدا شۇنداق، — «پىنگىۋىن» مۇ بوش كەلمىدى، — ئەمما ئۆزى، خوجايىنلار ئۈچۈن ئۇنى قوغلىۋېتىشتا شۇنداق گەپنىڭ چىقىشى تولۇق كۇپايە قىلىدۇ. «گۇمان ئىماننى قاچۇرار» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىدىلا ئۆزى.

— مۇنداق دېسىلە، — ئەمدى يىگىتنىڭ چىرايىدا زوقلىنىش ئىپادىسى پەيدا بولدى، — دېگەن بىلەن سىلە قالتىس ئادەم جۇمۇ، مۇشۇ قورساقلىرىنىڭ ئىچىدىكى يالغۇز قېرىن بىلەن ئۈچەيلا ئەمەس.

بۇ قېتىم ھەر ئىككىلىسى تەڭلا خىرىلداپ كۈلۈشتى. شۇ پەيتتە كۈتكۈچى باللاردىن بىرى كېلىپ «پىنگىۋىن» نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا قارا بۇلۇت يامرىدى.

— مۇتىھەم زەڭگى! — ئۆزىنى تۇتالماي توۋلىۋەتتى «پىنگىۋىن»، — ماڭا قىلمىغان ئەمدى شۇ ئىشىڭ قالغانمىدى، ئۆزى؟ ئىلاھىم، ئۆيۈڭنى ئوغرى قاراقچى باسار، ئاشخاناڭغا ئوت كېتەر، پۈتۈن ئەسلى ۋەسلىڭدىن تۈگىشەرسەن!...

— ئۇستام، نېمە بولدى؟ كىمنى قارغايلا شۇنچە؟—يىگىت قىزىقسىنىپ سورىدى.

«پىنگىۋىن» تېرىككەن ھالدا جاۋاب بەردى:

— قارىماملا ئۆزى، ھېلىقى ھارامنى ئاۋۇ يۇسۇپ زەڭگى ئاپىرىۋاپتۇ ئەمەسمۇ!؟

— ھەي، نېمانچە چېچىلىلا؟ قولى ئەگرىلىكىنى ئاڭلىسا يۇسۇپ ئۇستامۇ ئىشلەتمەس ئۇنى.

— ياق، سىلە بىلمەيلا، يۇسۇپ زەڭگى مېنىڭ كۈشەندەم، ئۇ ھارامنى ئۆزى ئالداپ ئاپىرىۋالغان گەپ. شۇڭا ئۇنداق گېپىمگە ئىشەنمەيدۇ ئۇ زەڭگى. ئەستاغپۇرۇللا قانداق قىلسام بولار ئەمدى؟

— قېنى، تاماكا چەكسىلە، — يىگىت ئۇنىڭغا يەنە تاماكا تۇتتى، — ئاچچىقلانماي ئوبدانراق ئويلانسىلا بۇنىڭمۇ بىر يولى چىقىپ قالار، بولمىسا باشقا بىرىنى ياللىسىلىمۇ توختاش ئەمەسمۇ؟

— ھەي، بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە ئۇ

خەقنى تاپماق ئوڭايمۇ!؟ — ئېغىر خۇر-
سىندى «پىنگۋىن»، — ماڭا قارىسىلا
رەھبىرىمىز، بۇ قېتىم سىلە ئارىغا
چۈشۈپ ئۇ ھارىمىنى ماڭا قايتۇرغۇزۇپ
بەرسىلىچۇ؟ بۇ ياخشىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ
قايتۇراتتىم، ئۆزى.

— بۇ ئىش تەس بولارمىكىن، —
يىگىت ئىككىلەنگەن ھالدا جاۋاب بەردى، —
ئارىدا توختام يوقكەن. ئۇ: «مۇشۇ
يەردە ئىشلەيمەن» دەپ تۇرۇۋالسا مەج-
بۇرلىغىلى بولمايدۇ دېسىلە.

— ھەي... مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە
بىر كالتە پەملىك قىپتىكەنمەن - دە، —
«پىنگۋىن» يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى،
چوڭقۇر خىيالغا پاتقاندەك بىر پەس جىم
ئولتۇرۇپ قالدى، ئاندىن بىردىنلا بېشى-
نى كۆتۈرۈپ، — ۋۇي، چايلىرىمۇ
سوۋۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، شاققىدە يېڭ-
لاپ كېلەي - ھە، — دېگىنىچە چاي چىنى-
سىنى كۆتۈرۈپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

قارىغاندا، فورمىلىق كىيىم كىيگەن
بۇ خېرىدارنىڭ ئالدىراش ئىشى بولمىسا
كېرەك. تاماكىسىنى چەككىنىچە ئولتۇرۇ-
ۋەردى، ئەمدى ماڭا «پىنگۋىن» نىڭ
كۈتكۈچى ئەمەس، خوجايىن ئىكەنلىكى،
باشتا ئويلىغىنىمدەك ئانچىلا يېقىملىق
ئەمەسلىكى ئايان بولغانىدى. ئۇ سۇ-
لۇقۇم قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەرەد-
دۇتلىنىۋاتقىنىمدا ھېلىقى كىشىلەرنىڭ
سۆھبىتى يەنە ئۇلىنىپ دىققىتىمنى تارت-
تى. گەرچە ئۇ ئىشقا ھېچقانداق مۇنا-
سىۋىتىم بولمىسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئاخىرى-
غىچە ئاڭلىغىم كېلىپ يەنە قوزغالمىدىم.

— سىلىنى بىر ئىشتىن خەۋەرلەن-
دۈرەيمۇ - يوق، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇۋا-
تىمەن ئۆزى، — دېدى «پىنگۋىن»
يېڭىلىغان چاينى ئەكىلىپ قويغاندىن كېيىن.

— نېمە گەپ؟ — يىگىت سەگەكلەشتى.

— ئاشۇ يۈسۈپ زەڭگى...

— ئۇنىڭغا يەنە نېمە بوپتۇ؟ —
بارچە ئالدىراڭغۇ ياشلاردەك سۆزنى
بۆلدى يىگىت، — بايىقىشىمچە، يېقىندىن
بۇيان ئۇنىڭ تىجارىتى تازا ئېقىۋاتقان-
دەك قىلىدىغۇ، مۇشۇ بازار بويىچە ئۇنىڭ
خېرىدارلىرى ھەممىدىن كۆپكەن.

— ئېقىشىغۇ ئېقىۋاتىدۇ، ئەمما
ئۆزى، كالا بىلەن ئۆچكە گۆشىدە خېرى-
دارلارنىڭ كۆزىنى بوياۋاتىدۇ، مۇتىھەم.

— مۇھىم ئىش دېگەنلىرى شۇمى-
دى، — يىگىت كۈلدى، — كالا بىلەن
ئۆچكە گۆشىنى ئىشلىتىش چەكلەنمىگەن،
بۇنى بىلىدىغانلا.

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن ئۇ زەڭ-
گىنىڭ قىزىل كۆزلىكىنى دەيمىنا، ئىزا
تارتماي ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋېلىپ
«ئەركەك قوينىڭ گۆشى ئوغۇلبالىلا» دەپ
توۋلايدۇ دېسە، ئۆزى.

— خېرىدارلار خالاپ يېگەندىن
كېيىن مەيلى ئەمەسمۇ؟ ئېيتماقچى بول-
غان خەۋەرلىرى شۇ بولسا چويلىدا تۇر-
مايدىغان گەپكەن.

— يوقسۇ، دېمەكچى بولغان ئەسلى
گېپىم ئۇ ئەمەس.

—خوش، ئەمىسە، نەق گەپنى قىلمامىلا؟

— سىلىنىڭ ئۇ زەڭگىگە كۆپ ياخ-
شىلىق قىلغانلىرىنى ئۇنىڭ شاگىرتلى-
رىدىن ئاڭلىدىم، ئۆزى، — «پىنگۋىن»
گويا بۇ گېپىم ئۇنىڭدا قانداق تەسى-
رات پەيدا قىلاركىن دېگەندەك گېپىنىڭ
ئاخىرىنى ئېيتماي ئۇنىڭ چىرايىغا
قارىدى. دېگەندەك سۆھبەتدىشىنىڭ چىرا-
يىدا سەل ھوشيارلانغانلىق ئالامىتى
پەيدا بولدى.

— خوش؟ — دېدى ئۇ «پىنگ-
ۋىن» نى ئالدىرىتىپ.

— لېكىن ئۆزى، تازا تۈزكور نېمى-
كەن ئەمەسمۇ، سىلىنىڭ ئۇستىلىرىدە

ناشايان گەپ قىلىپ...

— نېمە، قانداق گەپ قىپتۇ ئۇ؟

«پىنگخۇەن» ئەتراپقا قارىۋېلىپ، ئاندىن ئاغزىنى سۆھبەتدىشىنىڭ قۇلىقىغا يېقىنلاشتۇرۇپ نېمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى. يىگىتنىڭ چىرايى دەررۇ غەزەپلىك تۈس ئالدى.

— شۇنداق دەپتىما؟ ھۇ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان مۇتتەھەم! — دەۋەتتى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي، — خەپ توختاپتۇر، ئەمدى قانداق پايدا تېپىشىنى كۆرەي!

ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ تاماكىغا قول ئۇزاتتى. «پىنگخۇەن» دەرھال چاقماق يېقىپ بەردى. شۇ پەيت ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل شادىيانە ئۇچقۇننىڭ لىپ قىلىپ يەنە ئۆچكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم.

— رەھبىرىمىز، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، — دېدى ئۇ سۆھبەتدىشىغا تەسەللى بېرىپ، — ئېغىز دېگەن تۆشۈك نېمە، ئۇنىڭدىن نېمىلەر چىقمايدۇ، دەيلا، ئۆزى زەڭگىگە ئوخشاش تۈزكورلار سۆزلەۋېرىدۇ، لېكىن ياخشى ئادەملەر ئىشەنمەيدۇ، مانا بىز ئىشەنمەيمىز.

— خوش ئۇستام، مەن چىقاي، بۇ گەپنى ۋاقتىدا سەمىمگە سالغانلىرىغا رەھمەت، — يىگىت ئاخىرى ئورنىدىن تۇردى، — ھە راست، ئەمدى ھېلىقى شاگىرتلىرى ھەققىدىكى ئىشتىن خاتىرجەم بولسىلا، ئۇ كېچىككەندىمۇ ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاشخانىلىرىغا ھازىر بولىدۇ.

خوجايىن (ئەمدى ئۇنى «پىنگخۇەن» دېگۈم كەلمىدى، توپتوغرىلا خوجايىن دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم) شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتتىكى، بەئەينى ئېگىسىنىڭ ئالدىدا ئەركىلەۋاتقان پىستىگە ئوخشاپ قالدى.

— رەھمەت رەھبىرىمىز، — دېدى ئۇ ئالقانلىرىنى بىز - بىرىگە سۈركەپ، — سىلىدەك سۆيۈنگەن تېغىم بولغانلىقىدىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى. خۇدايىم بۇيرىسا، بۇ ئاتىدارچىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ قايتۇرمىسام ئوغۇلبالا بولماي كېتەي! ھە، راست، بەنە بىر گەپ بارىدى، ئۆزى.

يىگىتنىڭ چىرايى تۈرۈلدى:

— خوش، يەنە نېمە گەپ؟

— قارىسىلا، يۈسۈپ زەڭگى بىلەن ئىككىمىز ھەر ھالدا ھەم كەسىپ ئەمەسمۇ، ئۆزى بايىقى گەپلەرنىڭ مېنىڭ ئاغزىمدىن چىققانلىقىنى ئاڭلىمىسا.

— خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يۈرمەيمەن.

— رەھمەت، ئەمما لېكىنزە بىر مەسلىھەتىم «ئاچچىق ئەقلىنى كېيىن» دەپتىكەن، ھازىرلا تېرە ئۈستىدە پۇل قىلماي، ئاستا - ئاستا تۇيدۇرماي ئىچىگە ئۇرسىلا ياخشى بولارمىكىن دەيمەن، ئۆزى.

— قانداق قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى يىگىت تۈگۈلۈق بىلەن ۋە ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

سۆھبەت ئاخىرى تولۇق ئاياغلاشتى. خوجايىن ئەتىۋارلىق خېرىدارىنى تالاغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا خوجايىن بىلەن روبىرو ئۇچراشتىم، ئۇنىڭ چىرايى خۇددى شورپىنىڭ يۈزىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى، بىراق بۇ چاغدا ئۇ ماڭا ئۇماق، ياۋاش پىنگخۇەنگە ئەمەس، قۇۋ، شەپقەتسىز سۈمۈرغا ئوخشاپ كۆرۈندى. تاماق پۇلىنى يۈزىگە ئاتقۇم باردى، لېكىن يەنە پەيلىمدىن يېنىپ، ياندىكى ئۈستەلگە تاشلىدىم - دە، ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىم.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

**ماخمۇت مۇھەممەت**

# مەڭگۈلۈك ھەسرەت

(ھېكايە)

جېنىم دادا! بۇ مەن، بۇ سىزنى رەنجىتكەن، باققان ھەققىڭىزگە ئىككى ئالەملىك دەرد بىلەن جاۋاب قايتۇرغان تەلەيسىز، يىغلاڭغۇ قىزىڭىز ناجىدە. ئاۋازىمنى تونۇدىڭىزمۇ ياكى يىغىدىن بوغۇلغان ئاۋازىمنى پەرق ئېتەلمەيۋاتامسىز يا؟ جاۋاب بەرمەيسىزغۇ، دادا؟

سۇرلۇك، سوغۇق قەبرىستانلىق، بۇ ئالەمدىن نېسىۋىسى، ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، جەھەننەم باغرىغا سىڭىپ كەتكەن ئىنسانلارنىڭ ئەبەدىي ماكانى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ بوۋىلىرىم، موملىرىممۇ يېتىپتۇ، لېكىن سىز دادا بۇ ماكانغا بەكمۇ بالدۇرلا كېتىۋالدىڭىز، بۇ يىل سىز پەقەت ئاتمىش بىر ياشتىلا ئىدىڭىزغۇ؟

جېنىم دادا! سىز مېنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىڭىز، تۆت بالىنىڭ ئارىسىدا پەقەت مەنلا ئەڭ ئەركە، ئەڭ سۆيۈملۈكىڭىز ئىدىم. بەلكى شۇڭلاشقا مۇشۇنچىلىك بەڭباشلىقلارنى قىلىپ، ئاخىرىدا سىزنىڭ غەزىپىڭىزگە يولۇقتىممىكىن. ياق دادا، ھازىر بولسىمۇ ماڭا ئامراق بولۇڭ. قايتىدىن ئامراق بولۇپ قىلىڭ، مەيلى، يېنىڭىزغا كېلىپ ياتاي!

ئىنسان دېگەن بەختىنىڭ قوينىدا تۇرغىنىدا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن. مەن نەق شۇنداق بولدۇم. مېنىڭدەك بەختلىك قىز، مېنىڭدەك ئامەتلىك ئىنسان بارمىدى جاھاندا!؟ دادام، ئاپام، ئۈچ ئاكام ماڭا شۇنچىلىك ئۆپكە قېقىپ تۇراتتى. مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈم ئائىلىدە جەزمەن ئورۇندىلىدىغان پەرمان ئىدى. بۇنىڭغا سىز سەۋەبكار ئىدىڭىز مېھرىبان دادا! سىزنىڭ باشقىلارغا بىر ئۆلۈتتەك سايە سالغان قاپاقلىرىڭىز مېنىڭ ئالدىمدا يامغۇردىن كېيىنكى زەڭگەر ئاسماندەك چىرايلىق ئېچىلىپ كېتەتتى. ئاغزىڭىزدىن دائىملا «ناجەش، مېنىڭ ناجەش قىزىم!» دېگەن سۆز چۈشمەيتتى. ئاھ، ھازىر ئويلىسام مۇشۇلار تەڭداشسىز بەخت ئىكەن ئەمەسمۇ، دادا! ئائىلىمىز ھاللىق ئائىلە ئەمەستى، سىزنىڭ كادىرلىقىڭىزدىن، چوڭ ئاكامنىڭ مۇئەللىملىك خىزمىتىدىن كىرگەن مائاش ۋە قالغان ئىككى ئاكامنىڭ ئۇدۇللۇق ئوقىتىدىن كىرگەن كىرىمدىن بۆلەك بايلىق يوق ئىدى. لېكىن بىرلا نەرسە، يەنى مېنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىم باشقىچە ھالدا ئىدى. مەھەللىمىزدىلا



ئەمەس، مەن تونۇيدىغان قىزلارنىڭ ھەر قاندىقىدىنمۇ مېنىڭ كىيىم - كېچەك، ئالتۇن جابدۇقلىرىم ھەم كۆپ، ھەم ئېسىل ئىدى. قۇشنىلار پات - پاتلا ئۇستى-بېشىمغا ھەۋەس بىلەن قارىشىپ «ۋىلباي-نىڭ قىزىغۇ بۇ!» دەپ چاقچاق قىلىشاتتى. ئاھ، ئاشۇ ئىلتىپات، مېھىرلىرىڭىزنىڭ ئۆزىمۇ مەن ئۈچۈن تەڭداشسىز بەخت ئىكەن ئەمەسمۇ!

ئەركىلىكىمدىنمۇ ياكى ئانچە زېرەك ئەمەسلىكىمدىنمۇ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھا-نىدىن ئىككىلا قېتىمدا ئۆتەلمەي قالدىم. بىرەر ئايدەك يىغلاپ، تاماق، ئۇيقۇدىنمۇ قالدىم. شۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر سىزمۇ ئاغرىپ قالدىڭىز، خىزمەتكىمۇ بارالمىدىڭىز، بىردەم - بىردەم يېنىمغا كىرىپ، بېشىمنى سىيلىغانچە ماڭا تەسەللى بېرەتتىڭىز، قىزىق پاراڭ، يېقىملىق چاقچاقلارنى قىلىپ كۆڭلۈمنى ئاۋۇتۇشقا، كۈلدۈرۈشكە تىرى-شاتتىڭىز، ئانامدىن ئاڭلىشىمچە، شۇ كۈن-لەردە سىزنىڭ كونا يۈرەك كېسىلىڭىز يەنە قوزغىلىپ قاپتۇ: دادا، مەن نادان قىزىڭىز بۇنى كېيىنچە چۈشەندىم، ئەسلى-دە ناچىدەنىڭ — دۆت ناچىدەنىڭ ئەھۋا-لىدىن ئەنسىرەپ، ھالىغا كۆيۈپ، يۈرىكى-ڭىزنىڭ ئاغرىقى قوزغىلىپ قالغان ئىكەن ئەمەسمۇ، قايسىبىر ئاتا پەرزەنتىنىڭ ئاددىي بىر غېمىگە شۇنچىلىك بەدەل تۆلىيەلەر؟ ئاھ، بىلسەم مۇشۇمۇ مەن ئۈچۈن بىر بەخت ئىكەن ئەمەسمۇ! مۇنداق كېچىكىپ ھېس قىلغان بەختلەردىن يەنە نەچچىنى سۆزلەي، دادىجان؟ بۇلارنى سۆزلىگەن بىلەن سىز تىرىلەمسىز؟ مېنى ئەپۇ قىلامسىز؟

زۇمچەك - زۇمچەك قەبرىلەر مېنىڭ ئۈنۈمسىزمۇ ئازاب دېگىزىغا ئايلانغان قەلبىمنى تىرىلدۈرەلمايدۇ. بەلكى سىز، پەقەت سىزلا شۇ تاپتا تەقدىر يول قويۇپ بىر مىنۇتقا بولسىمۇ يورۇق دۇنياغا، ھاياتلىققا ياندىغان بولسىڭىز، يەلكەمنى سىيلاپ، تەسەللى بەرگەن بولار ئىدىڭىز، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن، دادا. بىراق ئويلىرىمنىڭ خام-خىيال ئىكەنلىكىگىمۇ ئىشىنىمەن.

بىز ئۇرۇق - جەمەتلىك خەق ئىدۇق. تۇغقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا سىزنى تولىمۇ ھۆرمەت قىلىشاتتى. ئۇلار ئىسمىڭىزنى ئاتىماي «موللا ئاكام» دېيىشىپ، ھەر قانداق ئىش بولسا سىزدىن مەسلىھەت

ئالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىدۇر
بىرى ئۆز بېشىمچىلىق قىلسا ئۇنى ئال-
دىڭىزغا چاقىرتىپ ئەكىلىپ، بويۇنلىرىغىچە
قىزارتىپ تەنبىھلەيتتىڭىز. شۇنداق
قىلغاندىمۇ تۇغقانلىرىمىزدىن بىرەرى
سىزگە تىكىلىپ قاراپ، بىرەر ئېغىز گەپ
ياندۇرمايتتى. ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە،
جېنەن ئىنىڭىز ئىكرام تاغامنى سىزگە
بويۇنتاۋلىق قىلىپ بىر ئېغىز قوپال گەپ
قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىڭىزدىن ھەيدەپ
چىقارغان ئىكەنسىز. كېيىن ئۇنى زادىلا
ئەپۇ قىلمىدىڭىز. ئاپام، ئاكىلىرىم، ھەتتا
يۇزلۇك مەھەللە ئىمامى ئىسمائىل مەخ-
سۇمنىڭ نەسىھىتىنىمۇ ئىلىك ئالماي
ئۆمرىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئەپۇ قىلمىدىڭىز،
ئۆيىمىزگە ئاياغ باستۇرمىدىڭىز. ئاڭلى-
شىمچە، ئۇمۇ سىزنىڭ ناماز كۈنىڭىزدە
ئاياغ باسمىغىلى يەتتە يىل بولغان ھوي-
لىمىزغا ھۆكىرەپ يىغلاپ كىرىپ كەپتۇ،
تاۋۇتىڭىزنىڭ ئالدىدا بىر سائەتتىن
ئارتۇق نالە قىلىپ، ھەممە ئادەمنى يىغلى-
تىۋېتىپتۇ، مېنىڭ دادامنىڭ بىر دېگەن
گېپىدىن يانمايدىغان، دېگىنىنى قىلىدىغان
تەرسا مىجەزلىك ئادەملىكىنى سەزگەنىدىم،
لېكىن نېمىشقىمۇ بۇنى كېيىنچە ئۇنتۇلۇپ
قالغاندىمەن؟!

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەل-
مەستىن يىغلاپ-قاقشاپ بىر نەچچە ئاينى
ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى بۇ ئەلەملەرنىمۇ
ئۇنتۇلۇپ كەتتىم، يەيدىغان، كىيىدىغىنىم
تەل بىر قىزمەن، سىز ماڭا تەسەللى
بېرىپ: «ئويلىماڭ، ياخشى دەم ئېلىڭ،
ناجەش، زېرىككىنىڭىز كىتاب ئوقۇڭ، كىتاب-
لارنى تاشلىماڭ!» دەيتتىڭىز. شۇنداق
كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىللە ئوقۇغان دوستلى-
رىمنىڭ بىرى ماڭا شۇ كەملەردە شەھىرى-
مىزدە ئەمدىلەتىن پەيدا بولۇپ راسا
بازار تېپىۋاتقان رېستورانلارنىڭ بىرىگە
كۈتكۈچى بولۇش خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى،
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ رېستوراننى ئۇنىڭ
گۇاڭجۇغا قاتراپ بېيىپ كەتكەن بىر
تۇغقىنىنىڭ ئوغلى ئاچقانىكەن. ئۇ
يىگىت دوستۇمغا «ھەم چىرايلىق، ھەم
مەلۇماتلىق دوستلىرىڭىزدىن بولسا تونۇش-
تۇرۇڭ» دېگەنىكەن. ئون سەككىزگە كىرىپ
قالغان قىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە زېرىكىپ
قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن دوستۇم تېپىپ
كەلگەن بۇ كۆڭۈللۈك خىزمەتنى قىلىشقا
رازىلىق بىلدۈردۇم. مېنىڭ ھەممە تەلەپ-
لىرىمنى پىرىنسىپسىز قوللايدىغان ساددا
ئانامغا بۆك كىيگۈزۈپ «بىر ماگىزىندا
پىركازچىكلىق قىلىدىغانلىقىمىز»نى بىلدۈر-
دۈم-دە، ماقۇللۇقىنى ئالدىم. ئانام
ئارقىلىق مىلك ھەشەم بىلەن سىزنىڭمۇ
ماقۇللۇقىڭىزغا ئېرىشتىم... نەدىن بىلەي،
مەن ئىشقا كىرىپ تۆتىنچى كۈنى ئويۇن-
تاماشىلاردىن نېرى يۈرمەيدىغان ئوتتۇران-
چى ئاكام ھەۋزۇل ئۆزىدەك بىر نەچچە
ئويۇنچى ئاغىنىلىرى بىلەن نەق مەن
ئىشلەۋاتقان رېستورانغا كىرىپ قالسا
بولامدۇ! شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ شېرىن
چۈشۈم بەكمۇ قىسقىلا ئاياغلاشتى. ئاكام-
نىڭ مەلۇماتى بىلەن سىز مېنى ئالدىڭىزغا
چاقىرتىپ «ئاڭلاپ قويۇڭ قىزىم، غوجا-
لىمنىڭ قىزى ھاراقكەشلەرگە غىلجىڭلاي-
دىغان خىزمەتنى مەڭگۈ قىلمايدۇ!»
دېدىڭىز. گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي
كۆكرىكىڭىزنى تۇتۇپ قالدىڭىز، چىرايىڭىز
ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە ئاقىرىپ
كەتتى. ئۆيدىكىلەر ۋەھىمىگە چۈشتى. مەن

بولسام تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم، ھۇجرامغا ئارانلا چىقىۋالدىم. ئويلا - ئويلا سىزنىڭ گېپىڭىزنىڭمۇ توغرىلىقىنى، ئۆزۈم باسقان يولنىڭمۇ ئۇنچىۋالا خاتا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن بۇ گەپلەرنى ئۇ چاغدا سىزگە قانداقمۇ دېيەلەيتتىم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ قېتىم ماڭا خېلى كۈنلەرگىچە قارىماي يۈردىڭىز، لېكىن ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ كۈنلەردە مەن توغرىلىق ئەڭ كۆپ پاراڭ قىلغان سىز بولۇپسىز، ھەدەپ مېنىڭلا غېمىمنى يەپسىز، كايىپسىز، ھەسرەت چېكىپسىز. جېنىم دادا، مۇشۇلارنى مەن كەم ئەقىل قىزىڭىز نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغان بولغىيدىم!

مۇھەببەت دېگەن نەرسە نېمىشقىمۇ دۇنياغا يارىلىپ قالغان بولغىيدىكىن... كەچۈرۈڭ دادا، قېلىن قىزىڭىز يەنە ئالدىڭىزدا ئاشۇنداق پاراڭنى قىلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ئاخىرقى قېتىم دېيىشىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئالدىڭىزدا مەڭگۈ سىز ياقتۇرمايدىغان گەپلەرنى قىلمايمەن، ئەتىيازنىڭ كەلكۈن سۈيىدەك تۇرغۇن بولىدىغان ئاشۇ «مۇھەببەت»، «ياخشى كۆرۈپ قېلىش» دېگەندەك ساددا، بەڭباش ھېسسىياتلار دۇنياغا يارالمىغان بولسا، بىر تال يوپۇرماقتەك ئاجىز قىزىڭىز ناچىدە سۆيۈملۈك دادىسىنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي قېلىش بەختسىزلىكىگە دۇچار بولمىغان بولار ئىدى، دادا، روھىڭىز قورۇنمىسۇن. بۇ دېگىنىم ھەرگىزمۇ سىزنى مۇھەببەتنى، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ دېگىنىم ئەمەس. سىزنى ئەيىبلىگىنىممۇ ئەمەس. بەلكىم مەن ئۆزۈم مۇھەببەتنى بەك ئاددىي چۈشىنىپ قالغاندىمەن، ئېھتىمال.

سىزنىڭ ئەينى چاغدا ماڭا شۇنچىۋالا قاتتىق قېيدىغىنىڭىزنىڭ ئۆزى قىزىڭىزغا بولغان چىن مۇھەببىتىڭىزنىڭ بەلگىسىدۇر!

جېنىم دادا، گەپلىرىمنى ئاڭلاپ يېتىۋاتامسىز؟ ئاشۇ ۋاقىتتا، يەنى 1987-يىلى كۈزدە مېنى توققۇزتارادىكى مىسمام چوڭئاپامنىڭكىگە دەم ئېلىپ كەلسۇن دەپ ئېلىپ چىقمىسىڭىزمۇ بوپتىكەن. ھەممە دەردى - بالا شۇنىڭدىن باشلاندى. رېستوراندىكى خۇددى قىسقا چۈشتەكلا ئاياغلاشقان كۈتكۈچىلىكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن مېنىڭ سالامەتلىكىم ئۇشتۇمتۇت ئاجىزلاپ كەتتى. ئۆزۈمنى كۈندىن كۈنگە خامۇش، پەرىشان سېزىپ يۈرەتتىم. تەبىئىكى، مېنىڭ بۇ ھالىتىم مېنى جاندىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان سىزنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىڭىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ماڭا بولغان ھېلىقى قېيداشلىرىڭىزنى ئۇنتۇدىڭىز، مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئىدارىڭىزدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئېلىپ مېنى ھەدىڭىزنىڭكىگە — مىسمام ئاپاملارنىڭكىگە ئېلىپ چىقتىڭىز. توققۇزتارادىكى تۇغقانلىرىمىزنىڭكىگە مەن كىچىك چېغىمدا بىر قېتىم چىققانىدىم. چوڭئاپام چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان، كۆڭلىدىنمۇ مېھرىبانلىقى ئۆكسۈمەيدىغان، شېرىن تىل، پاراڭچى ئايال ئىدى. ئۇلارنىڭكىدە مال - ۋاران، توخۇ - تۇمان، سۈت - قايماق، گۆش - ماي دېگەندەك نەرسىلەر جىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈز پەسلى بولغاچقا، مېۋە - چېۋىلەرمۇ تالىقان تۆكتى بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ناھىيىگە چىقىپ دەسلەپكى ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە كۆڭلۈم يېرىملا

يۈردۈم. كەچۈرۈڭ دادا، بۈلى شۇ چاغدا سىزگە ئېيتمىغان بولسامۇ، مۈڭلىنىپ يۈرۈشلىرىمدىن بايقىغان بولغىيدىڭىز. بەلكىم مەن جاندىن ئەزىز ئانامدىن ياكى بولمىسا مېھرى ئىسسىق، ئاۋات ئۆيىمىزدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئايرىلغانلىقىمدىن شۇنداق بولغانىدىمەن. راست گېپىمنى ئېيتسام، ئائىلىمىز بىز ئۈچۈن گويا بىر كىچىك دۆلەتتەك، دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بۇنداق ئېسىل ئىككىنچى بىر دۆلەت يوقتەك سېزىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ ئۆيىمىزدىن بىر كېچە بولسىمۇ ئايرىلىپ سىرتتا يا تۇغقانلىرىمىزنىڭ، يا بىرەر دوستۇمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالمىغانىدىم.

دادا، سىز مېنىڭ بىللە قايتىپ كېتىش ھەققىدىكى تەلىپىمگە قۇلاق سالماي، مېنى مىسسام چوڭئاپامغا تاپشۇرۇپ كېتىپ قالدىڭىز. ھازىر بىلدىمكى، سىز مېنىڭ يېڭى ھاۋادا كۆڭۈل ئېچىپ، كۆڭۈلسىز خىياللاردىن نېرى بولۇشۇم، ئىككىنچى تەرەپتىن ئائىلىنىڭ قەدرىگە ئاز - تولا يېتىشىم ئۈچۈن ماڭا بولغان ئامراقلىقىڭىزنى خېلىلا تەستە بېسىپ مۇشۇ چارىنى ئويلاپ تاپقانىكەنسىز، شۇ چاغدا باشقىچە ئېھتىماللارنى، دۇنيادىكى تاسادىپىيلىقلارنى نېمىشقا ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز، مېنى نېمىشقا ئۆزىڭىز بىلەن بىللىلا ئېلىپ كەتمىگەن بولغىيدىڭىز؟!

سىز شەھەرگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈنلەرنى خامۇش كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. بىراق ھايات گۈزەل ئىدى، دادا، ئەتراپىمدىكى ئادەملەر ماڭا مېھرىبان ئىدى! ئاخىر مەن كۆرۈپ ئادەتلەنمىگەن، لېكىن ئۇسما قويغان سەھرا قىزلىرىدەك گۈزەل تەبىئەت، ماڭا باغرىنى يېقىپ تۇرغان قېرىنداشلىرىم مەيلىمنى ئۆزىگە تارتىۋالدى. قۇۋۋەتلىك خىلمۇ خىل نازۇ - نېمەتلەر مەڭزىمنى تېخىمۇ پارقىرىتىپ، چىرايىمنى بۆلەكچە ياشناتقان بولسا، ياشلىقنىڭ شوخ ھېسسىياتلىرى كۆڭلۈمنى ئۇن سەككىز ياشلىق قىزنىڭ ئەسلىدە بولۇشقا تېگىشلىك كەيپىياتىغا بىلىندۈرمەيلا ياندۇردى. چوڭئاپامنىڭ مەندىن ئىككى ياش كىچىك قىزى، سەنەۋەر بىلەن بازارغا چىقىندىغان، ماگىزىنلارنى ئارىلاپ، قىزلارنىڭ كېيىنەك كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتىدىغان كىيىم - كېچەك، گەزماللارغا يېنىش - يېنىشلاپ قارايدىغان بولدۇم.

قايسى تىلىم بىلەن ئېيتارمەن دادا، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنچىۋالا چوڭ بولمىغان ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات يېرىدىكى كىچىك بىر مىلىش مال دۇكىنىغا بېرىپ قالدىم. مېنى ئۇ يەرگە مەن ئاخشام سەنەۋەرنىڭ قولىدا كۆرگەن بەكمۇ چىرايلىق يازلىق توپلەي ئېلىپ بارغانىدى. توپلەي مايسىرەڭ، توغاچ پاشىنىلىق ھەم كەم ئۇچرايدىغان نۇسخىلىق بولۇپ، شەھەردىكى ۋاقتىمدىلا مۇشۇنداق ئاياغ كىيىمنى غۇلجىنىڭ شۇنچىلىك نۇرغۇن ماگىزىن، ئەركىن بازارلىرىنى قىدىرىپ، تاپالمىغانىدىم... شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى چايدىن كېيىنلا سەنەۋەر بىلەن ھېلىقى ئەتىۋارلىق مال بار دۇكانغا يېتىپ باردىم، توپلەينىمۇ ئالدىم. ئالغاندىمۇ خېلىلا ئەرزىنىگە ئالدىم. بۇدۇر چاچلىق، توغرۇلۇق كەلگەن، توم قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى دۈگىلەك كۆزلىرى ئاچايىپ ئىتتىك دۇكاندار يىگىت توپلەينى قولىدا

تۈتقىنىچە بىر پەس ماڭا قاراپ ھاڭ-
ۋېقىپ تۇرۇپ مالنى ماڭا ئۇزاتتى. ئۇنىڭ
قوللىرى تىترەيتتى.

خەمىت بىلەن ئەنە شۇنداق تونۇشۇپ قالدىم. دادا، كەچۈرۈڭ مېنى، ھايات ۋاقتىڭىزدا بۇ گەپلەرنى سىزگە يۈزمۇ-يۈز دەلەلمەس ئىدىم. لېكىن بۈگۈن ھەممىنى، تۈپتوغرا دېمىسەم بولمايدۇ، خۇددى جىنايەتچى تېرگاۋچىنىڭ ئالدىدا، ياق، بەندە تەڭرىنىڭ ئالدىدا سۆزلىگەندەك سۆزلىمىسەم بولمايدۇ! سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا دەرد، خەۋپ سالغان بىر يېگانە ئادەمنىڭ ئىسمىنى مەن ئاغزىمدىن چىقارغىنىمدا روھىڭىز قورۇنۇپ قالمىغاندۇر جانجىگىرىم دادا؟

ئەمىسە يەنە سۆزلەي: توققۇزتارا سەپىرىم مېنى ئون سەككىزدىن ئون توققۇزغا ماڭغان ئەركە، بىغەم بىر قىزدىن ياشلىقنىڭ تىلسىماتتەك سىرىنى تۇيۇقسىزلا ئۇقۇپ، چۈشىنىپ قالغان مۇھەببەتلىك ئىنسانغا ئايلاندۇردى. دۇنيادا ئاتا - ئانا، ئائىلە، قېرىنداش دېگەنلەردىن باشقا يەنە شۇنداقمۇ بىر قىممەتلىك، شېرىن تۇيغۇنىڭ— مۇھەببەتنىڭ، سۆيگەن كىشىنىڭ بولىدىغانلىقىنى قۇلىقىمغا گوياكى ئەپسۇندەك شىۋىرلاپ قويدى.

دادا، گەرچە مەن باشتا سىزگە مۇھەببەت ھەققىدە ئاخىرقى قېتىم، قورۇنماي پاراڭ قىلىپ بېرىمەن دېگەن بولسامۇ، لېكىن سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە يەنىلا يۈرىكىم ئىختىيارسىز تىترەپ، ئاغزىم گەپتىن توختاپ قېلىۋاتىدۇ. گويا سىز ئالدىمدا مەڭگۈ ئۈنسىز، ھەرىكەتسىز ياتقان مەرھۇم ئەمەس، يەنىلا ئاشۇ قاپىقى تۈرۈكلۈك، ئاچچىقى يامان ھايات ئادەمدەك قىزىڭىزنى تارتىنىش، قورۇنۇش ھېسسىياتى ئۆز ئىلكىگە ئالماقتا، مېنى ھەتتا سۈر باسماقتا. شۇ تاپتا مەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتمەكتىمەنكى، سىز مەن ئۈچۈن ھەر دائىم، بەلكىم ئۆزۈممۇ بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن خەيرلىشىپ، مەرھۇملار رويخېتىگە قېتىلغىچىلىك ئاشۇنداق تۇيۇلۇۋېرىسىز...

مايسارەڭ توپلەي مېنىڭ ئىلكىمگە ئۆتتى، بىراق ئەمدى ئۇ مېنىڭ قولۇمدا سۇنئىي خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن توپلەي ئەمەس، بەلكى بىر پارچە قىزىق چوغدەك قوللىرىمنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. بۇ چوغ قوللىرىمدىن توك ئېقىمىدەك قەلبىمگە سىڭىپ كىرىشكە، ھاياتنىڭ ئەڭ نازۇك سىرلىرى بىلەن تېخى ناتونۇش يۈرىكىمنى يىلىتىشقا، كېيىن لوغۇلدىتىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. يولدا كېتىۋېتىپ توپلەيگە قارايمەنۇ، كۆزلىرىمگە توپلەي ئەمەس، بەلكى يېقىملىق قىسقا بۈدۈر چاچلار، ئوتتەك قاراشلارغا باي دۈگىلەك كۆزلەر كۆرۈنەتتى. مىسمام چوڭ ئاپامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نېمىلەرنى دېدىم، توپلەينى قانداق كىيىپ كۆرسەتتىم، قانداق خىيالغا غەرق بولدۇم... بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئۇقمايمەن. پەقەت كېيىن، خېلى كۈنلەردىن كېيىنلا قۇۋ سەنەۋەر بۇلارنى ماڭا كۈلۈپ - كۈلۈپ دوراپ سۆزلەپ بەردى. لېكىن شۇ نەرسە يادىمدا: توپلەينى ئېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن ناھىيە كىنوخانىسىدا ھېلىقى چىرايلىق دۇكاندار يىگىت خەمىت بىلەن روبىرو كېلىپ قالدىم. ياق، ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق روبىرو كېلىپ قېلىش ئۈچۈن مەن ھېلىقى كۈننىڭ ئەتىسىدىن تارتىپ ئىختىيارسىز بازار ئايلىنىدىغان

بولۇپ قالدىم. گەرچە ئۇ كىچىككىنە، سۆيۈملۈك دۇكان ياققا ئۆتۈشكە ئۆزۈمدە جۈرئەت تاپالمىسامىمۇ... خەمىت بىلەن بىز ئەنە شۇنداق تونۇشۇپ، سىردىشىپ كەتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى ئۇستا رېژىسسورنىڭ قولىدىن چىققان سەھنە كىتابىدا بولىدىغاندەك تەبىئىي، ئارقا - ئارقىدىن بولۇپ ئۆتتى. كېيىن خەمىتنىڭ دەپ بېرىشىچە، مەن مايسارەڭ توپلەينى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ شۇ كۈنى ئىككى خېرىدارغا پۇلنى ئارتۇق قايتۇرۇپ بېرىپتۇ، بىر خېرىدار بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ.

توققۇزتارا ئىنتايىن گۈزەل جاي ئىكەن. خەمىت بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن مەن بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ قالدىم ۋە چۈشەندىم. ئۇرغۇپ سوقۇپ تۇرغان تاغ شامىلى، شامال سوققانسېرى چاقناپ، نۇرلىنىپ كېتىدىغان، سېھىرلىك يۇلتۇزلار. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يېنىمدىكى ھاياتلىق قوينىدىن تۇيۇقسىزلا تېپىۋالغان، يەنە كېلىپ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇم غۇلجىدىن ئەمەس، بەلكى يىراق، تاغلار ئارىسىدىكى توققۇزتارادىن تېپىۋالغان غەمخور، كۆچلۈك بىر ئىنساننىڭ قولىقىغا تىنىمسىز شىۋىرلاشلىرى مېنى ئالەمدىن مىڭ مەرتە رازى بىر بەخت ئىگىسى قىلىپ قويدى.

نېملەرنى دەپ كەتتىم دادا؟ بەخت دېدىممۇ؟ مۇھەببەت دېدىممۇ؟ گۈزەللىك دېدىممۇ؟... يالۋۇرىمەن، رەنجىمەڭ! ھىجراندىن ئىسسىتمىسى ئۆرلىگەن شور پېشانە قىزىڭىزدىن رەنجىمەڭ! سىزنىڭ دەردىڭىزگە دەرمان بولالمىغان، ۋاپاسىز قىزىڭىزنىڭ دەردىنى، ئىزاسىنى شۇنچىۋالا تارتقىنىڭىز، ئاخىرىدا ئەجەل شارابىنى يۇتقىنىڭىزمۇ يېتەر، بىراق نېمە ئامال؟ سىزگە گۇناھلىرىمنى تەلتۆكۈس بايان قىلىشىم كېرەككۇ ئاخىر! ھاياتلىقىڭىزدا سىز بىزدىن ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ راستكوي، سەمىمىي بولۇشنى تەلەپ قىلاتتىڭىزغۇ؟!

شۇنداق قىلىپ توققۇزتارادا مەن ئۆزۈم دەسلەپتە ئويلىغاندىن، ھەتتا سىز مەندىن ئۈمىد قىلغاندىنمۇ ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم. مىسمام چوڭ ئاپام مېنىڭ سەمرىپ، ئىلگىرىكىدىنمۇ تولۇپ، گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىمدىن خۇشال ئىدى.

— قاراڭلارچۇ مۇنۇ قازاقنىڭ قىزىغا، چاچى يايلاقتىن ھېلىلا كەلگەندە - گا! — دەيتتى ئۇ مېنىڭ بەستى - بويۇمغا، رۇخسارىمغا ئانىلارچە مېھرىي - مۇھەببەت بىلەن تويماي تىكىلىپ، — ھەي ئەنسەرەي، بۆگلۈكتىكى ئىسرىقتىن گىددىككىنەك ئۇشتۇپ چىققىنە، بالامنىڭ بويىغا بىر تۇتۇن دارىتاي، ئىلايا يامان كۆزدىن تاشقىرى...

سەنەۋەر بولسا تىنماستىن پىخىلداپ كۈلەتتى. كۈلكىسى شۇنداق سىرلىق، شۇنداق مەنىلىك. مېنىڭ سىرلىرىمنى بىلىۋالغىنى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ بىر ئۆزىلا بىلىدىغىنى ئۈچۈن ماختانغاندەك كۈلەتتى.

ئاخىر مەن قىيالماسلىق كەيپىياتى بىلەن توققۇزتارادىن ئايرىلدىم. خەمىت بۇ بىر ئاينىڭ بويىغىدا ئىش - ئوقەتنى تاشلاپ ئىلىۋەتكەنىدى. مەن غۇلجىغا قايتىش ئالدىدىكى ئىككى كۈندە بىزنىڭ پاراڭلىرىمىز تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئايرىلىش پەيتى يېقىنلاشقانسېرى مېنىڭ كۆڭلۈم

تېخىمۇ پاراكەندە بولاتتى. مەن خەمىتنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ھەقىقەتەن ئۇ مېنىڭ ئەڭ مۇناسىپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم، سىردىشىم بولۇشقا ئەرزىيدىغان يىگىت ئىدى دادا! ئېيتىڭا، ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ كىشى ئۆزىنى بەختلىك قىلىدىغان يولنى، ئىشنى، ئىنساننى تاللىسا گۇناھلىق بولۇپ قالامدۇ؟ چىن ئىمان - سىرىڭىز، ۋىجدانىڭىز، بىلەن ئېيتىڭا؟

غۇلجىغا، قەدىردان ئائىلىمىزگە قايتىپ كېلىپ، نېمىشقىدۇر خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا غەمكىنلىشىپ قالدىم. ئاپام ۋە سىز مېنىڭ بۇ ھالىتىمنىڭ تېگىگە ئەلۋەتتە چۈشىنىپ يېتەلمەس ئىدىڭلار. پەقەت «قىزىمىزغا توقۇزتارا تازا يېقىپتۇ، سەمىرىگەندىن باشقا ئېغىر - بېسىق بولۇپ قايتىپتۇ، بۇ راستىنلا چوڭ قىز بولۇپ قاپتۇ» دەپ خۇشال بولۇشتۇڭلار، شۇنداق، قىممەتلىك دادا، قىزىڭىز توقۇزتارادىن چوڭ قىز بولۇپ، ھاياتنىڭ ئەڭ نازۇك، تۇيغۇلۇق سىرلىرىدىن خەۋەردار ۋە ئۇنىڭغا شەيدا قىز بولۇپ قايتقانىدى. ئەپسۇسكى، ئەسلىدە بۇ چوڭىيىش ئۇنىڭ بېشىغا ھومانىڭ ئەمەس، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق بۇلۇتنىڭ سايىسىنى سالماقچى ئىكەن ۋە ئاخىرى شۇنداق بولدى.

مەن شەھەرگە قايتىپ كىرىپ يىگىرمە كۈنلەردىن كېيىن، سەنەۋەر ھويلىمىزغا لەپپىدە كىرىپ كەلدى. ئۇ مەندەك مۇھەببەت باھارىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سىرلىق گۈزەللىكلەرگە ئىنتىلىۋاتقان ئارمانلىق بىر ئىنسان ئۈچۈن باھار قارلىغىچىنىڭ ئەينى ئۆزى ئىدى.

سەنەۋەرنىڭ كەلگىنىگە ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسىنىڭ خۇشاللىقى مېنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. جېنىم دادا، ئاشۇ كۈنى سىز سەنەۋەردىن توقۇزتارادىكى تۇغقانلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئېزىپ - مىجىپ، تۈگىمەس سوئاللىرىڭىزنى سوراۋاتقىنىڭىزدا سەنەۋەرنىڭ سەل ئارقىسىدا تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان ئەسكى قىزىڭىز ناجەشكە دىققەت قىلمىدىڭىز. سىزنىڭ پاراڭلىرىڭىز ئۇنىڭغا ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم تولىمۇ ئۇزۇن، ئارتۇقچە بولۇپ تۇيۇلدى. ھايات ۋاقتى كەلگەندە ئىنساننى مۇشۇنداقمۇ ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن!

كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ خاس ھۇجرامدا سەنەۋەرنىڭ ئاغزىغا قارلىغاچ بالىسىدەك تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم. توغرىسى، ئۇ بۇ قېتىم شەھەرگە مەخسۇس مېنىڭ ئۈچۈنلا كىرىپتۇ.

مەن كەتكەندىن كېيىن خەمىت ئاجايىپ بىر ئىنسانغا ئايلىنىپ قاپتۇ. يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرىلا ئۆزگىرىپ قالماستىن، بەلكى ئىش - ئوقەتىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپتۇ. يەنى ھېلىقى دۇكىنىنى ئەمدى ئاچمايلا قويۇپتۇ. تاماكىنى ئاندا - ساندا چېكىدىغان يىگىت، ئەمدىلىكتە موخوركىنىڭ قېپىنى يارىدىغان بولۇپتۇ. ھەدېسىلا سەنەۋەرنى ئىزدەپ، ئەھۋالىمنى سۈرۈشتۈرىدىكەن، سەنەۋەر مېنىڭ توغرامدا راستۇر، يالغاندۇر بىر گەپلەرنى قىلىپ قويسا تۇتۇلغان چىرايى باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ، خىيالچان كۆزلىرى توشقاننىڭ كۆزىدەك ئويناپ،

تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كېتىدىكەن... بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئولتۇرالمايلا قالدىم. ئاغزىغا كەلگەن گەپلەر بىلەن مېنى ئۇچۇرۇپ ماختاپ، بىچارە خەمىتنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ سەكپارە قىلغىنى ئۈچۈن سەنەۋەرنى ئەيىبلەپمۇ كېتىپتىمەن.

كەچتە سەنەۋەر ئىككىمىز مېنىڭ تارغىنە كارىۋىتىمدا قىستىلىشىپ ياتتۇق. توققۇزتارادىن كەلگىنى ئۈچۈنمىكىن، گويا ئۇ سەنەۋەر ئەمەس، بەلكى ماڭا... ئاھ دادا، ھاياسىز قىزىڭىزنى ۋە ئۇنىڭ سىزگە دەرد تېپىپ بەرگەن ئۆتمۈشىنى يەنە بىر قېتىم كەچۈرگەيسىز!

سەنەۋەر ماڭا خەمىتنىڭ پات يېقىندا غۇلجىغا كىرىدىغانلىقىنى، مەن بىلەن توي ھەققىدە، ئۆيىمىزگە ئەلچى كىرگۈزۈش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ قېتىم سەنەۋەرنىڭ كىرىشى ئاساسەن ئۇنىڭ يېڭىنىشى بىلەن، مېنىڭ تومۇرۇمنى ئاخىرقى قېتىم تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن بولغانىكەن. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھەم چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۇم ھەم تولىمۇ ئىزتىراپقا چۈشتۈم. خۇشاللىقىم، خەمىتنىڭ مېنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ، ئىشىق ئوتىدا سەكپارە بولۇۋاتقانلىقى ئىدى. روشەنكى بۇنىڭ ئارقىسىدا گۈزەل، شېرىن كېلىچەك، تۈگىمەس سۆيگۈ ناخشىلىرى بار ئىدى. ئىزتىراپىم: سىزنىڭ پولات شەمشەردەك چۈس، تاشتەك سالماق مىجەزىڭىز، شۇلارغا قوشۇلۇپ ئوتتۇرىمىزدىكى تالاي - تالاي ئاتا-پەرزەنتلەرنىڭكىدىنمۇ ھەسسىلەپ كۈچلۈك، يالقۇنلۇق، ئاتا - پەرزەنتلىك مۇھەببەت تۈپەيلى ئىدى. ئويلا - ئويلا خۇشاللىقىمۇ، ئەندىشىمۇ مېنى تەڭلا ئازابلاشقا باشلىدى.

كېيىنكى گەپلەرنى قانداقمۇ بەتەپسىل ئويلىماستىن سىزگە دەپ بېرەلەيمەن دادا؟ ئۇنىڭسىزمۇ ھاياتلىقىڭىزدا ئالدىڭىزدا قىپلىنىلىشىپ كەتكىنىم ئاز كەلگەندەك، قەبرىگاھىڭىزدىمۇ ئارامخۇدا ياتقۇزماي، نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىۋەتتىم. بىراق بۇ گەپلەرنى سىزگە دېمەي كىمگە دەيمەن دادا؟ رۇخسەت قىلىڭ!

خىياللار، ئەندىشىلەر، غىزاسىز، ئۇيقۇسىز ۋە بىر - بىرىنىڭ پەرقى يوق كۈندۈز - كېچىلەردىن قانچىسى ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزگۈدەك بولماي تۇرۇپلا ئۇ... ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاھ خۇدايىمەي، ئۇنى قايتا كۆردۈمۇ، خىياللار، ئەندىشىلەر، ئىككىلىنىشلەر، ھەممە نەرسە، ھەتتاكى دۇنيا ئۇنتۇلدى...

خەمىت ئىككىيلەن بىرىنچى قېتىم جىددىي، ئەستايىدىل ئولتۇرۇپ تولۇن ئاي، ياپراقلارنىڭ سىھىرلىك شىلدىرلاشلىرى ۋە يىراقتىن كېلىۋاتقان ئېلېكترونلۇق چالغۇنىڭ جۇشقۇن ئاۋازىغا دىققەت قىلمىغان ھالدا كېلىچەك ئىشىمىز، تەقدىرىمىز ھەققىدە باش قاتۇردۇق. مەن كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ چوڭ مۈشكۈلنى، دادامنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلماسلىق ئېھتىمالىنى، ھەتتا بۇ ئېھتىمالنىڭ چوڭلۇقىنى خەمىتكە ئېيتتىم. جېنىم دادا، ھەرگىز سىزنى يامانلاپ، ياكى سىزدىن قېيداپ دېگىنىم يوق بۇ پاراڭنى، سىزدىن قىيالماسلىق، تەپ تارتىش ھېسسىياتى بىلەن ئېيتتىم. خەمىت مېنىڭ كۆڭلۈمنى ھەممە جەھەتلەردىن تولۇق چۈشەنگەن، مېنى چىن كۆڭلىدىن يارىتىپ قالغان يىگىت بولسىمۇ، ئەمما لېكىن بۇ گەپكە ئۇنچىۋالا ئېتىبار قىلمىدى. بەلكىم ئوغۇل

بالا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇر. ياق، ئىشىنىمەنكى، ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مېنىڭ ئەندىشەمگە پەرۋا قىلمىدى. قايسى ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ ناجىدە؟ - دېدى خەمىت كۆزۈمگە قادىلىپ قاراپ، — ئۇنچىۋالا غەم قىلىپ كەتمەڭ، كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ دەيدىكەن كونىلار، مېنىڭ كۆڭلۈم تولىمۇ خاتىرجەم تۇرىدۇ. ئىشىنىمەن، دادىڭىزمۇ، ئاپىڭىزمۇ ئەلچىنى كۆرگەندە سىزنى چۈشىنىدۇ، خۇرسەن بولۇشىدۇ!

مەن نېمىمۇ دېيەلەيتتىم، يەنە تەرسالىق قىلىپ، خەمىتنىڭ ئالدىدا ئۇ تېخى كۆرمىگەن سۆيۈملۈك ئاتا - ئانامنىڭ غەيۋىتىنى قىلايمۇ؟ خەمىت گېپىمنىڭ مەنىسىگە چۈشەنمەستىن ئائىلەم ھەققىدە باشقىچە چۈشەنچىگە كېلىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ ھەتتا چۆچۈپ داجىسا... شۇنىڭ بىلەن مەن خەمىتنىڭ ئاخىرقى پارىڭى، تەسەللىسى ۋە كۆڭۈل ھەققىدىكى ساددا ئېتىقادىغا نائىلاج كۆلۈمسىرەش بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم.

خەمىتلەرنىڭ غۇلجىدا بىر تۇغقىنى بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇ شۇلارنىڭكىگە چۈشكەن ئىكەن. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق بىزنىڭكىگە شۇ تۇغقىنىنىڭ ئەلچىلىككە كىرىشىنى قارار قىلىشتۇق. مېنىڭ كۆرسەتمەم بىلەن خەمىتنىڭ ھېلىقى تۇغقىنى ئالدى بىلەن مەھەللىمىز مەسچىتىنىڭ ئىمامى، كۆپنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىسمائىل مەخسۇمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالاتنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئاران تەستە ئۇنى «خۇدا يولىدىكى ساۋابلىق ئىش»قا قول سېلىشقا كۆندۈردى. مەخسۇمكامنىڭ تەستەرەك بولسىمۇ ھەر ھالدا ئەلچىلىككە مېڭىپ بېرىشكە ماقۇل بولغانلىقىنى خەمىتتىن ئاڭلاپ مەن نەچچە كۈنلەردىن بېرى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەي يۈرگەن توشقان يۈرەك قىزىڭىز نېمىشقىدۇر خېلىلا يەڭگىللىشىپ ھەتتا ئۇھ دېلىنىپ قالدىم.

ماڭا بۇ دۇنيادا خۇشاللىق ياراشمايدىكەن دادا! ئاشۇ كىچىككىنە ئۇمىدلىنىش، يەڭگىللىشىش بىلەن تېخى ئىككى كۈن مەستخۇش ياشىماستىن تۇرۇپلا، مېنىڭ نازۇك باھار يوپۇرمىقىدەك قەلبىمنى مىسلىسىز زور تاش، ياق، تاش ئەمەس ھەسرەتنىڭ پۈتۈنسۈرۈك تېغى بېسىۋالدى، مىجىپ تاشلىدى ...

ئەلچىلەر تېخى بىزنىڭ ھويلىدىن چىقىپ كەتمەي تۇرۇپلا، پەرزەنت دېڭىزىدا سەكپارە بولغان ئانام چىرايىدا قان قالمىغان ھالەتتە ھۇجرامغا، مېنىڭ خاۋاتىرسىزلىنىش، دەككە - دۈككە ئىلكىدە ئۆزۈمنى ھەر ياققا ئۇرۇۋاتقان تارغىنە قەپىسىمگە يۈگۈرۈپ كىردى، ئۆمچەيگىنىچە ماڭا تىكىلىپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى - دە، ئاخىر:

— ئەقىلسىز قىزىم، نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟ مېنى ئۆلتۈردىڭغۇ، بىزنى قۇرۇتتىڭغۇ! ... — دېدى.

ئېتىلىپ بېرىپ بىچارە ئانامنىڭ ئورۇق، تىترەۋاتقان تېنىنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. ئۆزۈممۇ بەزگەكتەك تىترەۋاتاتتىم. ماڭا ئارتۇق گەپ كېرەك ئەمەس ئىدى. بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى زىل - زەۋۇرىگىچە چۈشەنگەن، تۇيۇپ ئۈلگۈرگەندىم.

شۇ كۈنى سىزلى كۆرمىدىم، توغ-
رىسى، سىزدىن قېچىپ يۈردۈم دادا. مۈ-
شۈك يولۋاستىن، جىنايەتچى ساقچىدىن
قاچقاندەك قېچىپ يۈردۈم. ئۆيىمىز ما-
تەم جىمجىتلىقىغا چۆكتى. ئاكىلىرىم ماڭا
سالقىن نەزەر بىلەن، خۇددى مەن ئىن-
تايىن ئىزالىق بىر ئەيىب ئۆتكۈزۈپ
قويغاندەك قارىشاتتى. ئوتتۇرانچى ئاكام
ھەۋزۇلنىڭ سىياقى خۇددى مېنى ئۇرۇ-
ۋېتىدىغاندەكلا ئىدى. ئانام بولسا كۆ-
زىدىن يېشى قۇرۇمىغان ھالەتتە سىز بار
ئۆيگە ھېلى سىركايدا قايناق سۇ، ھېلى
دورا، ھېلى ھۆللەنگەن لۆڭگە توشۇيتتى.
دۇنيا ئەمدى ماڭا قاراڭغۇ، ئالەم
ماڭا تار بولدى، قانداق قىلاي، ئىككى
ئوتنىڭ ئارىسىدا قالدىم. ئۆيىمىزدە مەن
تەقىپلەنگەن ئىنسانغا ئايلاندىم. تالادا
ۋەدىلەشكەن جايدا خەمىت مېنى تاقەت-
سىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتاتتى. ئۈچ كۈن
سىرتقا چىقمىدىم؛ تۆتىنچى كۈنگە كەل-
گەندە كۆزۈمگە خەمىتتىن بۆلەك جا-
ھاننىڭ ھېچنېمىسى كۆرۈنمىدى. (مىڭ
مەرتىۋە ئەپۇ سورايمەن دادا!) ماڭا تو-
نۇش يەرگە يېرىم ئۆلۈك ھالدا يەتتىم.
خەمىت تەشۋىش، تاقەتسىزلىكتە مېنى
كۈتۈپ تۇرغانىكەن.
خەمىت ئىككىيلەن خۇددى ئوكيان-
دا قېيىقسىز قالغان سەيياھلارنىڭ ھا-
لىغا چۈشۈپ كۆرۈشتۇق، مۇڭداشتۇق، ئۇ
ماڭا بولغان ئىشلارنى دەپ بەردى.
— مېنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن سو-
راقسىز، ئوغرىلىقچە يىگىت تاپىدىغان
قىزىم يوق، سىلەرگە رۇخسەت! — ئىك-
كى ئەلچىگە مۇشۇ گەپنى ئېيتقان چېغى-
ڭىزدا قانچىلىك ئاچچىقلانغانسىز ۋە
ئازابلانغانسىز - ھە دادا؟
مەن قاراڭغۇدا ھەدەپ مىشىلداپ
يىغلايتتىم، خەمىت بولسا مېنى بەزلەيت-
تى. مېنىڭ ئائىلە بېسىمىدىن قورقۇپ
ۋەدەمدىن يېنىۋېلىشىمدىن قورققاندەك،
يۈرىكىنى قايتا - قايتا ئىزھار قىلاتتى.
قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە شىۋىرلاپ، ئۆزىنىڭ
پىلانىنى، ئارمانلىرىنى سۆزلەيتتى.
ئائىلىدىكى قاتتىق تەقىپكە مېنىڭ بىر
ئامال بىلەن تاقابىل تۇرۇپ، ھەر ئاخ-
شىمى بىر ئامالاپ ۋەدىلەشكەن جايغا
كېلەتتىم. راست گەپنى قىلسام، ئانام
بىچارە سىزدىن ھەرقانچە قورقۇپ تۇر-
سىمۇ مەجبۇرەن مېنىڭ رايىمغا بېقىپ
سىرتقا چىقىشىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ
بېرەتتى. ئۇمۇ بەلكى كېيىنكى ئىشلارنى
قىياس قىلالمىغان بولغىيتتى. مېنى سىرت-
قا چىقىپ، بۇ پېشكەلنى تىنجىتىۋېتىدۇ
دەپ ئۈمىدلەنگەن بولغىيتتى. ئەكسىچە،
مەن بارغان جايدا خەمىت ھەر كۈنى
توختىماستىن قۇلىقىمغا شىۋىرلاپ ئەپ-
سۇن ئوقۇيتتى ... تۇنجى مۇھەببەتنىڭ
شېرىن دېڭىزىغا بارغانسېرى غەرق بو-
لۇپ كېتىۋاتقان مەن ئەسكى قىزدېكىز
بولسام، بۇ ئەپسۇنلارنى ئاڭلىغانسېرى،
خەمىتنىڭ باغرىغا يېقىنراق، تېخىمۇ يې-
قىنراق، سۈرۈلەتتىم، بېرىپ ...
ھەقىقەتنى سۆزلىمەستىن نېمە چا-
رە دادا؟ سىزنىڭ غەزىپىڭىزدىن قور-
قۇپ، ئاخشاملىرى خەمىتنىڭ، مېنى دەپ
تۇغۇلغان يۈرتى توققۇزتارانى، جانكۆيەر
ئانىسى ۋە ئىش - ئوقىتىنى، قىسقىسى ئاشۇ
تالزارلىقتىن بۆلەك بارلىق دۇنيانى
ئۇنتۇغان خەمىتنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن

بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى تاقەتلىك ۋە ئۈمىدۋار ئىنسانغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن «تون ئوغرىسى» بولۇپ يۈرۈپ، سۆيۈملۈك ئادىمىم بىلەن شۇ خىلۋەتگاھدا ئىرماش-چىرماش بولۇپ يۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ نېمە ئىش قىلىپ قويغىنىمنى، قانداق بىر ئىنسانغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى ئۇقمايلا قاپتىمەن. بىر ئايدىن كېيىن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنى بىر ئەلچى، بىر مۇدھىش، قاباھەتلىك چۈشتەك رېئاللىق ئەلچىسى سوغۇق شەپە بىلەن تىترەتتى. قەلب دەرۋازامنى رەھىمسىز قولى بىلەن ۋەھىمىلىك تاقىلداتتى. بۇ شەپىنى ئاڭلىغان كۈنۈم، ئىشىنەمسىز دادا، مەن بىتەلەي قىزىڭىز تاق بىر سوتكا تىرىك ئۆلۈك بولۇپ يۈردۈم. يادىمغا ئەڭ ئاۋۋال كەلگىنى ئۆلۈم بولدى. لېكىن، لېكىن جان نېمىدېگەن تاتلىقتۇر دادىجان! بۇ ۋاپاسىز جېنىمنى، جاپاكەش تېنىمنى نېمانچىۋالا قەدىرلەپ كەتكەندىمەن؟

تېنىمدىكى مۇدھىش ئۆزگىرىش جېنىمنى ئالمىغان بولسىمۇ، ئەس-ھوشۇمدىن ئايرىپ، مېنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دېدى. ھەپتە ئىچىدىلا قۇرۇپ، ياداپ تۈگىشىپلا كەتتىم. ئەمدى ئۆز ئۆيۈم، سىز بار بۇ قەدىردان ھويلا ماڭا قەپەستەك، زىنداندەك بىلىنەتتى. دادا، سىزنىڭ سۇرلۇك، ئۆتكۈر كۆزلىرىڭىز شۇنچە قېلىن تاملارنى تېشىپ ئۆتۈپ، مەن ياغاچ قۇلاق قىزىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەيىبلىك ئۆزگىرىشنى كۆرۈۋالغاندەكلا تۇيۇلاتتى. ئازابلىق كۈنلەرنىڭ ھەر بىر سائىتى ئەمدى مەن ئۈچۈن ئايدەك، ھەتتاكى يىلدەك سېزىلىشكە باشلىدى. بىر ھەپتىگىچە خەمت بىلەن ئۇچرىشىدىغان يېرىمىزگە، تالزارلىققا بارمىدىم. ئۇنىڭ ھەر ئاخشىمى مېنى سائەت-سائەتلەپ ساقلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسامۇ، بارالمىدىم. بۇ چېكىگە يەتكەن ئازاب، تاكى رەھىمسىز تەقدىر مېنىڭ شەرمەندە سىرىمنى ئاشكارىلاپ قويغىچە داۋاملاشتى.

ئاشۇ ئۇياتلىق، لەنەتتى كۈننى تاكى ئۆلگىچە ئۇنتالمايمەن. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھويلىدا ئىككىمىزلا قالغاندۇق دادا، ئاكىلىرىم ئىش-ئوقەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەن، ئاپام يېقىن بىر تۇغقىنىمىزنىڭ نەزىرىسىگە كېتىپ قالغانىدى. يۈرەك كېسىلىڭىز يەنە قوزغاپ قالغاچقا، سىز ئىشقا بارالمىغانىدىڭىز. قوشلاپ دەرد، ئۇياتلىق ئازابتىن تۈگىشىپ، قۇشقاچچىلىكلا جېنى قالغان مەن ئەيىبكار قىزىڭىز، ھاجەتخانىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، ھويلىغىلا يىقىلىپتىمەن. سىز بولسىڭىز ئەندىشە ۋە سەكپارىلىق ئىلكىدە مېنى قوشنىلارنىڭ قول ھارۋىسىغا ياتقۇزۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى دوختۇرخانىغا چېپىپسىز ۋە بىر سائەتتىن كېيىن دوختۇرنىڭ مۇبارەكلىشىنى ئاڭلاپ، بېشىڭىزغا ئاسمان يىقىلىپتۇ. دوختۇرنىڭ ئالدىدىلا ھوشىڭىزدىن كېتىپ قاپسىز...

بۇ ئىشلارنى مەن قاچان ئۇقتۇم دادا؟ سىز بالنىستقا، مەن ئۆيگە ئاپىرىلىپ ئېسىمگە كەلگەندىن كېيىنلا ئۇقتۇم، يىغلىدىم، قاقشىدىم، بەتتەر تۈگىشىپ كەتتىم. لېكىن بۇلار نېمىگە ئەسقاتاتتى؟

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مەن ئامالسىزلىق ئىلكىدە جانىجان ئائىلەمىزدىن، سىلەردىن ئايرىلىپ، خەمتكە ئەگىشىپ... كېتىپ قالدىم. بالنىستقا بېرىپ سىزنى كۆرەي، گۇناھىمنى تىلەپ، ئاياغلىرىڭىزغا يىقىلاي دېگەنىدىم، بىراق سىز رۇخسەت

قىلمىدىڭىز، ئاكىلىرىم مېنىڭدىن يۈز
ئۆرۈشكەن، بىلىمەن، ئۇلار ۋىجدان ئازا-
بى، نومۇس ئوتىدا پۇچۇلىناتتى. ئاپام
بىچارىنىڭ بۇ كۈنلەردە يىغلاڭغۇ ھەيكەلنىڭ
ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. قىسقىسى ئۆيى-
مىزدە، بىر چاغلاردىكى كۆڭۈللۈك كىچىك
دۆلەتتە ماڭا ئورۇن قالمىغانىدى.

جېنىم دادا، مەن نەدىنمۇ بىلەي،
ئاشۇ كۈن، شۇ مىنۇتتىن باشلاپ سىزنىڭ
سالاپەتلىك يېقىملىق قامىتىڭىز، مېنىڭ
ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك بولغان دى-
دارىڭىز كۆزۈمدىن غايىب بولدى. ئاھ،
يۈزمىڭلارچە ئاھ، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن
مەن سىزنىڭ مەككە ـ مەدىنەمدەك چېھرى-
ڭىزدىن، چېچەن، شېرىن سۆزلىرىڭىزدىن،
ھەممە ـ ھەممە نەرسىڭىزدىن جۇدا بولدۇم،
مەھرۇملۇق جازاسىغا ھۆكۈم ئېتىلدىم.
توپتوغرا يەتتە يۈز قىرىق ئۈچ كۈن-
دىن كېيىن مانا شۇ تاپتا قەبرىگاھىڭىزغا
كېلىپ سىزگە ھالىمنى بايان قىلىۋاتى-
مەن، گۇناھىمنى تىلەۋاتىمەن، تىرىكلىكىڭىز-
دە ئەمەس، ئۆلۈكلىكىڭىزدە سىز بىلەن پا-
راڭلىشىۋاتىمەن. نېمىشقا ئاۋازىڭىزنى ئۆن-
لۈك چىقىرىپ، بىرلا قېتىم «ھالىڭ نې-
چۈك ناجەش قىزىم» دېمەيسىز دادا؟ مۇ-
بادا شۇ چاغدا مەن رەنجىتمىگەن بولسام،
مۇبادا سىزمۇ مېنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن بول-
سىڭىز ئىشلار بۇنچىۋالا بولۇپ كەتمەس-
مىكىن دادا؟

شۇنداق قىلىپ دادا، مۇھەببەت قاي-
نىمىدا پىرقىراپ، سىزدىن يۈز ئۆرىگەن،
ھۆسنىگە لايىق ئەقلى يوق قىزىڭىز ناجى-
دە غۇلجا شەھىرىدىن كۆرى ئارقىدا قې-
لىپ چىقىپ كەتتى، زار ـ زار يىغلاپ چى-
قىپ كەتتى. راست گەپنى قىلسام ئۆيۈم ـ
گە، ھەتتا گېزى كەلسە ئانامغىمۇ چىدار
ئىدىمغۇ، لېكىن دادا، بىر سىزگە، سىز-
گىلا زادى چىدىمايتتىم. «ئىلى مېھمان-
خانىسى» قورۇسىدا توقۇزتارانىڭ پاس-
سازىر ئاپتوبۇسىغا چىقىپ ئولتۇرغىنىمدا،
ئىچىمدە يىغلاپ تۇرۇپ، «جېنىم دادا،
سىزگە قارايۈز بولدۇمغۇ!» دەپ تەكرار-
تەكرار نىدا قىلدىم.

توقۇزتارادا خەمتىلەرنىڭ ئۆيىگە
چۈشتۇم. ئانا ـ بالا ئىككىسى بىر كەڭ
ھويلىدا تۇرىدىكەن، خەمتىنىڭ ئاپىسى،
يەنى مېنىڭ قېيىنئانام بولمىش سېمىزغىنا
چاۋاش ئايال مېنى ئىزا ـ ئاھانەتسىز،
جىمجىتلا قارشى ئالدى. تالاي كۈنلەر-
گىچە دەرۋازىغا ئىچىدىن قۇلۇپ سالدۇ-
رۇپ، كوچىغا دارىمىدىم. راستلا، ئارىلىق-
تا قىزىل قەغەز كېسىدىغان يەرگە بىر
قېتىم بېرىپ كەلدۇق. خەمىت ھەممە ئىش-
نى توغرىلاپ قويغان چېغى، خەلق ئىش-
لار خادىمى پەقەت مېنىڭ رازىلىقىمنى
تەكرار سوراپ، قولۇمدىن تىلخەت ئال-
غاندىن كېيىن قىزىل قەغەزنى ئىتتىكلا
كېسىپ بەردى. شۇ كۈنى خۇپتەندىن كې-
يىن مەھەللىنىڭ توت جامائىتى كىرىپ،
ئىمامنىڭ ئوقۇغان نىكاھىغا شاھىتلىق قى-
لىشتى. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك
سودامنىڭ تونى پىچىلدى. مەن ئەمدى
ناجىدە ئاتلىق، ئەركە، ھەۋەسىمەن قىز-
دىن ئۆي ئايالىغا ئايلاندىم. مېنىڭ جا-
پاكەش ئانام يىللاپ ـ يىللاپ ئارزۇ قىل-
غان، شۇ ئارزۇ توپەيلى تالاي ئۇزۇن كې-
چىلەرنى كۆزلىرىگە ئۇيقۇ دارىتماي ئۆت-
كۈزگەن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوش-
نىلارغا سۆزلەپ يۈرگەن دۆڭگە ـ داراسلىق
تويۇممۇ بولمىدى. سىز ئەزىز ئاتام بىلە

خۇدايىم بەرگەن ئۆز قىزىمەي!» دەپ يۇ-
رۇيدىغان ئانىسى قېيىن ئانامنىڭمۇ بۇ كۈن-
لەردىكى غېمى شۇ بولۇپ قالغانىدى.

— كىرىمەن، قۇدىلىرىمنىڭكىگە يوغان بېشىمنى كىچىك قىلىپ كىرىمەن، قوغلىۋەتسىمۇ كىرىمەن! سىلەر ئۈچۈن ئالدىلىرىغا يىقىلىپ، رازىلىقىنى، ئەپۇسىنى ئېلىپ چىقىمەن! بەندىنىڭ گۇناھىدىن خۇدايىمۇ ئۆتىدۇ، بەندە ئۆتمەسمۇ!... — دەيتتى قېيىن ئانام كۈندە بىر ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم ۋە شۇنداق قىلىشقا راستتىنلا جابدۇنۇپ يۈرەتتى.

ئاخىر خەمىت مېنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىمىنى سورىغىنىدا، مەن قېيىن ئانامنىڭ بىزنىڭكىگە بېرىشىغا قوشۇلمىدىم. مېنىڭ ئويلىغىنىم دادا، ئاساسەن سىز، سىزنىڭ ماڭا بەش قولدەك مەلۇم بولغان مىجەزىڭىز ئىدى. بىچارە ئاق كۆڭۈل قېيىن ئانامنىڭ مېنىڭ كۆز ياشلىرىمغا چىدىماستىن پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقىنىغا يارىشا، كۆڭلىنىڭ ئازار يەپ قالماسلىقىنى ئويلايتتىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا تېنىم شۈۋۈلدىغان ھالدا «خۇدا، مەنمۇ ئىكرام تاغامنىڭ ھالىغا قېپقالارمەنمۇ؟» دەپ ئويلايتتىم. ھەقىقەتەن، ئاقىۋەت شۇنداق بولدىغۇ جېنىم دادا!

خەمىت مېنىڭ كۆرسەتكەم بويىچە ئاپىسىنى ئېلىپ مىسمام چوڭ ئاپاملارنىڭكىگە ئىككىنچى قېتىم باردى. راستىنى ئېيتقاندىمۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا بېرىشقا چوڭ ئاپامدىن بۆلەك مۇناسىپ ئادەم يوق ئىدى. مىسمام چوڭ ئاپام، تەبىئىكى بۇ ئىلتىماسنى باشتا قەتئىي رەت قىپتۇ. دادا، ئۇ سىز بىلەن بىر قورساقتىن چىققان قان-قېرىنداش بولغاچقا، ئىنىسىنىڭ تاشتەك مىجەزىنى بىلەتتى. لېكىن قېيىن ئانام بىلەن خەمىتنىڭ، شۇنداقلا ئۆيدىكى چوڭ-كىچىك تۇغقانلىرىمىزنىڭ قايتا-قايتا يېلىنىشى، زورى بىلەن ئۇ ئاخىرى بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشقا ئاران ماقۇل كەپتۇ. بولۇپمۇ سەنەۋەرنىڭ مېنىڭ يېنىمنى ئېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاخىرى ئېرىتىپتۇ.

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئاخىرى، — ئازماس ئاللا. بۇ دۇنيادا ئىككى بالامنىڭ خالىس ئىشىغا بىر مېڭىپ كۆرەي. يامىنى كەلسە غوجالىم مېنى ھويلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەر...

مىسمام چوڭ ئاپامنىڭ ماقۇل دېگەنلىكى مېنىڭ ئەلەمدە قالغان قەلبىمگە ئۈمىدنىڭ شولىسىنى چۈشۈردى. بىرنەچچە كۈن جانلىنىپ، پۇت-قولۇمغا ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئائىلىمىزگە، ئاكىلىرىم، چوڭ يەڭگەم، ئاپام ۋە سىزگە ئاتىغان يوللۇقلىرىمنى مول قىلىپ راسلاشقا كىرىشتىم.

ئاھ، جېنىم دادا، سىزنىڭ شىكەستىلەنگەن باغرىڭىز بىز ئويلاپ يۈرگەندىنىمۇ بەتتەر داغلىنىپ كەتكەنىكەن ئەمەسمۇ. مېنىڭ ئۈچ-تۆت كۈنلۈك خۇشاللىقىم يەنىلا گويا كى شامالدا قالغان توزغاقتەك پۇرۇلداپ توزۇپ كېتىش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. مىسمام چوڭ ئاپام شەھەرگە كېتىپ بىر ھەپتە بولدى دېگەندە بىزگە مەن تەشۋىشلىنىپ ئويلاپ يۈرگەندىنىمۇ بەتتەر شۇم خەۋەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. دادا، سىز مېنىڭ گۇناھىمدىن، تەلەيسىز كەم ئەقىل، بىر چاغلاردا جاندىنىمۇ ئەزىز كۆرۈدىغان قىزىڭىزنىڭ گۇناھىدىن يەنە ئۆتمەپسىز.

— مېنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن بىسوراق

ئوغرىلىقچە يىگىت تۇتۇدىغان، ھارامدىن بالا تاپىدىغان قىزىم يوق! بۇ گەپنى قايتا تىلغا ئالماڭ ھەدە!— مىسمام چوڭ ئاپامغا شۇ گەپلەرنى قىلغىنىڭىزدا باغرىڭىز قىيىش تاسمىدەك پارە-پارە بولۇپ، كۆزىڭىزگە جاھان شۇنچىۋالا قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ كەتكەنمىدى ئەزىز ئاتىجانىم؟

مىسمام چوڭ ئاپام ئېلىپ كەلگەن بۇ خەۋەرنى خەمىتتىن دەسلەپ چالا-بۇلا ئاڭلاپلا، ھوشۇمدىن كېتىپ، يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. ئېسىمگە كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ خەمىتتىن تەپسىلىي ئەھۋالنى ئاڭلىدىم. ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم ئازابقا چىداپ، بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇپ ئاڭلىدىم. مېنىڭ كاساپىتىمدىن كېسىلىڭىز قوزغىلىپ يېتىپ قالغانلىقىڭىزنىمۇ، ھېلىقى شەپقەتسىز ھۆكۈمنىمۇ بېشىڭىزنى ياستۇقتىن ئارانلا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ جاكارلىغانلىقىڭىزنىمۇ ئوچۇق ئاڭلىدىم. ئاڭلاۋېتىپ يىغلىدىم، قاقشىدىم. ئۆزۈمنىڭ تەلەيسىز تەقدىرىمگە ئەمەس، سىز قەدىرلىك ئاتامنىڭ مەن تۈپەيلى چەككەن رىيازىتىڭىزگە ئېچىم ئېچىشىپ، ئوت ئۈستىدىكى قىلدەك تولغىنىپ ئىڭرىدىم. شۇ ھالىتىمدە ئەقىلسىزلىكىم تۈپەيلى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنىڭ سالمىقىنى ھەقىقىي مۆلچەرلىدىم. كاشكىدى، مۇشۇلارنى ھايات چېغىڭىزدا ئۆزىڭىزگە سۆزلەپ بېرەلىگەن بولسام، دادا!

ئاخىر پۇشايمانلىق ھەسرەت، تاغدەك ئېغىر دەرد مېنى كېسەلگە گىرىپتار قىلدى. خەمىت مېنىڭ تولا غەم چېكىۋېرىپ تۈگىشىپ كېتىشىمدىن ئەنسىرىسە، قېيىن ئانام قورسىقىمدىكى بالىنىڭ شىكەستە يەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككىسى مېنى ئىككى تەرەپتىن بەزلىشەتتى، نەسىھەت قىلىشاتتى. «تەخىر قىلايلى، ئاچچىقى يېنىپ قالار ئاتا-ئانا دېگەن بالىغا چىدامدۇ ئاخىر!» دېيىشەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىككى ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇچۇلىنىپ مېنىڭ پىراقىمدا كۆز يېشى قىلىۋاتقان، لېكىن سىزنىڭ غەزىپىڭىزدىنمۇ كۆپرەك كېسىلىڭىزنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن قورقۇپ كۆڭلىدىكى گەپنى تېشىغا چىقىرالمايۋاتقان باغرى يۇمشاق ئانام كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىزنىڭ ئۆزۈم ئۈچۈن ھازىرمۇ پەرىشتىدەك غۇبارسىز، ئالتۇندىن بىباھا روخسارىڭىز، قەددى-قامىتىڭىز ئالدىمدا نامايان بولۇپ، ئۆتكەنكى بەختلىك كۈنلىرىم، مېھرى-شەپقىتىڭىزدە كېيىك بالىسىدەك يايراپ ئۆتكەن غەمسىز چاغلىرىم ئېسىمگە كېلىپ، ئىچ باغرىمنى يەپ كېتەتتى.

دادا، ئەقىلسىز قىزىڭىزنىڭ قەبرىستاندىكى ئالىجىشلىرىنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ نېمىشقا ئۈندىمەيسىز! نېمىشقا ياتقان يېرىڭىزدىن چاچراپ تۇرۇپ مەن ياغاچ قولاق قىزىڭىزنىڭ كاچىتىغا بىر شاپىلاق سالمايسىز؟ شۇنداق قىلسىڭىز، دەل مۇشۇ تاپتا قەلبىمدىكى بارلىق دەرد-ئەلەملەردىن قۇتۇلۇپ يەڭگىللىشىپ قالغان بولاتتىم. لېكىن بەكمۇ كېچىكىپ قالدىم، دادا!

جۇدالىق دەردىدە ھەسرەت چېكىپ يۈرۈپ قورساق كۆتۈرگەن قىزىم ماھىرەنى شەھەردە، ئۆزۈمنىڭ قەدىردان يۇرتىدا تۇغدۇم. شۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى خەمىت قېيىن ئانامنىڭ زورى بىلەن شەھەردىن، ئالدىڭىزغا ئىسمائىل مەخسۇمنى باشلاپ ئەلچىلىككە كىرگەن ھېلىقى تۇغقىنىنىڭ مەھەللىسىدىن ئىككى ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدى. مېنى دەپ، تۇغقىنىنىڭ

خاتىرجەملىكىنى دەپ قېيىن ئانام بىچارە توقـ
قۇزتارادىكى يوغان ھويلىسىدا تىكەندەك
يالغۇز قالدى، بىز شەھەرگە، سىزنىڭ
ۋۇجۇدىڭىز نەپەس ئېلىۋاتقان جايغا كۆـ
چۈپ كىردۇق، خەمىت دۇكىنىنى شەھەرگە
كۆچۈرۈپ كىرىپ، تاشلەپكە بازىرىدىن بىر
ساندۇق دۇكاننى ئىجارىگە ئالدى. ئۇمۇ
ئىككى ئارىلىقتا يۈرۈپ، شۇنداقلا تۇنجى
پەرزەنتىنىڭ ئۆگۈشلۈك تۇغۇلۇشى يولىدا
پايپاسلاپ جۇدەپ، تۈگىشىپلا كەتتى. ماھىرەنى
تۇغقان كۈنىم ئۇ بۇ خەۋەرنى بىر ئامالاپ
ئاپامغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇ كۈنلەردە سىز كېـ
سەلىڭىز ئېغىرلىشىپ، خىزمەتكىمۇ بارمـ
غان ئىكەنسىز. ئاپام سىزدىن ئوغرىلىقچە
مېنى كۆرگىلى بالنىتسقا كەپتۇ. تۇغۇتـ
تىن كېيىنكى ئاجىزلىقىمغا ئاپام بىلەن
كۆرۈشكەندىكى يىغا ـ زارە قوشۇلۇپ، يەنە
بىرنەچچە قېتىم ئېسىمدىن كېتىپتىمەن.
دادا، بۇ گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزۈمـ
نى بىچارە كۆرسىتىپ، سەۋەنلىكىمنى ئاقـ
لىماقچى ئەمەسمەن. ئېيتارىم شۇكى، مەن
ئەسكى قىزىڭنىڭ دەردى ـ ھىجرانىدا باغـ
رى زىدە بولغان ئانامنىڭ ئوغرىلىقچە يېـ
نىمغا كېلىشى، شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنـ
لەردىمۇ مەن بىلەن ئۆيىمدە كۆرۈشۈپ
يۈرگەنلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك قەدىناسىـ
ڭىزغا روھىڭىز قورۇنمىسۇن!

كېيىنكى ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ باـ
يان قىلىش ماڭا تېخىمۇ زور ئازاب بېـ
غىشلايدۇ. كېيىن... كېيىن مەن تاتلىق
قىزىم ماھىرەنى باغرىمغا بېسىپ، دائىم
سىزنىڭ ئىدارىڭىز بىلەن ئۆيىمىز ئارىلىـ
قىنى پىرقىرايتتىم. مەقسىتىم سىزنىڭ دىـ
دارىڭىزنى، ماڭا تونۇش قەدىردان قامـ
تىڭىزنى بىرلا كۆرۈش، ئەگەر مۇمكىن

بولسا چوڭ كوچىدىلا ئىزانى قايرىپ قويۇپ،
ئايىغىڭىزغا يىقىلىش، بوۋىسىنىڭ سۆيۈمـ
لۈك دىدارىنى كۆرمىگەن كۆڭلى يېرىم
نەۋرەم ماھىرەنى ئۆزۈمنىڭ گۇناھىغا تۇۋا
قىلغان مىسكىن قەلبىم سۈپىتىدە سىز
جانىجانىمغا سۇنۇش ئىدى. لېكىن بۇ ئارـ
زۇلىرىمنىڭ بىرىگىمۇ يېتىش ماڭا نېسىپ
بولمىدى. چۈنكى سىز ئۇ كۈنلەردە كېـ
سەل بولۇپ ئۆيدە ياتقان ئىكەنسىز. دادا،
ئاشۇ كۈنلەردە سىز ئۆيدە كېسەل ئازاـ
بىنى تارتىپ، ھېچكىمگە ئارتۇق پاراڭ
قىلماي ياتقان، مەن قىزىمنى كۆتۈرگىنىمـ
چە ساراڭدەك كوچا ـ كويدا تەمتىرەپ
يۈرگەن كۈنلەردە خەمىتنىڭ يۈكى تېخىـ
مۇ ئېغىرلاپ كەتتى. خۇدايىم ئۇنىڭ ئۆمـ
رىنى ئۇزۇن، بەختىنى زىيادە قىلسۇن،
ئارزۇلۇق قىزى ماھىرەنى ئۆز قولى بىلەن
ئۇزۇتۇپ، شادىمان كۈلۈشكە نېسىپ ئەتـ
سۇن! ئۇ كۈنلەردە خەمىت تاشلەپكىدىكى
دۇكىنىنى بىرەر كۈنمۇ ئارامخۇدا ئاچالـ
مايتتى. ھە دېسىلا بىز ئانا ـ بالىنىڭ
كەينىدە چېپىپ يۈرەتتى. يېلىنىپ يۈرۈپ
بىزنى ئۆيگە ئېلىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ
ماڭا بىرەر قېتىممۇ قاتتىق ـ يىرىك گەپ
قىلمىدى، بىزارلىق تۇيغۇسىنى ئىپادىلىـ
مىدى. خەلقى ـ ئالەم ئالدىدا غېمى، چۆـ
چەكى مەشھۇر بولۇپ كەتكەن، ئاۋارىكەش
ئايالى تۇپەيلى ئۆزىگىمۇ كېلىۋاتقان ئاھاـ
نەتلەرگە ئۇچرىدى. كەيپىياتىم كىچىكـ
كىنە ياخشىلىنىپ قالغان چاغلاردا ئۇ ماڭا،
ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق يۇمشاق سۆزلەرنى قىـ
لىپ، ھەر خىل يوللارنى كۆرسىتىپ، كۆزـ
لىرىمگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلەتتى. مۇنـ
چىۋالا ئازاب چەككۈچە بالىنى كۆتۈرۈپلا
دادىمىزنىڭ ئالدىغا بارساڭ بولمامدۇ؟

ياكى مەنمۇ بىللە بارايمۇ؟... دەيتتى. ئاچچىقى يامان جېنىم دادا، بۇنداق بېشى يوغانلىق، قاراملىقتا ئاجىز قىزىڭىز سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ قانداقمۇ جۈرئەت قىلالايتتى؟ خەمىتنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۆرسەتكەن تەكلىپلىرىنى مەن يىغلاپ تۇرۇپ ئاڭلاپ، بېشىمنى چايقايتتىم، خالاس!

جۇدالىقنىڭ ھەسرەتلىك كۈنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتتۈۋەردى. مۇبادا قېشىمدا كۆڭۈل بەرگەن يولدىشىم خەمىت، قۇچىقىمدا كۈندىن - كۈنگە تاتلىقلىشىپ، قىلىق چىقىرىپ ئۆسۈۋاتقان قىزىم ماھىرە بولمىغان بولسا، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆيۈمچان ئانام پات - پات ئوغرىلىقچە ئۆيىمىزگە بىزنى يوقلاپ كېلىپ تۇرمىغان بولسا، بەلكىم سىزدىن ئاۋالراق مەن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بولاتتىممىكىن دادا! ئاپام ھەر قېتىم بىزنىڭكىگە كىرىپ كەلگەندە مەن دەررۇ ئۈنسىز ئەمما ئۈمىدلىك نەزىرىم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلەتتىم، ئۇ بولسا ئاجىز ئەمما ھەسرەتلىك نەزەرى بىلەن كۆزلىرىمگە تىكىلىپ، بېشىنى ئاستا چايقايتتى. مەن يىغلايتتىم...

ئاخىرى كوچىلارغا چىقىشتىنمۇ قالدىم. قىزىمنى مەن ئاۋۇتۇپ، قىزىم مېنى ئاۋۇتۇپ ئۆيىمىزدىن تالاغا چىقماي بىردەم كۈلۈپ، بىردەم يىغلاپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. راست ئېيتىمەن دادا، شۇ كۈنلەردە بەئەينى يېرىم ساراڭ بولۇپ قالغانىدىم. خەمىتمۇ جاپايىمنى جىق تارتتى. پىغانلىق قەلبىمنىڭ ئازابىغا چىدىمىغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭغا ئاھانەت قىلىپ «خېتىمنى بەر، خېتىمنى بەرسەڭ دادام مېنى ئۆيىگە كىرگۈزەتتى!» دەپ ۋارقىرىغان ئەسەبىي جۆيلۈشلىرىمنىمۇ بىچارە خەمىت قويدەك ياۋاش ھالەتتە، بىر چاغلاردا ئۆزۈم كۆيۈپ قالغان ئوتلۇق كۆزلىرىدىن ياش لىغىلدىتىپ تۇرۇپ ئاڭلاپ، يەنىلا ماڭا كۆيۈنۈپ تەسەللى بېرەتتى، مېنى بەزلەيتتى.

قىزىم خېلىلا چوڭ بولۇپ قالدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن «بوۋا» دەپ تىلى چىقتى. تەبىئىيكى، ماھىرە ھەر قېتىم ھەجىلەپ «بوۋۋا» دېگىنىدە مەن مىڭ ئوتنىڭ ئارىسىدا كۆيەتتىم. شۇ كۈنلەردە، يەنى قىزىمنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ، كەينى - كەينىدىن ئايىغى ۋە تىلى چىققان خاسىيەتلىك كۈنلەردە قېيىن ئانام توققۇز تارادىن يەنە بىر قېتىم كىرىپ بىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، دادا، مەن يەنە سىزدىن يىراقلاپ كەتتىم. كۆڭلۈم ئازدۇر - تولا تەسەللى تاپىدىغان بىرلا يېرى، سىز بۇ دۇنيادا تېخى ھايات. بىر كۈن بولمىسا بىر كۈنى ئۆلتىپاتىڭىزغا ئېرىشىپ قالسام ئېقىپ ئۆتكەن سۇدەك بۇ كۈنلەرمۇ ئۇنتۇلۇپ كېتەر ... بۇ كۈنلەردە مەن ئەنە شۇنداق ساددا خىياللار بىلەن ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەيتتىم. توغرىسى، مەندە شۇنچىلىك شېرىن خىيال سۈرۈش ھوقوقى، مادارىلا قالغانىدى. چىن يۈرىكىمدىن خۇدايىمدىن سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنى، ئامان - ئېسەنلىكىڭىزنى تىلەيتتىم.

تاقىتىم تامامەن پۈتتى دادىجان، ئەمدى سۆزلىگۈدەك نەرسىمۇ، سۆزلىگۈدەك مادارىمۇ قالمىدى. ياق، بىرلا ئېغىز گەپ قاپتۇ: ئۆلۈشكۈن مەن ئەمدىلەتىن بامدات نامىزىنى، سىزگە خۇدايىمدىن سالامەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈر تىلىگەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئايىمنى تۈگىتىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ماھىرەنىڭ يېنىغا قىڭغايغان ئىدىم، تۇيۇقسىز كوچىدا، بىزنىڭ ئىشىك

تۇۋىدىلا ماشىنىنىڭ يېنىك گۇرۇلدىشى ئاڭلىنىپ پەسەيدى، كېيىن بىزنىڭ دەرۋازىمىز ئەنسىز قېقىلدى...

جېنىم دادا، دىدارىڭىزنى كۆرەلمىدىم. سىزنىڭ ۋەسىيىتىڭىز شۇنداقمۇ، يا ئانام، قېرىنداشلىرىم مېنىڭ دىدارىڭىزنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېسىمنى يوقىتىپ، ئازابلىنىشىمدىن ئەنسىرىدىمۇ، سىزنىڭ يۈزىڭىزنى كۆرسەتمىدى. ياق، ئەسلىدە مەن ئۆزۈم غۇلجىغا، ئايرىلغىلى يەتتە يۈز قىرىق ئۈچ كۈن بولغان هازىلىق هويلىمىزغا هوشسىز، هەرىكەتسىز هالەتتە كىرگەنىدىم. ئانامنىڭ مېنى قانداق قۇچاقلاپ، قوشاق قېتىپ يىغلىغىنىنىمۇ، ئىككى ئاكامنىڭ ئىككى قولتۇقۇمدىن قانداق يۆلىگىنىنىمۇ، ئوتتۇرانچى ئاكام هەۋزۇلنىڭ «كىرگۈزمەڭلار ئۇنى هويلىغا!» دەپ ۋارقىرىغىنىنىمۇ، ئېكرام تاغامنىڭ تۈگىمەس نالە ـ زارلىرىنىمۇ، هەتتا ئالامنىنىڭ سىزنى ياغاچ ئاتقا مىندۈرۈپ مەڭگۈلۈك سەپەرگە ئۇزىتىپ مېڭىشقانلىرىنىمۇ كۆرەلمىدىم، بىلەلمىدىم...

زاۋال ۋاقتى بولاي دەپ قاپتۇ.

بۇ دەهشەتلىك سۈكۈناتتا چۆمگەن قەبرىستاندا، سىز بىلەن ساق بىر كۈن مۇڭدىشىپتىمەن. بۇ يەردە هاياتلاردىن پەقەت مەنلا... ياق، قاراڭا دادا، ئەنە ئاۋۇ يەردە، قاچان كەلگەنلىكلىرى نامەلۇم، چوڭ ئاكام بىلەن خەمىت ئىككىسى ماڭا تىمتاس قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنى ئانام ئەۋەتكەن! بىراق ئۇلار نېمە قىلماقچى؟ مېنى سىزنىڭ يېنىڭىزدىن ئېلىپ كېتىشمەكچىمىكىنە؟ چىرقىراق يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئۇ كىمكىنە شۇنچە ئاچچىق يىغلاۋاتقان؟ هە راستلا، بۇ ماهىرە ئەمەسمۇ؟ بۇ مېنىڭ دۇنيالىقتا ئەڭ چوڭ ئاۋۇنچىقىم، هەسرەتلىك مۇهەببىتىمنىڭ، تەلەيسىز كۈنلىرىمنىڭ بىردىن بىر مەهسۇلى، سىزنىڭ نەۋرىڭىز ماهىرە ئەمەسمۇ! جېنىم قىزىم، بىر كۈن يوقاپ كەتكەن باغرى تاش ئانىسىنى چاقىرىۋاتقىنىمۇ؟ ياكى بولمىسا ئاپىسىنىڭ كۆز ياشلىرىغا قوشۇلۇپ، سىز ئەزىز بوۋىسىغا يوللاۋاتقان تەزىيىلىك سالىمىمۇ بۇ؟!

چوڭ ئاكام بىلەن خەمىت يېنىمغا كېلىشتى. ئۇلارمۇ ئىككىمىزنىڭ سۆهبىتىمىزنىڭ ئاياغلىشىپ قالغانلىقىنى بايقاشقان بولسا كېرەك، ئىككىسى ئۈنچىقماستىن ئىككى يېنىمدا تۇردى. دادا، ئۇلار مېنىڭ ئىككى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ، قەبرىڭىزنىڭ ئالدىدا ئورنىمدىن تۇرغۇزدى. قۇلىقىم تۈۋىدە ئوماق نەۋرىڭىزنىڭ تاقەتسىز يىغا ئۈنى بارغانچە كۈچەيمەكتە. جېنىم قىزىم، باغرىم... ماڭا رۇخسەت قىلامسىز دادا؟

خەير ـ خوش مېنىڭ سۆيۈملۈك ئاتاجانىم، روهىڭىز بىلەن مۇڭدىشىپ ئىچقارنىمنى بىر ئاز بوشاتتىم. شۇ تاپتا دىلىمدىكى كۆيۈك سەل ـ پەل پەسەيگەندەك بولۇپ قالدى. بۇنىڭغىمۇ شۈكرى! بىراق بىرلا نەرسە، قەلبىمدىكى پۇشايمانلىق هەسرەتلا تېخى پىشمىغان مىۋىدەك قەلب شاخلىرىمنىڭ بىر ئۇچىدا سالماق بىلەن ئېسىلىپ تۇرماقتا. ئۇ قانداقمۇ شېخىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشسۇن، قانداقمۇ ئىزسىز يۇيۇلۇپ، يوقىلىپ كەتسۇن؟! ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغا، يۈرىكىمگە مەڭگۈلۈك ئۆچمەس تامغا، نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ، ئورناپ كەتكەن ئەمەسمۇ!...

مەسئۇل مۇهەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

سەمەت دۇگايلى

# بەدەل

(ھېكايە)

تۇرسۇنئايپاشاخان شۇ تاپتا ئۆزدە پەيدا بولغان ئەندىكىش ئارلاشقان خۇشاللىقنى ھاياتىدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان شادلىق ھېسابلىماقتا ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئۇزاقتا قالغان قىزلىق دەۋرىدىكى تويىغا خۇشال بولۇپتىمىكىن، ئەمما بۇ ئۇنىڭ خاتىرىسىدە سۇسلىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىسى ئىگە بولۇپ چېتىپ قويغان ئېرىنى كۆرمەي كۆچۈرۈلگەنىدى. ئۇ ۋاقىتلارنىڭ ئەمدى شامال سەگىتىپ ئۆتكەنچىلىكلا تەسىرى قالغانىدى. قىزى توختىئاي تۇغۇلغاندا خۇشاللىققا چۆمۈلگىنىنى بىلەن تۇنجى تۇغۇتى بولمىغاچقا، پەقەت ئانا بولالىغىنىدەك بىر ئىپتىخار يادىدا ساقلانغىنىدىن باشقا، تولغاق ئازابىنى ئۇنتۇلدۇرالايدىغان خۇشلۇققا ئېرىشتى دېگىلى بولمايتتى...

ئەمدىكى خۇشلۇقى باشقىچىلا بىر خۇشلۇق. ئۇ قىزى توختىئايىنى ياتلىق قىلىپ تاپقان ھۆرمەت، ئىناۋەت ۋە مەھەللىدىكى بارلىق ئايالالار ئارىسىدا ئېرىشكەن تۆرنى ئىگىلەيدىغان «خېنىملىق دەرىجە» سىنى مۇستەھكەملەشكە خىزمەت قىلىدىغان خۇشلۇق!

ئۈچ يىل ئىلگىرى ئۇ توختىئايىنى چەت ئەللىك گىلەمچىلىك فابرىكىسىنىڭ خوجايىنىغا ياتلىق قىلىپ، توختىئاي تۇغۇلغاندىن باشلاپ خۇدايا خۇداۋەندە، توختىئايىمنىڭ ئۆمرىنى بەرگەيسەن، بەختىنى بەرگەيسەن... دەپ قىلغان سان ـ ساناقسىز دۇئاسىنىڭ مەقبۇلىنى كۆرگەنىدى. چەت ئەللىك خوجايىن كونا گىلەم نۇسخىلىرىنى كۆرگىلى كىرگەندە توختىئايىنى ياقتۇرۇپ قالغان، تۇرسۇنئايپاشاخاننىڭ بوۋىسىدىن تارتىپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، يۇڭلىرى قىرچىلىپ، چۆرىلىرى تىتىلىپ، پالاستىنمۇ كۆرۈمسىز بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالغان گىلىمىنى ئېلىشتىن بەكرەك توختىئايىنى ئېلىشقا قىزىقىپ

كەتكەنلىكتىن، تويمۇ راۋۇرۇس داغدۇغـا
بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنىدى. تولۇق ئوتتۇرا مەكـ
تەپنى ئەمدىلا تۈگەتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ
ئىمتىھانىغا قاتنىشىشقا تەييارلىنىۋاتقان
توختىنىساي تويى بولماي تۇرۇپلا ئانىسىنىڭ
«تۇرسۇنئايپاشاخېنىم»، ئۆزىنىڭ «توختىنىساي
بىكە» گە ئايلىنىپ، مەھەللە تۆگۈل كو-
چا ئاتلاپ ئاتاقلىقلار قاتارىدا سالامـ
تەزىملەرگە ئېرىشكەنلىكىدىن بېشى ئايلىـ
نىپ، تويغا رازىلىق بەرگەنىدى.

تۇرسۇنئايپاشاخاننىڭ كۈيئوغلى تويـ
لۇقنى كېرەكىدىن ئارتۇق ئالدى، توي مەـ
رىكىسىنىمۇ قائىدە بويىچە ئۆتكۈزدى. رەسـ
مىيەتلەر قانۇن، ئادەت ۋە مۇسۇلمانچىـ
لىقنىڭ ھەممە قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىنغان
ھالدا ئادا قىلىندى. ئۈچ ئايدىن كېيىن
قىز بىلەن كۈيئوغۇل ياغ بىلەن بۆرەكـ
تەك قوشۇلۇپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى.
توختىنىسائىنىڭ چىقىپ كېتىشى قانۇنغا ئۇيـ
غۇن بولسىمۇ، كونا گىلەمنى ئەپچىقىپ كېـ
تىش «مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش
قانۇنى» نىڭ قايسى بىر ماددىسىغا زىت
بولغانلىقتىن، تاموژنا گىلەمنى تۇرسۇنـ
ئايپاشاخانغا قايتۇرۇپ بەردى. تويلۇق،
توي مەرىكىسى ئۈچۈن بولۇق پۇل خەجـ
لىگەن كۈيئوغۇل گىلەمگە چىدىماي قالـ
غانلىقىنى خېلىلا چاندۇرغان بولسىمۇ،
گىلەمگە تۆلىگەن پۇلنى قايتۇرۇۋالمىدى.
بۇ تۇرسۇنئايپاشاخاننىڭ كۆڭلىدە باش
كۆتۈرگەن «سىخىي، باي كۈيئوغۇل» نىڭ
ئېتىرامىنى يەنىمۇ يۇقىرىلاتتى ۋە ئۇ
قىزى توختىنىسائىنىڭ ياغ ئىچىدىكى بۆرەكـ
تەك ياشىيالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىـ
نى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان تۇرسۇنئايپاـ
شاخان «خېنىمدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر»
ئولتۇرۇشى كېرەك بولغان تۆرگە ئۆتكەـ
نىدى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ، كېڭەش
مەسلىھەتلەردە ئۇ چەت ئەللىك باينىڭ
قېيىنئانىسى سالاھىيىتى بىلەن پىكىر
بايان قىلىدىغان ئورۇنغا ئېرىشتى. مۇنداق
سورۇنلار ئۇنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىنى، گەپـ
سۆزلىرىنى سالاپەتلەشتۈرۈپ، مىجەزىگە
ئىلگىرىكى چاغلاردا زادىلا ئوخشىمايدىغان
كىبىر تامغىسىنى باستى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بوسۇغىنىڭ تېـ
شىدىكى ئايەم كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، ئۆي
ئىچىدە ئۇ روزا تۇتاتتى، ھېلىقىدەك
سورۇنلاردا ئالدىغا قويۇلغان رەخت، كىـ
يىم ۋە باشقا زەللىلەر ئۇنىڭ «خېنىملىق
دەرىجە» سىگە مۇناسىپ كىيىم يۆتكەپ
تۇرۇشلىرىغا يەتكىنى بىلەن «چەت ئەللىك
باي كۈيئوغلى بار خېنىم» لىك دەرىجىـ
سىگە يېتىشەلمەيدىغان تەڭپۇڭسىزلىقىنى
يوشۇرۇۋېرىشكە يەتمەيتتى. چۈنكى «خېنىم
دەرىجىلىكلەر» دىن ئاشۇرۇپىراق كىيىـ
شى كېرەك بولغان ئالىي تۇماق، مەسە،
رومالار ئۇنىڭدا يوق ئىدى. ئېرىنىڭ
چەرچىنچىلىك بىلەن قىلىدىغان كىرىمى ئۇ
«خېنىم» بولغاندىن كېيىن تېخى باش
ئاغرىتىدىغان دەرىجىدە يېتىشمەيدىغان
بولۇپ قالغانىدى.

مەھەللىدە تۇرسۇنئايپاشاخانىنىڭ
«خېنىم دەرىجە» سىگە خىرىس قىلىدىغان
ئۆتكۈنچى خېنىملارمۇ يوق ئەمەس ئىدى.
ئۇلار ھەر خىل تەجرىبىلىرى ۋە كۆزـ
تىشلىرى ئارقىلىق چەت ئەللىك باي
كۈيئوغۇلنىڭ قولىدىكى «ياغ يۇقى» نى
قېيىن ئانىسىنىڭ قولىغا سۇركىمەيۋاتقانلىـ
قىنى تۇيۇپ قېلىشقانىدەك تۇراتتى.

شۇنداق، كۆيىئوغلى بىلەن قىزى كەتكەندىن بۇيان تۇرسۇنئايپاشاخانىغا ۋەدە قىلىنغان خالتا تۇگۇل، ئىككى قۇر خەتمۇ ئەۋەتمەكەنىدى. كۆيىئوغۇلمىغۇ بىر نۆرى، قىزى بولغان تۇختىئايىنىڭمۇ بولسا بىرەر پارچە خەت يېزىپ قويمىغىنى چۈشىنىپ بولمايدىغان سىر ئىدى. تۇرسۇنئايپاشاخان ئاشۇنداق بىرەر پارچە خەت ئالغىنىدا ئىدى، ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئىناۋىتى بىلەن گۇمان ئاستىدا قېلىۋاتقان باش تۆرىدىكى ئورنىنى قولدىن بەرمىگەن بولاتتى...

بۈگۈن ئۇنىڭ يۈرىكىنى توسۇن تايدەك تىپچەكلىتىۋاتقان خۇشلۇقنىڭ سەۋەبى- ئۇنىڭغا خالتا كەلگەنىدى، پوچتالىيون - چىرايلىق، ئوماق، مۇلايىم قىز - ئۇنىڭ ئىشىكگە كېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالغاندەكلا تۇيۇلدى. پوچتالىيون قىزنىڭ: «چەت ئەلدىن كەلگەن خالتا» دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا چۈشىدەك بىلىنىپ، بىر ھازا چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى. كېيىن ئۆزىنى قولغا ئېلىپ، قىز كۆرسەتكەن جايغا قولىنى بېسىپ بىر ۋاراق قەغەزنى ئالغاندا، كۆز ئالدى تۇتۇقلىشىپ، ئىشىكنىڭ كىشىكىگە يۆلەنگىنىچە «رەھمەت» دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاراپ تۇرۇۋەردى.

تۇرسۇنئايپاشاخاننىڭ ئىشىكىگە پوچتالىيون كېلىپ كەتكىنىنى بىلگەن قولۇم - قوشنىلار بىر-بىرىگە يەتكۈزۈپ خالتا كەلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ يىغىلىشقان چاغدىمۇ ئۇ ئىشىكنىڭ كىشىكىگە يۆلەنگىنىچە تۇراتتى. ئۇنىڭدىن قانداق خالتا كەلگەنلىكى، خالتىدا نېمە بارلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈشكە باشلىغاندىلا ئۇ ئېسىنى يىغدى. ئۆزى تۇيماي ئاققان ياشلاردىن كۆزىنى ئېرىغداپ، قەددىنى «دەرىجە» سىگە لايىق كۆتۈرۈپ، ھەممە سوئاللارغا بىراقلا جاۋاب بەردى:

— كۆيئوغلۇم بىلەن قىزىمدىن خالتا كەپتۇ... يازغان خەتلىرىدە خالتا ئەۋەتىمىزلا دەيدىغان، ئادرېسىنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ ياكى قىزىم چەت ئەل خېتىنى خاتا يېزىپ تاشلىغانمۇ، بۇرۇنقىلىرى قولۇمغا تەگمەي قايتىپ كەتكەنكەن... ئەمدى ھەممىسى بىراقلا كەلگەندەك...

ئۇ كۆڭلىدىكىنى دېگەنىدى. ئۇ كەلگەن خالتىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيان كېلىشى كېرەك بولغان خالتىلارنىڭ يىغىندىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ قايسى بىر ئايالنىڭ:

— ۋاقتىدا ئەكىلىۋالسىلا خېنىم، سۇرۇكى ئۆتۈپ كەتسە تۆپىلەپ پۇل ئالىدۇ، — دېگىنىدىن كېيىنلا، خالتا كەلگىنىنى داۋراڭ قىلىشتىن يالتىيىپ، ئاۋۋال ئەپكېلىپ، ئاندىن داستىخان ئۈستىدە كۆز قىزارتماقچى بولدى. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي، سالاپىتى بىلەن:

— قاچان ئەپكەلسەممۇ ئوخشاشقۇ، تۆپىلەپ پۇل ئالسا ئالار، جاننى ئالامتى؟ — دەپ قويىدى.

ئۇ خۇشلۇقى ئىچىگە پاتمىغانلىقتىن، ئالدىرىغانسېرى تەمتىرەپ، تەمتىرىگەنسېرى پۇت - قولى كالۋالىشىپ، ناھايىتى تەستە «ئايەملىك ئۆلچەم» بويىچە كىيىندى، كىيىملىرىگە يارىشا پەرداز قىلدى ۋە شۇ چاغدىلا خالتىدىكى لازىملىق نەرسىلەردىن باشقىسىنى سېتىپ، پۇلىغا

ئەڭ ئاۋۋال ئېگىز تاشئەينەك ئېلىشىنى،
شۇندىن كېيىن كەمچەت ياكى قۇندۇز
تۇماق تىكتۇرۇشنى، تازا كونا پاسوندا
ئەمېرىكان مەسە بويرۇتۇشنى كۆڭلىگە
پۈكتى.
ئۇ پوچتىخانىغا كېتىۋېتىپمۇ تاتلىق خىياللار بىلەن ئەندىكىپ ماڭدى.
ئالتۇن ئۈزۈكلەر بارمىقىنى، بىلەيزۈكلەر
بېغىشىنى سىقىۋاتقاندەك قوللىرىنى ئىشقىلاپ قوياتتى. يولبويى كۆلكىدىن بوشىنالمىغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ باشلىرىنى چايقايتتى.
ئۇ بۇرۇنمۇ بىكاردىن - بىكار كېلىپ
باققاچقا، چەت ئەلدىن كېلىدىغان خالتىلارنى بېرىدىغان پوكەيگە ئۇدۇللا باردى.
ئۇ يەردىكى خىزمەتچى خادىملار تۇرسۇنئايپاشاخاننىڭ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىنى كۆرۈپ خالتىنى بەرگەندە، ئۇ خېلىلا ئەجەبلەندى:
— خېنىم بالام، يەنە بىر قاراپ
باقسىلا، — دېدى ئۇ قوش مۇشتتەك كېلىدىغان يۇمشاق، كىچىككىنە خالتىغا قول
ئۇزىتىشقا پېتىنالماي، — بۇ راستىلا مېنىڭ خالتاممۇ؟ بىر ئوقۇپ باقسىلا خېتىمنى، ئازغاش بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟
— ئازغاشمايدۇ ئاچا، — دېدى پوچتىخانا خادىمى، — ئېلىپ كېتىۋەرسىلە!
تۇرسۇنئاي پاشاخان خالتىنى ئېلىپ،
ئۈستىدىكى يات يېزىقنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغاندەك بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى
ۋە توساتتىن يادىغا: بەلكىم ئۆزى يەڭگىل،
كۆپ پۇللۇق بىر نېمىلەرنى ئەۋەتكەندۇر، ئېغىر ماللارنى ئۆتكۈزمەيدۇ، دەپ
ئويلىسا كېرەك ... بىر چاغلاردا ياڭاق
پوستى ئىچىگە ھىلىلە ياغلىقىنى قاچىلاپ، چاندۇرماي يەملەپ ئەۋەتىدىغان
ئىشلارمۇ بوپتىكەنغۇ دېگەنلەر كەلدى.
ئۇ تېتىكلىشىپ قايتىپ كەلدى،
پەرەز قىلغىنىدەك، ئىشىكى ئالدىدا بىر
مۇنچە ئاياللار ۋە باللار يىغىلىشىپ تۇراتتى، ئۇ بايىقى تەسراتى تۇيۇقسىزلىقتىن
سورالغان بىرمۇنچە سوئاللارغا:
— پوچتىخانىدىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە
ئۆزى يەڭگىل، باھاسى قىممەت نەرسىلەرنى
ئەۋەتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ۋە بۇرۇن ئاڭلىۋالغىنىنى تەدبىقلاپ قوشۇپ
قويدى، — 73 كوي پۇل تۆلەپ ئالدىم.
كۆيئوغلۇم نېرىقى تەرەپتىن تۆلىۋەتمىگەن
بولسا ئۈچ مىڭ كوي ئالاركەندۇق، — ئۇ
قىزىققۇچىلارنىڭ خالتىدىكى نەرسىلەرنى
كۆرمەي كەتمەيدىغانلىقىنى، ھازىرلا كۆرسىتىۋەتمىسە، مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئادىتى
بويىچە كېيىن ھامان داستىخان سالمىسا
بولمايدىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماقچى، ھەم
خالتىنى ئېچىپ كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ھەم داستىخان سېلىش زۆرۈيىتىدىن قۇتۇلماقچى بولدى، —
قېنى، ئۆيگە كىرىڭلى خېنىملار ...
ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ دېڭىزدەك كۆرپە سالدى. كىرىشكە
ئىجازەت ئالغۇچىلار «خېنىم دەرىجىلىك»
لەر بولغانلىقتىن، بۇ دەرىجىگە ئۇلۇشالمىغانلار تالادا قېلىپ، كۆرپىگە ئولتۇرغانلار تۆت - بەشلا ئايال بولدى. تۇرسۇنئاي پاشاخان تۇزۇت - تەكەللۇپسىزلا
داستىخان سېلىپ، ئۈستىگە خالتىنى قويۇپ، مورا بېشىدىن قايچىنى ئالدى.
— قېنى، قايسىلىرى ئاچىلىكىن؟
ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى خالتا ئېچىش

دەرىجىسىگە ئىـگە بىرى ئۇنـىنى تۇشتـۇـ
رۇپ «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىـم، مېـنىڭ
قولۇم ئەمەس، ئېشىمىز پاتـىـمەـنىڭ قو-
لى ...» دېگىنىچە خالتىنىڭ تىكـىك يىپى-
نى كېسىشكە كىرىشتى. باشقا ئايالار تا-
قەتسىزلەنگىنىدىن كۆزلىرىنى مىتمۇ قىلماي
قايچىغا قارىغىنىچە قېتىپ ئولتۇرۇشاتتى.
تۇرسۇنئايپاشاخاننىڭ تىنىقـلىرى تـوخـ
تىغان، يۈرىكىمۇ قېتىپ قالغانـدەك سـو-
قۇشتىن قالغانىدى.

خالتا ئىچىدىن بىرنەچچـە بەتـلىك
خەت چىقتى. ئۇنىڭ تېگىدىن بىر كـۆگـ
لەك ـــ توختىئاينىڭ ئىچ كۆڭلىكى چـىقـ
تى. بۇ ئىچ كۆڭلەك يۇيۇلۇۋەرگەنلـىكـتىن
سۇزۇلۇپ ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. تۇرسۇنئاي
پاشاخان ئۇنى قولىغا ئالمايلا تونۇدى.

ئايالار ئەجەبلىنىپ بىر - بىرىگە،
ئاندىن ئۆڭ سۆلـى ئۆچـكەن تۇرسۇنئايـ
پاشاخانغا قاراشتى. بۇنىسى كـۆگـلەكـنى
يۇلۇۋالغاندەك تېزلىكتە قولىغا ئېلىپ ئوكـ
تەتۇرىسىگە بىر قارىدى، سىلكـىشتـۇرۇپ
قېقىپ باقتى، خالتىنىڭ ئىچـىنى ئۆرۈپ
سەپسالدى. خەت يېزىلغان شـۇ بىرنەچـ
چە ۋاراق قەغەز بىلەن كونا كۆگـلەكـتىن
باشقا ھېـچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

ـــ خەتنى ئوقۇپ بېقىشـسىـلا ... ـــ
دېيەلىدى تـۇرسۇنئايپاشاخان پىچىرلاپ

دېگۈدەك ۋە كۆگلەكنى سىقىمدىغان پېتى
سۇپىنىڭ گىرۋىكىگە ماغدۇرسىزلىنىپ ئولـ
تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى
خەتتىكى مەزمۇندا بولسىمۇ، قىزىـنىڭ
خەتتە بايان قىلغان سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇ-
لىقىغا كىرمەيتتى. كۆتمىگەن زەربە ئۇنى
ئېسىدىن كەتكۈزۈپ، ئوي - پىكرىنى يىـغىـ
ۋالالماس قىلىۋېتىپ باراتـتى. ئۇ ئۈچ
بەتلىك خەت ئىچىدىن: «مېنى ئەمرىگە
ئالغان نائەھلى قانداقتۇر گىلەمچىلىك
فابرىكىسىنىڭ خوجايىنى بولماي، بىر خو-
جايىننىڭ كونا نۇسخىدىكى گىلەم يىغىشـ
قا ئەۋەتكەن مالىيى ئىكەن. ئۇ مېـنى
ئەكىلىپ بارلىق چىقىملىرى بەدىلىگە خو-
جايىنغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇنىسى ئالـتە
ئايدىن كېيىن ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان
بىر ئورۇنغا ساتتى. ئىككى يېرىم يىلدىن
بۇيان بىر كۆزۈم قان، بىر كـۆزۈم ياش
تىرىك تۇرۇپ گۆر ئازابىنى تارتىۋاتىـ
مەن ... مېنى كۆرگىسى كەلسە يادىـغا
ئالسۇن دەپ، سەن تىكـتـۇرۇپ بەرگـەن
كۆڭلىكىمنى ئەۋەتتىم ...» دېگەن مەزمـۇنـ
نىلا ئاڭقىرالىدى.

تۇرسۇنئايپاشاخاننىڭ ئەسەبـلىرى
چىدىمىدى. ئۇ چىرقىرىغىنىچە ئولتـۇرغان
جايىدىن كولۇڭغا ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى...

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئىمىن راشىدىن

# مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم

(ھېكايە)

ئۇ، سېرىق توكلەر ئارىسىدىن ئان-
دا-ساندا يارا ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان
بىلىكىنى شارتلا قىلىپ ئۈزىتىپ، بۇغدى-
يىكىمگە پەنجە قويدى. بېشىمنى تامغا
نىقتاپ مىدىر-سىدىر قىلمىلى قوي-
مىدى. ئۇتتەك يېنىپ تۇرغان بىر جۈپ
كۆزى كۆزلىرىمگە مىختەك قادالغانىدى.
مەن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىسىدىن نەپرىتىم
بوغۇلغان، كۆزلىرىم چەكچەيگەن ھالىتىم-
نىڭ ئەكسىنى كۆرگەنىدەك بولدۇم. ئۇ،
ماش رەڭ، يوپۇرماق گۈللۈك كۆڭلەك
كىيگەن، چىرايى سېرىق، كۆك كۆزلۈك
يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بۇرۇت-
لۇق، ئۇزۇن چاچلىرى دولىسىغا يامراپ
چۈشكەن يىگىتلەر بىلەكلىرىنى ئالماشى-
تۇرۇپ، گويا ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنى-
نىڭ تاماشىبىنلىرىدەك ئۇنى ھەدەپ كۈش-
كۈرتەتتى.

— بۇرنىنى ماكچايتىۋەت!

— يەرگە زاماسكا قىلىۋەت!

— گۇاڭجۇدا ئۆگەنگەن ھۈنىرىڭنى
ئىشلەت!

كۆك كۆز يىگىت بارماقلىرىنى
گېلىمدىن ئاجرىتىپ، كەينىگە بىرقانچە
قەدەم داجىدى، بىر پۇتىنى ئالدىغا چىقى-
رىپ تىزىنى ئەگدى. ئوڭ قولىنى ئالدىغا
سوزۇپ، سول قولىنىڭ ئالقىنىنى پەسكە



قارىتىپ، ھايت، دېگىنىچە شىددەت بىلەن
ئېتىلىپ كەلدى. قۇلىقىم قاس-قۇس قىل-
غان سادانى ئاڭلىدى، كۆزۈمگە ۋال-ۋۇل
قىلغان خان ئەتلەس رەڭگىدىكى ئۇچقۇن-
لار كۆرۈندى. تىلىم بۇرنۇمدىن ئېقىپ
چۈشكەن ئىلمان، تۇزلۇقراق بىر نەرسى-
نىڭ تەمىنى سەزدى. ئەتراپنى قاقاقلىغان
كۈلكە، ئالقىش، مەسخىرە سادالىرى
قاپلىدى.

ئازراق پۇلنى دېمىگەن بولسام ھا-
زىرقىدەك خورلۇققا قالمىغان بولاتتىم.

ھېلىلا ئاپتوبۇستا قىستاڭچىلىق
ئىچىدىن ئاراملىق ئىزدەپ بويىنۇمنى
ئۇيانغا، بۇيانغا تولغاپ تۇرغىنىمدا،
يانچۇقۇمدا بىر نەرسىنىڭ قىمىرلىغىنىنى
سەزگەندەك قىلغانىدىم. دەرھال قولۇمنى
يانچۇقۇمغا تىقىۋىدىم، نامەلۇم بىر قولنىڭ
بېغىشى بارماقلىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى،
مەن بۇ قولنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم. ئاپتوبۇس

توختىغاندا، يانچۇقچىسنى تارتىپ پەسكە ئېلىپ چۈشتۈم، ئۇنى تار يوللار بىلەن ساقچى پونكىتىغا ئېلىپ ماڭدىم، ئۇ باشتا رايىشلىق بىلەن تېپتىنچ ماڭغانىدى. مانا مۇشۇ دوقمۇشقا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بىرلا سىلكىنىپ گېپ-لىمىغا پەنچە قويدى. ئاندىن تۆۋەنكى كالپۇ-كىنى ئېغىزىنىڭ ئىچىگە تارتىپ ئىسقىرتىۋ-دى، ئۇنىڭ ماۋۇ شايكىلىرى يەردىن ئۈنگەن-دەكلا پەيدا بولۇپ قالدى.

— يۈرىكىنىڭ ئاغزىغا تەپ! — دەپ توۋلىدى بىرى.

ئۇ تىزىنى قورسىقىنىڭ ئۇدۇلىغىچە ئەگدى، ئۇنىڭ ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنىڭ تېگىدە، تۆمۈر ناھالنىڭ دەھشەت بىلەن پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم.

دەل شۇ چاغدا: ئاكام كەلدى، دې-گەن ئاۋاز ئاڭلاندى. كۆك كۆز يىگىت پۇتىنى يەرگە قويۇپ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلدى. بېشىمنى بۇراپ قارىسام يىگىرمە ياشلار چامىسىدىكى ئاق يۈزلۈك، كەڭ ماڭلايلىق، كالتە يەڭلىك ئاق كۆڭلەك كىيگەن سۇلەتلىك بىر يىگىت كېلىۋېتىپ-تۇ. ھېلىقى نوچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ-غا ئەيمىنىش نەزەرى بىلەن تىكىلىپ ھې-جىيىشتى. بىرى ئۇنىڭغا تاماكا تۇتتى، بىرى چاقماق ياقتى. بۇ «خوجايىن» تاماكىسىنى كالپۇكلىرىدا ئايلاندۇرۇپ، ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ «كىمكىنا ماۋۇ ئەبگا» دېدى. ئاندىن گالستۇكۇم بىلەن قوشۇپ ياقامدىن تار-تىپ مېنى ئۆزىگە يېقىن ئەكەلدى، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گويا خىرىس قىلىپ تۇرغان ئاچ يولۋاسنىڭ يېنىدا تۇر-غاندەك ھېس قىلدىم، بەدىنىم غال-غال تىترەپ، ئۈستى بېشىمدىن سوغۇق تەر تەپچىرەپ چىقىشقا باشلىدى. بۇ «خوجا-يىن» چىرايىمدىن بىرەر نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي، كۆزۈمگە دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، كېيىن بىر نەرسىدىن ئۈركىگەن ئاتتەك تۇيۇقسىزلا ياقامنى قويۇۋېتىپ ئارقىغا بىرقانچە قە-دەم چېكىندى، تەئەججۈپ ئىلكىدە بوي-بەستىمنى ئۇزاق كۆزەتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا يېپ-يېڭىدىن كەلتۈرۈلگەن غەلىتە جانىۋاردەك ھېس قىلدىم. بىرئازدىن كېيىن «خو-جايىن» نىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئاندىن كۆزلى-رىدە بىر خىل يېقىملىق نۇر بەرق ئۇردى.

— مۇتەللىپ مۇئەللىم بولامسىز؟

— ھەئە.



— بەشىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتىن؟
— شۇنداق.
— مېنى تونۇغانسىز؟
مەن بېشىمنى چايقىدىم.
— يادىڭىزدا قالماپتىمەن - دە؟ سىزنى كۆرمىگىلى توققۇز يىل بوپتۇ.
— نېمە!؟
— مەن ھېلىقى ئەنۋەرغۇ، سىزنىڭ ئوقۇغۇچىڭىز، سىنىپىڭىزنىڭ تۇرمۇش ھەيئىتى ئىدىمغۇ؟
— ئەنۋەر!؟
— ھە، ئەنۋەر.

مەن ھاياجان، تەئەججۇپ بىلەن ئەنۋەرگە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدىم. توۋا، ئادەم دېگەن توققۇز يىل ئىچىدە شۇنچىلىك تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كېتەمدىغاندۇ؟

مانا، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى ئەنۋەرنىڭ سىيمالىرى كۆز ئالدىمدا لەپ - لەپ قىلىپ نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ تۇرماقتا. ئەنە قىزىل گالستۇكلۇق ئەنۋەر، تۇرمۇش باشلىقى ئەنۋەر، ئۇ، ئۈستەل، ئورۇندۇق، دېرىزىلەرنى پاكىز تازىلىمىغان ساۋاقداشلىرىغا نەسىھەت قىلىۋاتىدۇ. كىچىك ئەنۋەر قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈشتە مەكتەپ رېكورتىنى بۇزۇپ، مۇدىرنىڭ قولىدىن مۇكاپات ئالماقتا. بىزنىڭ كىچىك ئەنۋەر كېلىچەككە تەلپۈنگەن غۇنچە، ئۇ پارلاق يۇلتۇز، ئۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى!

ماۋۇ ئەنۋەرچۇ، ھە، ئۇ ئالدىمدا چىناردەك بوي تارتىپ تۇرماقتا، ئۇنىڭ ئاق كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىن چىقىپ تۇرغان بىلەكلىرى نېمە دېگەن مەزمۇت، مەيدىسىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان قوڭۇر تۈكلىرى ئۇنىڭ گەۋدىسىگە نەقەدەر ياراشقان - ھە، لېكىن، بۇ ئەلۋەر كىچىك ئەنۋەردەك غۇنچە ئەمەس، پارلاق يۇلتۇز ئەمەس، كەلگۈسىنىڭ خوجايىنى ئەمەس، بەلكى ئۇ، ماۋۇ بىر توپ ئوغرىلارنىڭ خوجايىنى، ئاكىسى، جەمئىيەتنىڭ بەدىنىگە چىققان جاراھەت!

قېرى دەرەخمۇ ئۆسىدۇ، ياش نوتىمۇ ئۆسىدۇ، لېكىن قېرى دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاستا بولىدۇ، ئۇنىڭ غولى ئاساسەن مۇقىملىشىپ قالغان بولىدۇ، بۇ خىل دەرەخلەرنى خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ دەرھال تونۇۋالغىلى بولىدۇ. ياش نوتىلار بولسا شىددەت بىلەن ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ غولىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئازراق ۋاقىت ئۆتسىلا تونۇغىلى بولمايدۇ. مېنىڭ چىرايىم مۇقىملىشىپ قالغان بولغاچقا ئەنۋەر مېنى ئانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا تونۇۋالدى، ئەنۋەرنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش زور بولغاچقا ئۇنى مەن ئىسمى بىلەن بىرلەشتۈرۈپلا تونۇيالىدىم، بولمىسا تونۇيالماستىم.

ئۇ چاغلاردا ئەنۋەر ئون ئۈچ، ئون تۆت ياشلاردىكى قوڭۇر چاچلىق، قوي كۆزلۈك، چىرايى ئاق ئۆرۈكتەك سۈزۈك، قىزىل گالستۇكى نۇر چېچىپ تۇرىدىغان ئوماق بالا ئىدى. كىچىككىنە بويىغا مۇناسىپ كېلىدىغان بەقەسەم تونىنى كىيىپ، بادام دوپپىنى پېشانىسىگە يېقىنراق قوندۇرۇپ داپ چالاتتى، ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ئارزۇگۈل بەزىدە ئۈزۈملەرنىڭ پىشمىغانلىقىنى، بەزىدە پىشقانلىقىنى چىرايىدا ئىپادىلەپ ئۈزۈمچىلىك ئۇسسۇلىنى راسا كېلىشتۈرۈپ ئوينايتتى. ئەنۋەر چىۋەر بارماقلىرى

بىلەن داپتىن تاك ـ تاك، دۇم ـ دۇم قىلىغان سادالارنى تارقىتىپ ئارزۇگۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇي چىقارغىلى تۇرغاندا، زالدا گۇلدۇراس ئالقىشلار ياڭراپ كېتەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى بويىچە رەتكە تۇرغۇزغاندا ئەنۋەر ئالتىنچى، بەزىدە يەتتىنچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى، جىرىم تىكىش ئەمگەكلىرى؛ ھەربىي ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سوراش پائالىيەتلىرىدە تۆھپە يارىتىپ سىنىپىمىز ئۈچۈن كۆپ قېتىم شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەنىدى، مەن شۇ سەۋەبتىن ئەنۋەرنى سىنىپ كوللېكتىپىمىزنىڭ گۈلتاجى دەپ قارايتتىم. كېيىنچە، ئەنۋەر جىمغۇر، ياۋاش بولۇپ قالدى، بۇرۇنقى جۇشقۇن روھىي ھالىتىنى غەمكىنلىك، پەرىشانلىق ئىگىلەشكە باشلىدى، ئەھۋال سورىسام «مىجەزىم يوق» دەپلا جاۋاب بېرەتتى.

بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلاردىن كىتاب پۇلى يىغىشقا توغرا كېلىپ قالدى. كىتاب پۇلى تاپشۇرمىغانلار قاتارىدا ئەنۋەرنىڭ ئىسمىنىمۇ ئېلان قىلدىم. ئۇ خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى، ئاندىن كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. بۇ ئوماق ئوقۇغۇچۇمنىڭ يىغىسىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ «ئولتۇر، يىغلىما، تۆلىيەلمىسەڭ ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلارمەن» دېدىم.

كېيىنچە، ئائىلە سۆھبىتى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئەنۋەرنىڭ ئانىسىنىڭ بۇرۇنلا ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى «ئوغرىلارنىڭ قازناقچىسى» بولۇپ قېلىپ، ئىككى يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى، ئەنۋەرنىڭ ھازىر تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىقلىدىم. قوشنىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەنۋەرنىڭ تاغىسى كۆرۈنۈشى مۇلايىم، ئەمما زالىم، بېخىل ئادەمىكەن. ئۇ، ئەنۋەرنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارە ھەققىنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالىدىكەن. ئەنۋەرگە بىر تىيىنمۇ پۇل بەرمەيدىكەن. ئەنۋەرنىڭ تاغىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم، ئەنۋەرنىڭ نەتىجىلىرىنى سۆزلەپ بەردىم، ئانىلار ۋە باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى تەشۋىق قىلدىم. ئەنۋەرنىڭ تاغىسى كوسا ئېڭىكىنى تاتىلىغاچ «خوش، ئوبدان، توغرا دېدىڭىز» دەپ سۆزۈمنى تەستىقلاپ ئولتۇردى. مەن، بۇ سۆھبىتىمنىڭ نەتىجىسى بولىدىغۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئەنۋەرنىڭ روھىي ھالىتىدە ھېچقانچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئۇنىڭ پەرىشان، سولغۇن تۇرقىغا قاراپ كۆڭلۈم بۆلەكچىلا بولۇپ قالاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنۋەر بىر قۇر كۆك رەڭلىك تەنتەربىيە كىيىمى، ئاق رەڭلىك ساياھەتچىلەر ئايىغى كىيىپ كەپتۇ، ساۋاقداشلىرىدىن ئاڭلىسام ئۇنىڭ يانچۇقىدىن پۇل ئۆكسىمەيدىغان بوپتۇ. مەن بۇنى ئەنۋەرنىڭ تاغىسىنىڭ ئەيۋەشكە كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن بەزىدە ئۇنى قاپاقلىرى كۆككەرگەن، يۈزى زىدە ھالدا كۆرۈپ قالاتتىم. نېمە بولدۇڭ، دەپ سورىسام «تاغامنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم» دەيتتى ـ دە، تەشۋىشلىك كۆزلىرىنى مېنىڭدىن ئەپ قاچاتتى.

بىر كۈنى بېرىلىپ دەرس ئۆتۈۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى، دەرسنى توختىتىپ ئىشىكتىن بېشىمنى چىقاردىم،

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قار - بوران يېغىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسىنى سەزدىم.

— ھېلىقى ئەنۋەر دېگەن نېمىڭىزنى چاقىرىۋېتىڭ، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ماڭا زەردە بىلەن.

كۆڭلۈمدە «بۇ بالىغا نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ ئەنسىرىگەچ ئەنۋەرگە ئىشىك تەرەپنى ئىشارەت قىلدىم، ئۇ ھودۇقتان، چۆچىگەن پېتى سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

دەرستىن چۈشۈپلا يوقلىما بىلەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىمنى كۆتۈرۈپ توپتوغرا مۇدىر ئىشخانىسىغا كىردىم.

— قېنى، مۇتەللىپ مۇئەللىم، ماۋۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، — دېدى مېنى مۇدىر كرېسلوغا تەكلىپ قىلىپ.

ئىشخانىدا بىر خىل جىددىيلىك ھۆكۈم سۈرەتتى. ساقچى پونكىتىنىڭ ئىككى نەپەر خادىمىمۇ كرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇشقانىدى. مەكتەپ مۇدىرى ئىش ئۈستىلىگە جەينەكلىرىنى تىرەپ، ئالقىنى بىلەن ئىڭەكلىرىنى يۆلەپ سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇراتتى. مەكتەپ ئىشلار ھەيئىتىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇزۇن كرېسلودا ئولتۇرۇشاتتى. ئەنۋەر ساقچىلار ئولتۇرغان كرېسلونىڭ يېنىدا بويىنىنى تام تەرەپكە قىيسايتىپ تەشۋىشلىك كەيپىياتتا ئۆرە تۇراتتى.

يېنىمدا ئولتۇرغان ماتېماتىكا مىتود گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ماڭا شىۋىرلاپ تۇرۇپ، ئەنۋەرنىڭ ئاپتوبۇستا ئوغرىلىق قىلدىغانلار شايكىسىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، شايكىنىڭ باشقا ئەزالىرى قولغا چۈشكەنلىكىنى، ئۇلار ئەنۋەرنىمۇ پاش قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئوقۇغۇچى ئەنۋەر ئۆزىنىڭ جىنايىتىنى ئىقرار قىلدى، بايىقى سۆزۈمنى يەنە تەكرارلايمەن، ئەگەر بۇ بالىنى تەربىيىلەپ كېتىشكە كاپالەتلىك قىلالىساڭلار قالدۇرۇپ كېتىمىز، ئۇنداق قىلالمىساڭلار يىغىۋېلىش ئورنىغا ئاپىرىپ ئۆزىمىز تەربىيىلەيمىز، — دېدى ساقچى پونكىتىنىڭ باشلىقى تەمكىنلىك بىلەن.

ساقچىنىڭ «يىغىۋېلىش ئورنىغا» دېگەن سۆزى مېنى ئەندىشىگە سالدى، بەدىنىم ئىختىيارسىز تەۋرىنىپ كەتتى، خۇددى ئۆزۈمنىڭ ئامراق بالىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك چۆچۈپ كەتتىم، بېشىم ئايلانغاندەك بولدى.

بىزنىڭ ئىلمىي مۇدىرىمىز ئەللىك ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى پېشقەدەم، مائارىپچى ئايال بولۇپ، ئۇزۇن چاچلىرىنى ئارقا تەرەپكە يارىشىملىق قىلىپ تۈرمەللەپ ئالاتتى، ئۇ مەكتەپتە ماھىر ئوقۇتقۇچى ھەم مېھرىبان ئانا ئىدى. ئۇ ساقچى پونكىتىنىڭ باشلىقى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىگە ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ جاۋاب بەردى. ئۇ سۆزىدە مەكتەپنىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەت ئۈچۈن يارامىلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنۋەرنى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىپ تەربىيىلەيدىغانلىقىمىزنى بىلدۈردى.

مەن سۆز قىلىشقا تەييارلانغاندا ئەنۋەر «سىز كاپالەتلىك قىلسىڭىز بولاتتى، مۇئەللىم» دېگەندەك بىر خىل نەزەر بىلەن ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدىكى

بوتىلاقنىڭ كۆزىدەك مۇڭلۇق ۋە تەشۋىشلىك ئىدى.

مەن سۆزۈمدە ئەنۋەرنىڭ دادىسىنىڭ، تاغىسىنىڭ ئەھۋالى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، شۇنداقلا ئەنۋەرنىڭ سىنىپتىكى ئىپادىسى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك توختىلىپ ئۆتتۇم، ئاندىن ئەنۋەرنى تۈزىتىپ يېڭى ئادەم قىلىشقا قەتئىي ئىشەنچ باغلىغان ھالدا:

— مەن يىگىرمە ئالتە يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ستاژىم بىلەن كاپالەتلىك قىلىمەنكى، ئەنۋەرنى چوقۇم تۈزەتكىلى بولىدۇ، بۇ بالىنى ئۆزۈمگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، مەن ئۇنى قانداق تۈزىتىمەنكى قېنى، — دەپ ھاياجانلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئەنۋەر خۇش بولۇپ ماڭا قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە پارلاق ئۈچقۇنلارنىڭ جىلۋىسىنى كۆردۇم.

مەكتەپ مۇدىرى كەسكىن پىكىرلىك، جاھىل، ئىناۋەت، شان - شەرەپكە ئارتۇقچە ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشى ئىدى. ئۆز پىكرىنىڭ ھامان قول ئاستىدىكىلەرنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك كىشىلەرنىڭ پىكرى ئۇنىڭ پىكرىنى بېسىپ چۈشسە، بۇنى «ئىناۋىتىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشى» دەپ ھېسابلايتتى. سۆز قىلىشتىن ئاۋۋال كالپۇكلىرىنى چىڭ جۈپلەپ كۆپتۈرۈپ، بۇرنىدىن «ھىم» دېگەن تىنتەرەڭگۇ ئاۋازنى چىقىرىپ، ھەممىگە تەپتەكشى قاراپ چىقاتتى. بۇنىڭ بىلەن يىغىن جىمجىتلىقى ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتەتتى. ئاندىن رەھبەرلىك نۇپۇزىنى قىياپەت جەھەتتە مۇكەممەل تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىنلا سۆز باشلايتتى. بىرگەۋنمۇ

شۇنداق قىلدى.

— بابا ئەنۋەرنى ئېلىپ قېلىش تەرەپتارى بولۇپ سۆز قىلغان يولداشلار ئەخلاقىي ئۆلچەملەر بىلەن قانۇن ئۆلچەملىرىنى ئايرىپ ئالالمىدى. ئۇلار سىلىق گەپلەر بىلەن ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمدى سىزگە كەلسەك مۇئەللىم، مەسلىكىڭىز ناھايىتى ئېغىر، سىنىپىڭىزدا مەكتەپنىڭ شان - شەرىپىنى خىرەلەشتۈرىدىغان ئوغرىلىق دېلوسى يۈز بەردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۆزىڭىزگىمۇ كاپالەتلىك قىلالمايدىغاندەك تۇرىسىز، مۇندىن كېيىن سىنىپ مۇدىرى بولالامسىز ياكى بولالامسىز، ئۇنى ئويلىشىپ كۆرىمىز تېخى.

ئۇ يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا تەكشى قاراپ چىقتى. ئەنۋەرنى ئېلىپ قالماقچى بولغانلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ غالىبانە قىياپەتتە ساقچى باشلىقىغا قارىدى.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ دەيمەن يولداش مۇدىر، ئىگىلىشىمىزچە بۇ بالا ئادەتتىلەنگەن ئوغرى ئەمەس، شايكىغا قاتناشقان ۋاقتى ئۈچ ئايغىمۇ يەتمەيدۇ، يېشى 16 گىمۇ توشماپتۇ، خەلق سىلەرنى باغۋەن دەۋاتىدىغۇ، سىلەر ھەقىقەتەن باغۋەن. مەنمۇ سىلەردەك باغۋەنلەرنىڭ قولىدا ئۆسكەن. شۇنداق ئىكەن، كۆچەتلەرنى ئۆستۈرۈش كېرەك، يۇلۇپ تاشلىماسلىق لازىم، — دېدى ساقچى پونكىتىنىڭ باشلىقى.

قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئادەتتىكى بىر ساقچىنىڭ تەنبىھ بېرىشى مۇدىرغا ناھايىتى ئېغىر كەلدى.

— قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تۇرۇپ

قانۇننى بىلمەسلىك تولىمۇ ئەپسۇسلىنار-
لىق ئىش، مەكتەپ دېگەن قىلمىشى
قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دائىرىسىگە كىر-
مەيدىغان ئوبيېكتلارنىلا تەربىيىلەپ
كېتەلەيدۇ، يەنى ئۆستۈرۈپ كەتكىلى
بولىدىغان كۆچەتلەرنىلا ئۆستۈرەلەيدۇ،
مەكتەپ ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ رولىدىن
تاشقىرى تۇرىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە
ئالالمايدۇ. ئەلۋەتتە، سىزنىڭ مەكتەپ
باشقۇرۇش ئىلمىدىن خەۋىرىڭىز يوق، —
دېدى مۇدىر ساقچى پونكىتىنىڭ باشلىقىنى
ھەر جەھەتتىن تۆۋەنلىتىپ.

ساقچى باشلىقىنىڭ يۈزى ھۆپپىدە
قىزاردى. ئورۇندۇقنى تاراقلىتىپ ئورنى-
دىن تۇردى. ئاندىن بىللە كەلگەن ياش
ساقچى بىلەن ئەنۋەرنى ئېلىپ ئىشخانى-
دىن چىقىپ كەتتى.

مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ دەرۋازىنىڭ
ئالدىغا چىقتىم. ئەنۋەر خۇددى ئانىسىغا
تارتىشقان بالىدەك يىغلاپ ماڭا قارىدى.
ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېتىلىۋاتقان ياشنى كۆرۈپ
ئىچىم سىيرىلدى. ياغلىقىم بىلەن كۆزۈمنى
سۈرتتۈم.

ئەنۋەر يىغىۋېلىش ئورنىغا كېتىپ
بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مۇدىر چوڭ
يىغىندا مېنىڭمۇ سىنىپ مۇدىرلىقىدىن
قالدۇرۇلغانلىقىمنى ئۇقتۇردى.

مانا، ئەنۋەر مېنى تونۇۋالدى. ئۇ
ۋىجىك بىر يىگىتكە سۇ ئەكىلىشنى بۇي-
رىدى. ۋىجىك يىگىت توپتەك قاڭقىپ
يۈگۈرگەن پېتى كېتىپ قالدى. ئەنۋەر
مېنىڭ گېلىمدىن بوغقان كۆك كۆز يىگىت-
نىڭ ئالدىغا باردى ۋە ۋاقىسىدە بىرلا
پەشۋا ئۇرۇۋىدى، كۆك كۆز يىگىت يەرگە
چاپلىشىپلا قالدى. «تۇرە ئورنىڭدىن،
ھەيۋەك!» دەپ تۈۋلىدى ئەنۋەر، مەن
شۇندىلا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ھەيۋەك ئىكەن-
لىكىنى بىلدىم. شايكىلاردىن ئىككىسى
كېلىپ ھەيۋەكنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئور-
نىدىن تۇرغۇزدى. ئەنۋەر يەنە تەكەببۇر-
لۇق بىلەن «پېشانەڭ يەرگە تەگكۈچە
ئېگىلىپ بىزنىڭ مۇئەللىمگە سالام قىل!»
دېدى. ھەيۋەك شۇنداق قىلماقچى بولۇپ
ئېگىلىۋىدى، پېشانىسى يەرگە تەگمىدى،
ئەنۋەر راسا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ تېقىمىغا
بىر تېپىۋىدى، خامان تېپىدىغان تۇلۇقتەك
نەچچە دوملاپ كەتتى. باشقىلار ھەيۋەك
ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ ئەنۋەرگە يال-
ۋۇردى. ئەنۋەر ئالقىنىنى ئېچىپ تۇرۇپ
«قېنى، چىقار!» دېۋىدى، ھەيۋەك كۆزى
بىلەن بىرىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى.
ئېگىز، ئورۇق، چېكىسى تارتۇق ئوغرى
قويىندىن بىر قارا ھەميياننى چىقاردى. ئۇ
دەل مېنىڭ ھەميانىم ئىدى. ئەنۋەر
ھەميياننى ئېچىپ ئىچىدىن ئون يۈەنلىك
پۇلدىن ئۈچىنى، بەش يۈەنلىك پۇلدىن
بىرىنى، ئىككى يۈەنلىك پۇلدىن بىرىنى
ئېلىپ «كەم ئەمەستۇ؟» دەپ ماڭا سۇندى.
مەن ھەميان بىلەن پۇلنى قوشۇپ ئېلىپ
قويۇن يانچۇقۇمغا سالدىم.

شۇ چاغدا ھېلىقى ۋىجىك يىگىت
بىر چۆگۈن سۇ ئەپكەلدى. ئەنۋەر قولۇمغا
سۇ قۇيدى. مەن يۈز - كۆزلىرىمنى يۇدۇم.
گاللىستۇكۇم قان يۇقى ئىدى، ئۇنى پۈر-
لەپ يانچۇقۇمغا سالدىم. كۆزئەينىكىمنى
سۈرتۈپ تاقىدىم. شىلەپەمنى باستۇرۇپ
كىيدىم. ئەنۋەر كىيىملىرىمنى پاكىز
قېقىشتۇردى. ئەنۋەرنىڭ شايكىلىرى
ئۇقماپتىمىز، كەچۈرسىلە ئەپەندىم، دەپ

ئۆزرەخاھلىق ئېيتىشتى. ئەنۋەر ئۇلارغا قاراپ «يوقىلىشقە كۆزۈمدىن!» دەپ بىرلا ھۆرپىيىۋىدى، ئۇلار غىپپىدە كېتىپ قېلىشتى.

ئەنۋەر مېنى يۆلەپ چوڭ يولغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ مېنىڭ بىلىكىمنى تۇتۇپ ماڭغاندا قولىنىڭ بېغىشلىرىدىكى تارتۇقلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى.

— بۇ يولدىن پۇتىڭىزنى تارتالماسىزمۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.

— بۇ بەك پاتقاقلىق يولكەن، پۇتۇم پېتىپ قاپتۇ، — دېدى ئەنۋەر.

— ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىڭىزدىكى گۈزەل، تەسىرلىك ئەسلىمىلەر سىزگە ياردەم بېرەلمەسمۇ؟

— ئۇ نەرسىلەر ئېسىمدە قالماپتۇ، بىراق، سىزنىڭ مۇدىر ئىشخانىسىدا ماڭا كاپالەتلىك قىلغان چاغدىكى مەردانە قىياپىتىڭىزنى ئەسلا ئۇنتالمايمەن. ئەلۋەتتە، ئۇ چاغدىكى چىرايلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، پەقەت سىزلا كۆڭلۈمدە ساقلىنىپ قاپسىز، — دېدى ئەنۋەر يېقىملىق كۈلۈپ.

مەن ئەمدى ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىگە ئىشەندىم، ئۇ بۇ يولدا خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى.

ئاپتوبۇسمۇ كېلىپ قالدى، ئەنۋەر مېنى ئېھتىيات بىلەن يۆلەپ ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ قويدى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

(بېشى 160 - بەتتە)

سۆزلىگەن لېكسىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى بىرەر سۆزىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي تەكرارلاپ چىقتى. ئەلۋەتتە مۇشۇ سورۇنغا كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭ بۇ لېكسىيە تېكىستىدىن بىرەر جۈملە، ھەتتا بىرەر سۆزنى كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىر ئادەم ئالماقچى بولۇۋاتقان ئۇ خىزمەتكە دەل مانا مۇشۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم كېرەك ئىدى.

ئادەملەر كەينى - كەينىدىن زالدىن چىقىشتى. مەكتەپ مۇدىرى سىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. چىرايىدىن ھەيرانلىق بىلەن خۇشاللىق ئالامىتى چىقىپ تۇرغان سىنىڭ ھېلىمۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى. مۇدىر ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ، ئۇنى تەبرىكلىدى:

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئەپەندى، — لېكىن سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىكى خىزمىتىڭىزدە ئېھتىياتچان بولۇڭ. مۇھىم ماتېرىياللارنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تاشلاپ قويماڭ.

«جۇڭگو ۋە چەت ئەل مىكرو ھېكايىلىرىدىن زوق ئېلىش لۇغىتى» دىن

مۇساجان ئەزىزى تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەخمەت ھاشىم

# قازىنىڭ ھۆكمى

(مەسەل)

يولۋاسنىڭ قازى بولۇپ تۇرغان چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى ئېشەك ئۇنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ كەپتۇ.

— داد، قازى تەخسىر! ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ھوزۇرلىرىغا دەرد ئېيتىپ كەلدىم، — دەپتۇ ئېشەك قازىغا تەلمۈرۈپ.

— خوش، قۇلۇقۇم سەندە، — دەپتۇ يولۋاس خۇش ياقمىغاندەك مۆكۈدەپ ئولتۇرۇپ. ئېشەك ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— تەقسىر، ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم، مەن زامان-زاماندىن ئادەملەرگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن. مەن بەكمۇ چىدامىلىق، ناھايىتىمۇ سەۋرىچان، كۆتۈرۈشلۈك، ئادەملەر مىنى نېمە ئىشقا سالسا بويۇن تولغىماي ماڭىمەن. بەرسە يەيمەن، بەرمىسە باتنىمايمەن. ئاغزىغا كەلگەنچە تىللاپ ھاقارەتلىسىمۇ، دۇمبىلىسىمۇ غىڭ قىلمايمەن. ئۈستۈمگە ئېغىر يۈكنى ئارتقاننى ئاز دەپ يەنە تېخى ئاتا-بالا ياكى ئەر-خوتۇن بىرلىشىپ مىنىشىۋالسىمۇ قارشىلىق قىلماي ئىچىمگە تىنىپ كېتىۋېرىمەن. دۇنيادا ماڭا ئوخشاش ياۋاش-يۇمشاق، مۇلايىم ھايۋاندىن يەنە بىرى تېپىلمىسا كېرەك. ئات-كالىلار بولسا مەنچىلىك ئىش قىلمايدۇ-يۇ، قوناق، كۆنجۈرە دېگەندەك ئېسىل يەملەرنى يەيدۇ. مەنچۇ؟ مېنىڭ ئاساسلىق يەيدىغىنىم قوناق مەدىكى، قوناق شېخى، ئىش قىلىپ قاتتىق-يىرىك شاخ-شۇمبىلار. شۇنداق تۇرۇپمۇ مېنىڭ ئىسمىم دۆت، كالۋا، مەن بۇ ھاقارەتتىن مۇشۇ كۈنگىچە قۇتۇلالماي كېلىۋاتىمەن. جانابىلىرىغا يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ئادەملەر دۆت، كالۋا دېيىشتىن تاشقىرى ئۇلار ئۆزلىرى يامان ئىش قىلغان ئەسكى، ئادەملەرنىمۇ دۆت، ئېشەك دەپ تىللىشىدۇ. مەن شۇنچىلىك ئەسكى، دۆت،

كالۋامۇ؟ ياق، تەقسىر، مەن ھەرگىزمۇ ئۇلار دېگەندەك دۆت ئەمەس، خېلى ئەقىللىق، زېرەكمەن. مەن ئەقىللىق بولغاچقا يولسىز قاقاس، چۆل - جەزىرە، ئورمانلىق، تاغلار ئارىسىدا ماڭغاندا ئەڭ قىسقا يول بىلەن خاتاسىز ماڭالايمەن. بىر قېتىم ماڭغان يولنى ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ قالمايمەن، ھەتتا ئىگەم مېنى خېلى يىراق يەرلەردىن قويۇپ بەرسىمۇ ئۆيىنى تېپىپ كېلەلەيمەن. بۇ مېنىڭ ئەقىللىقلىقىمدىن ئەمەسمۇ؟ بۇندىن كېيىن ئادەملەر مېنى دۆت، كالۋا دېمىسۇن. مۇشۇ ھەقتە ئۆزلىرى بىر پەرمان جاكارلاپ بەرسىلە دېمەكچىمەن.

يولۋاس ئۇنىڭ دەرد - ئەھۋالىنى جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— گەپلىرىڭنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن شۇنداق قاراشقا كەلدىمكى، ئادەملەرنىڭ سېنى دۆت، كالۋا دېيىشى ناھايىتى توغرا ئىكەن. سەن راستىتىنلا دۆت ئىكەنسەن.

— تەقسىر بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ — ئېشەك چۆچۈپ قارىغا قاراپتۇ، — مەن سىلىگە دەرد ئېيتىپ كەلسەم، سىلىمۇ مېنى ھاقارەتلەۋاتىلىغۇ!

— سەن شۇنى بىلىۋالغىنكى، — دەپتۇ قازى ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — دۇنيادا ھەر قانداق جانلىق تۇغۇلۇشتىنلا دۆت بولمايدۇ. دۆت بولۇشمۇ، ئەقىللىق بولۇشمۇ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە، تىرىشچانلىقىغا، ئىزدىنىشىگە باغلىق ئىش. دۇنياغا تۆرەلگەن ئىكەنسەن تۈزۈك ياشاشنىمۇ بىلىشىڭ كېرەك. سەن ئادەملەرگە شۇنچە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەيدىكەنسەن، ئەپسۇسكى قىلغان ئىشىڭغا چۇشلۇق ھالاۋەت كۆرمەيدىكەنسەن. نېمە بەرسە شۇنى يەيدىكەنسەن، ياخشىراق يېيىشنى تەلەپ قىلمايدىكەنسەن، بىكاردىن بىكار ھاقارەتلىسىمۇ، دۇمبالىسىمۇ خوش دەپ جىم تۇرۇپ بېرىدىكەنسەن، نېمە ئۈچۈن ئۆز ئىززەت - ئابرويىڭنى قوغداشنى بىلمەيسەن؟ قىسقىسى، سەندە قىلچە غۇرۇر دېگەن نەرسە يوق ئىكەن. ئەھۋالىڭ شۇ تۇرسا كىشىلەر سېنى دۆت، كالۋا دېمەي نېمە دەيتتى؟ بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭدىن كۆر!

ئېشەكنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپتۇ - دە، چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپتۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەمەتىمىن بارى

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئايگۈل ئەمەت

### «سەنيۇەنلىدىن قايتقان ئادەم»دىن ئاڭلىغانلىرىم

بەدىئىي ئىجادىيەت سېپىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، جامائەتچىلىككە تونۇلۇۋاتقان يازغۇچى قادىر ئارسلاننىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «سەنيۇەنلىدىن قايتقان ئادەم» ناملىق ھېكايىسى كىتابخانلار ئارىسىدا خېلىلا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. شەخسەن ئۆزۈمنى ئېيتسام، ھېكايىنىڭ سيۇژىت، قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئانچە يېڭىلىق ھېس قىلمىدىم. ئەمما ھېكايىدا سۈرەتلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى، ئالغا سۈرۈلگەن پىكىر مەندە زور قىزىقىش پەيدا قىلدى. يازغۇچى ئېلىمىزنىڭ گۇاڭجۇ شەھىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىرقەدەر كۆپ توپلاشقان سەنيۇەنلى يېزىسىنى بەدىئىي مۇھىت قىلىپ تاللاپ، ئوخشىمىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق پۇل تېپىپ بېيىۋاتقان كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنى ئېچىپ بەرگەن.

مەن بۇ ھېكايىنى ئوقۇۋاتقىنىمدا ئاجايىپ تۇرمۇش قايىنىمىغا — ئاجايىپ بىر روھىيەت دۇنياسىغا كىرىپ قالغاندەك بولدۇم. ئاپتور ھېكايىدا «مەن»نىڭ نەنىڭدا ئېچىلغان يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن گۇاڭجۇ شەھىرىنى سەيلى - ساياھەت قىلىشى، شۇنداقلا سەنيۇەنلىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك سۆھبەتلىرىگە، مەززىلىك تائاملىرىغا نائىل بولۇش، ھەتتا «ئۇ يەردە خاتىرجەم ھالدا ھەپتە - ئون كۈن تۇرۇپ كېتىش» ئىستىكىدە بۇ يەرگە كېلىپ كۆرگەن كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇرايىم باقىنىڭ سەرگۈزەشتلىرى ئارقىلىق پۇلنىڭ بەزى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىنى «يەپ تۈگىتىۋەتكەن»لىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ پۇلغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ تولىمۇ چاكىنا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئۇرايىم باقى ئىچكى ئۆلكىلەرگە سودىگەرچىلىك قىلىپ پۇل

تېپىش ئۈچۈن بارغان شىنجاڭلىق نامرات دېھقان. ئۇ نەچچە ئون يىل كەتمەن تۇتۇپ يىغقان ئازغىنە دەسمايىسى بىلەن «خەلق قىلغاننى قىلىپ كۈننى ياخشىلىماقچى» بولۇپ ئىچكىرىگە باردى، بىراق ئۇ بىر يۇرتلۇقى تۇرسۇن هايان تەرىپىدىن ئالدىنىپ، پۈتۈن دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالدى؛ ئاپتور ھېكايىدا مۇختار بوران، ياسىن توك قاتارلىق ئوقەتچىلەرنىڭ ئوبرازىنىمۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. ئۇلار ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ پۇل تېپىپ، تۇرمۇشىنى قامداۋاتقان ئوقەتچىلەر. ئۇلار ئۇرايىم باقىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئۇنى روھىي ئازابتىن قۇتقۇزىدۇ. «— ئاداش — دېدى بىر كۈنى ياسىن توك،— بىر يۇرتلۇق بولسىلا ۋاپادار بولىدۇ، بىسمىللا ئېيتسىلا ئىنساپلىق مۇسۇلمان بولىدۇ دېگەن گەپ يوق، بىر يۇرتلۇق بولمىساقمۇ بىر ئۇيغۇر ئىكەنمىز، سىلەرنىڭ تاماشاڭلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغىنىمىز يوق، يۇرتقا كېتىمەن دېسەڭلار سىلەرنى يولغا سېلىپ قويايلى، ياق، بۇ يەرگە كەپتىمەن، ئازراق ئوقەت قىلىۋالاي دېسەڭلار بىزگە قوشۇلۇڭلار، قالغىنىنى خۇداغا تاپشۇردۇق...» دەپ تەسەللىي بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرلىشىپ ئوقەت قىلىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جاپا مۇشەققەتتە تاپقان تاپاۋىتى ئۆز مىللىتىدىن بولغان «قوشۇن» تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئوڭۇشسىزلىقلار ئۇرايىم باقىنى تۇرمۇش جەھەتتىن تەربىيىلەيدۇ. ئۇنىڭغا مۇسۇلمان بولسىلا دوست ئەمەسلىكىنى تونۇتىدۇ. ئۇ تۇرسۇن هاياندەك كىشىلەرگە ئىچ - ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار تۇرسۇن هاياننى ئىزدەپ شەھەر ئەتراپىدىكى مەلۇم بىر مېھمانخانىغا بارغاندا تۇرسۇن هايان تەرىپىدىن ئالدانغان خوجايىنىدىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايدۇ. «...ھەي، سىلەر شىنجاڭلىقلار - زە، ئۆزۈڭلارنىمۇ ئالداپ، بىزنىمۇ ئالداپ يۈرىدىكەنسىلەر، مەنغۇ شىنجاڭلىققا ياتاق بەرمەيتتىم. ئاشۇ تۇ جىڭلى دېگەننىڭ تاتلىق سۆزىگە، كاتتا سالاپىتىگە قاراپ ماقۇل دەۋېتىپتىمەن...»

ئاپتور ھېكايىسىدا باشقىلارنىڭ تىلى ئارقىلىق مۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

«شىنجاڭلىق، شىنجاڭلىق دەۋەردىڭغۇ ئايلاڭىزا، — دېدى مۇختار زەردە بىلەن، — سىلەرنىمۇ، بىزنىمۇ ئالداپ يۈرگەنلەر سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىمۇ خېلى بارغۇ، ئادەمنىڭ ياخشىسى بىلەن يامىنى ھەممىلا يەردە بار...» شۇنداق، جەمئىيەتتە پۇل ئۈچۈن ئادەمگەرچىلىكنى، ئىنساپ، دىيانەتنى دەپسەندە قىلىدىغان تۇرسۇن هاياندەك قىزىلكۆز، يامان ئادەملەرمۇ، باشقىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشنى ئويلايدىغان ياسىن توك، مۇختار بوراندەك ياخشى كىشىلەرمۇ بار، مانا بۇ تۇرمۇش. مانا بۇ يازغۇچى قادىر ئارسلان ئۆز ھېكايىسىدا سۈرەتلىگەن جانلىق تۇرمۇش كۆرۈنۈشى، ئادەم بىلەن تۇرمۇش هامان بىر گەۋدە، شۇڭا بۇ ئەسەرنى ئادەم ئۆز - ئۆزىنى تەتقىق قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇش ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بىرقەدەر جانلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن ياخشى ھېكايە دېيىشكە بولىدۇ.

«مەن» كۈۋاھنامە ۋە تونۇشتۇرۇشلارنىڭ ياردىمى بىلەن بىر كېچە يېتىشقا مۇيەسسەر بولالىغان مېھمانخانىدا سەپەرداشى ئۇرايىم باقىنىڭ ئىككى پارچە خېتىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. پەرۋاسىزلىق بىلەن تاشلىۋېتىلگەن بۇ خەت ئۇرايىم باقىنىڭ ئانىسى ۋە ئايالىدىن كەلگەنىدى. ئاپتور ھېكايە سيۇژىتىغا بۇ ئىككى پارچە خەتنى قىستۇرۇش ئارقىلىق ئۇرايىم باقىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. ئەگەر ھېكايە ئۇرايىم باقىنىڭ يامان ئادەملەرگە ئۇچراپ دەسمايىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ياخشى ئادەملەرنىڭ خەير ـ خاھلىقىغا ئېرىشكىنى بويىچە ئاخىرلاشقان بولسا، تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولاتتى. ئۇرايىم باقى ئائىلىسىدە شۇنچە ئىشلار بولۇپ كەتكەنلىكىنى خەت ئارقىلىق ئۇقۇپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا يۇرتىغا قايتىپ كەتمەيدۇ؟ ئۇ ئاجىز ئانىسىنى، چۆچۈرىدەك ئىككى بالىسى ۋە ئايالىنى تاشلاپ قويۇپ بۇ يەردە نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ھەمراھلىرىنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرماقچىمۇ؟ ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن 24 تۈمەن يۈەن دەسمايىنى قولىدىن بېرىپ قويۇپ قۇرۇق قول قالغاندىلا ئانىسىنى، بالا ـ چاقىلىرىنى يادىغا ئالىدۇ. بىراق شۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرسىمۇ يەنىلا بۇ ئوقەتتىن قول ئۈزگىسى كەلمەيدۇ. ئۇ «جان بار يەردە ئۈمىد بار، خۇدا بۇيرىسا 12 ـ ئايدا گۇاڭجۇدا يەنە پەيدا بولارمەن» دەيدۇ. مانا بۇ تەسۋىرلەر ئۇرايىم باقىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقتا تېز پۈكمەيدىغان، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا تىرىشىدىغان، ئىنتىلىشچان خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئۇرايىم باقىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ماھىيەتلىك بىر تەرىپى يەنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى رىقابەت ئېڭىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

شۇنداق، تۇرمۇشتا ئادەملەر ھامان ئۆز تەقدىرىگە شۈكرى ـ قانائەت قىلغان ئەمەس. ئۇلار تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا تىنىمسىز كۆرەش قىلىدۇ.

«مەن» نىڭ ھېكايىسى تېخى تۈگىمىگەندەك قىلاتتى. ئەمما ئۇ سۆزلەشتىن توختىغانىدى. بەلكىم مەن ھاياجانلىنىپ قالغاندىمەن ياكى ھاياجاندىن كېيىنكى ئويـپىكرىم ئۈزۈلۈپ كەتكەندۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

## تۈزىتىش

6 ـ سان 16 ـ بەت تۆۋەندىن 9 ـ قۇردىكى «ئارسىن» دېگەن سۆزنى ئارسلان دەپ، 17 ـ بەت يۇقىرىدىن 1 ـ قۇردىكى «302» دېگەن سانىنى 203 دەپ، 145 ـ بەت 2 ـ ستون تۆۋەندىن 3 ـ قۇردىكى «بەرىسلەرنى» دېگەن سۆزنى «نەرىسلەرنى» دەپ تۈزىتىپ ئوقۇغۇچىلارنى سورايمىز.





قۇربان بارات

# مول مېۋىلىك ئۆتكەن ئەللىك يىل

## — ئىمىن تۇرسۇن ئىجادىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

ئۇيغۇر يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد پېشۋالىرىدىن بىرى شائىر، تىلشۇناس، ئەدەبىي تەرجىمان ۋە مەدەنىيەت تارىخىي تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا بۇ يىل توپتوغرا ئەللىك يىل بولدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا 1942 - يىلدىن باشلاپ ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ «لېنىن تۇغى ئاستىدا» (1942 - يىل)، «ياپونغا قارشى ئۇرۇش چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ» (1942 - يىل)، «يېڭى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئون يىلى» (1943 - يىل)، «ئەدەبىي تەنقىد توغرىسىدا» (1943 - يىل)، «گوركىينى ئەسلەيمىز» (1943 - يىل)، «ئەدەبىي مىراس ھەم ۋەسىقىلىرىمىز» (1944 - يىل)، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە» (1944 - يىل)، «ماۋجۇشىنىڭ پەلسەپىۋى مەپكۇرىسىنى ئۆگىنەيلى» (1951 - يىل)، «تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى» (1952 - يىل)، «ماۋجۇشىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مەپكۇرىسىنى ئىخلاس بىلەن ئۆزلەشتۈرىمىز» (1952 - يىل)، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش پرىنسىپلىرى» (1956 - يىل)، «ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» (1956 - يىل)، «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ئاتالغۇلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى» (1956 - يىل)، «شېئىرىيىتىمىزنىڭ تىلى ھەققىدە» (1957 - يىل)، «ئۇيغۇر تىلىدىن ئاساس» (دەرسلىك، 1976 - يىل)، «ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نادىر ئەسىرى» (1981 - يىل)، «كۆمۈلۈپ قالغان مىراسلىرىمىزنى قازايلى» (1980 - يىل)، «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى كەڭ تەتقىق قىلايلى» (1983 - يىل)، «زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە» (1956 - ۋە 1985 - يىللار)، «ئەمگەكچان ۋە پاراسەتلىك ئۇيغۇرلار» (1981 - يىل)، قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىدى. ئۇنىڭ يەنە قەدىمكى ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ساھەسىدىمۇ تۆھپىسى

خېلىلا گەۋدىلىك. ئۇ، «زەللىلى دىۋانى»، «تارىخ تەبەرى»نى نەشرگە تەييارلىدى، تارىخىي ئۇلۇغ ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تەرجىمە ـ تەھرىرلىكىگە قاتناشتى. شۇنداقلا بۇ تەرجىمە ـ تەھرىرلىكنى تەشكىللىگۈچىلەردىن بىرى بولدى، «جامىئۇل ھېكايەت»، «كەلىلە ۋە دەمنە»، «مىڭ بىر كېچە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى ۋە ئۇلارغا كىرىش سۆز يازدى. «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» (1950 ـ يىل)، «جىڭگاڭشەندىكى كۈرەش»، «ھەۋەسكار يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت» (1956 ـ يىل)، «جۇڭيۈەندىن چېگرا رايونىغا» (1963 ـ يىل)، «قىزىل بايراق شەجەرىسى» (ئۈچ قىسىملىق رومان، 1965 ـ يىل)، «قىزىل قۇياش»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «غەربكە ساياھەت»، «بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمى» (1964 ـ يىل)، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى»نىڭ 2 ـ قىسىم 1 ـ كىتابى قاتارلىقلارنى خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلدى. 1963 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە قىسقىچە لۇغەت» نىڭ ئاساسىي تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى بولدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرى. 1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن «ھەۋەس» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى، «سەپەر سەزگۈلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1988 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئەدىبنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلىرى، تىل ۋە تەرجىمە نەزەرىيىسىگە دائىر ماقالىلىرى، كلاسسىك ئەدەبىيات، فولكلور ۋە مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تارىمدىن تامچە» دېگەن كىتابى 1990 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. بۇ توپلام ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ كەڭ ۋە تېرەنلىكىنى، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا خەنزۇ تىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، رۇس تىلى ۋە تۈركىي تىللارنى، قەدىمكىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنى ۋە چاغاتاي يازما تىلىنى ياخشى بىلىدۇ.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا 1924 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھازىرقى سەنشىخاڭزى مەھەللىسىدە بىر قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ساندۇقچىلىق قىلىدىغان كىشى بولۇپ، 1918 ـ 1919 ـ يىللىرى سودا ئىشى بىلەن روسىيىگىمۇ بارغان مەرىپەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئەينى چاغدا پەننىي مەكتەپ بولمىغاچقا، دادىسى ئۇنى 6 يېشىدا دىنىي مەكتەپكە بەردى. 1935 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە پەننىي مەكتەپلەر قۇرۇلغاندىن كېيىن، شائىر دەسلەپ ھازىرقى تەڭرىتاغ مەسچىتى يېنىدا قۇرۇلغان نىيازىيە مەكتىپىدە، كېيىن مەھمۇدىيە مەكتىپىدە ئوقۇدى، 1938 ـ يىلى كۈزدە 1 ـ گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرىپ، 1941 ـ يىلى مەكتەپ پۈتتۈردى. شائىر نىيازىيە مەكتىپىدە ئوقۇپ يۈرگەندە، 2 ـ گىمنازىيىگە قاتناپ يېرىم يىل رۇس تىلىنى ئۆگەندى، كېيىن خەنزۇ 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتە ھەركۈنى كەچتە ئىككى سائەت خەنزۇ تىلىنى ئۆگەندى، شائىرنىڭ خەنزۇ تىلى ئاساسى شۇ ۋاقىتتا سېلىنغان. ئۇ 1941 ـ يىلىدىن

1945 - يىلىغا قەدەر، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئۈرۈمچى 6 - مەكتەپ، 7 - مەكتەپ، 4 - مەركىزىي مەكتەپ ۋە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، قوشۇمچە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش مەركىزىي ئۇيۇشمىسىنىڭ قارىمىقىدىكى سانائىي نەفىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتنىشىپ، بەدىئىي رەھبەر بولدى ۋە بۇ ئۇمەكنىڭ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1946 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ كېرىيە ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇ يەردە 1947 - يىلى 1 - ئايغا قەدەر خىزمەتتە بولدى.

شائىر ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شىنجاڭ شۆيۈەنىگە ئىلمىي مۇدىر بولۇپ تەيىنلەندى، 1950 - يىلى 1 - ئايدا مەدەنىي مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىغا يۆتكەلدى. بۇ باشقارما 1951 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بولۇپ قۇرۇلدى. شائىر شۇندىن باشلاپ تاكى 1983 - يىلى 10 - ئايغا قەدەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا تەھرىر، ئۇيغۇر تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ئىشخانا مۇدىرى، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى، مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى ۋەزىپىلىرىدە بولدى، ئارىدا ئىككى يېرىم يىل، يەنى 1957 - يىلدىن 1960 - يىلىغا قەدەر تىل - يېزىق كومىتېتىدا ئىشلىدى. ئۇ 1983 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت، سەھىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ئىشلىدى، 1991 - يىلى پېنسىيىگە چىقتى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ئەمدىلىكتە ئۆزى ئۆمۈر بويى شۇغۇللانغان ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىشلىرىنى تولۇق داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ۋاقىت ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ دىققىتىنى توپلاپ، بىرمۇنچە چوڭ - چوڭ ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەمگەكلەرگە تۇتۇش قىلدى. ئۇ ھازىر 12 مۇقامنى ئومۇملاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، قەدىمكى مەدەنىيەتتىن ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخى توغرىسىدا ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مىللىي خاسلىقى توغرىسىدا كىتاب يېزىشنى پىلانلاپ، ماتېرىياللىرىنى تەييارلاپ بولدى.

شائىر ئىمىن تۇرسۇن ئاكا 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا باش كۆتۈرگەن يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ بىر غوللۇق ۋەكىلى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىكارلىرىدىن بىرى. شېئىرىي تىلىنىڭ ساددا، گۈزەل ۋە راۋانلىقى، شېئىرىي شەكىللەرنىڭ خىلمۇ خىللىقى ۋە ئاز ئۇچرايدىغان ۋەزىن، تۇراق، قاپىيە ئىنتىزامى قاتتىق شەكىللەردە شېئىرىي مەزمۇننى ئەركىن ئىپادىلەش، ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىكى ئىجادىيلىق، فولكلور شېئىرىيىتىدىكى ۋەزىن - تۇراقلارنى يازما شېئىرىيەتكە ئېلىپ كىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، سۆز - ئىبارە تاللاشتىكى ئەستايىدىللىق ۋە لوگىكىلىق، شېئىرىي ھېسسىياتتىكى سەممىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك ئىمىن تۇرسۇن ئاكا شېئىرلىرىدىكى خاسلىق ۋە مېتود بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قاراڭ :

مەن ئۆزۈمنى يېتىم دېسەم، ئانام بار ئىكەن،
يالغۇزەك - مىسكىن دېسەم، ئېلىم يار ئىكەن.
باغلىرىمنى قايناق دېسەم، گۈللەر خار ئىكەن،
پۇت - قولۇمنى بوشاق دېسەم، يوللار تار ئىكەن.

(شائىرنىڭ «مەن» ناملىق شېئىرىدىن، 1948 - يىل)

بۇ شېئىردىكى ۋەزىن ۋە ئاھاڭ بىزگە: گۈلەمخاننىڭ قارا ساچى يەرگە تېگەمدۇ، دېگەن خەلق ناخشىسىنى ياكى «يارۇ» ناخشىسىدىكى «ئېگىز - ئېگىز تاغ باشىدا قۇرغۇي ئەگىيدۇ» دېگەن مىسرالارنى ئەسلىتىدۇ. شائىرنىڭ بىر مۇنچە ئەسەرلىرى مۇكاپاتلاندى، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى ۋە مۇنەۋۋەر شېئىرلار توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە تەسىر قوزغىدى.

ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ھازىر جۇڭگو مىللىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو تۈركىي تىللار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو فولكلورچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي ھەيئەت ئەزاسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. ئۇندىن باشقا، ئىمىن تۇرسۇن ئاكا يەنە «بۇلاق»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ۋە «تارىم» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئەزاسى.

مەن شائىر ۋە ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئاكىنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىغا 50 يىل توشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان بۇ ماقالەمنىڭ ئاخىرىدا، بارلىق پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش قەلەمداشلار نامىدىن ئىمىن تۇرسۇن ئاكىغا سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت ۋە خاتىرجەملىك، مۇندىن كېيىنكى ئىجادىي ۋە ئىلمىي ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەيمەن. بىز ئىمىن تۇرسۇن ئاكا ۋە شۇ قاتاردىكى باشقا ھۆرمەتلىك پېشىۋالىرىمىزنىڭ ئىلىم ئىزدەش يولىدىكى ئېگىلمەس - سۇنماس روھىدىن، ئىجادىيەتتىكى تەلەپچانلىقى ۋە ئىلمىيلىقىدىن، كەمتەرلىكى ۋە سەمىمىيلىكىدىن ئۆگىنىمىز. ئۇلار ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيىتىنى يارىتىش يولىدا پۈتۈن ئۆمرىنى سەرپ قىلدى، بەدەل تۆلىدى، قۇربان بەردى، بىز كېيىنكىلەر ئۇلارنىڭ قان ۋە تەرى ھەتتا ھاياتىي بەدىلىگە ئاچقان يېڭى يوللاردا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىمىز، ئۇلار بولمىغان بولسا، بىزمۇ بولمىغان بولاتتۇق.

ھۆرمەتلىك ئىمىن تۇرسۇن ئاكا، مول مېۋىلىك ئۆتكەن 50 يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

شاكەن ئوڭالباييېۋ (قازاق)

## شېئىرلار

### چوڭلۇق

ۋاپا قىلماس باشتىكى چاچنىڭ ئېقى،
چوڭايغاندا ئۇ باشنى پاش قىلىدۇ.
تەڭ بولسىمۇ ئەسلىدىكى ياش قورامى،
ئاقارغاندا بالدۇر، كېيىن ئاقىرىدۇ.

چوڭ ئىكەن دەپ ئۆزگىلەر قىلسا ھۆرمەت،
كىبىرلىشنىڭ ئورنى يوق چوڭغۇ مەن دەپ.
تۆر بېشىغا چىقىشنى سانىمايمەن
ھەر خاماندىن ئالىدىغان كەپسىنىم دەپ.

كونىلاردىن ئورۇنسىز تېرىپ نەقىل
بىلەدەپ دەپ ئۆزگىگە سالمايمەن تىل.
يۈرىكىمدە ساقلىدىم دائىم مەھكەم
چىقارىنى كۆپىنچە ياشتىن ئەقىل.

يازسا پارلاق ھاياتنى شائىر چىندىن،
كۈي يانمىغان يېلىنجاپ نەدە، قاچان؟
كىچىككىنە بۇلبۇلنىڭ تازقارىدىن
ئارتۇقلىقىن بىلمەيدۇ قايسى ئىنسان؟

ئېغىز تەگدىم بەختكە دېسەم ئاز - پاز،
بەردى ئۇنى بۇ ھايات دولقۇن ئۇرغان.
قۇرۇپ كەتسۇن قىتىغۇر تاش يۈرەكلەر
ئەتراپىنى زىدە قىپ قېزىپ تۇرغان.

ئىتتەرمىسە ئېچىلماس ئىشىك ھەرگىز،
ئېتىبارمۇ تېپىلماس تەر - ئەجىرسىز.
پەش قىلمايمەن ھەرگىزمۇ ئاق بېشىمنى
بېرەلمىسەم ئېلىمگە پايدا شەكسىز.

### كۆڭۈل

يەلكىسىدە كۆتۈرسىمۇ ئالەمنى
تۇرالماسكەن ئادەم ھامان قېرىماي.
خۇشاللىقنىڭ ئازلايدىكەن كۈنسېرى
ئايرىلغاندەك نۇرلىرىدىن يېرىم ئاي.

كەلمىگەچكە ئۆمرۈڭ يازى يەنە بىر
بولىدىكەن ئەقىل - زېھىن گاللاشقاق.
تۇرمۇش يۈكى بېسىۋالار يەلكەڭنى،
خۇددى ئۆگەي ئاناسىمان قېرىشقاق.

تېغىنىڭ ياتار بېشىن تىرەپ مۇزاتقا،
ئۇچار قۇشلار كېتەر ئۇچۇپ ئۇزاققا.
مىدىرلاشقا قۇربىڭ يەتمەس ھەرگىزمۇ
بوز تورغايدەك چۈشۈپ قالغان تۇزاققا.

بىراق، بەزەن تەۋەككۈلگە يەڭ تۈرۈپ،
قېرىلىققا قىراماستىن گۈركىرەپ،
تېپىۋېلىپ ياشلىقىڭنىڭ ئوتىنى،
ئەجدىھادەك يۈرگۈڭ كېلەر ھۆركىرەپ.

## بۆرە

قىرى، يىرتقۇچ قانلىق ئىغىز بۆرە دېگەن،
كۆرگەن تالاي زورلۇقنى ياش چاغدا مەن.
ئېتىلغانتىم ئاڭا قارشى ئالدىراپلا،
بىر چاغ مىنىپ بىر توپاققا كۆندۈرمىگەن.

بىر قورۇ قوي يايلىغاندا تۈزگە بېرىپ،
مەن ئويۇنغا بېرىلىپ بىر چەتتە قېلىپ.
تەلۋە بۆرە بەلدىن ئېشىپ قېچىپ كەتكەن
بىر قوزىنى مۈرىسىگە ئارتىپ ئېلىپ.

قەهرىتان قىش چوڭقۇر كەڭرى ساي ئىچىدە
يېرتۋەتكەن ئۇ ئاتامنىڭ يورغىسىنى.
سەپەر تارتىپ يىراقلارغا يول ئالغاندا
ۋاپادارلىق كۆرسەتكۈچى يولدىشىنى.

ئەرز - دادلار قىلىچە كارغا كەلگىنى يوق،
چەكلەشكىمۇ، تىپىشقىمۇ بولماس ئىمكان.
بۇ هايۋاننىڭ قىلىقىنى شۇڭلاشقا مەن
ياۋۇزلۇقنىڭ ئەشەددىسى هېسابلىغان.

ئۆچ ئېلىشنىڭ مۆرىتىلا كېلىپ قالسا،
دېدىم هەقلىق ئۆلتۈرۈشۇم ئۇنى هامان.
قىسىپ تاشلاپ كۆكلەمدە مەن پەيلىرىنى،
كۆچۈكىنى كۆزدە تالاي قېتىم سوققان.

كېيىن كۆپ ئىش كۆرۈپ قايتا ئويلاپ قالدىم،
جان باقاي دەپ قۇشلار كۆلگە قونار ئىكەن.
بۆرىلەرمۇ ئاچتىن ئۆلمەي ياشاش ئۈچۈن
قورۇلارغا چېقىلغىلى بارار ئىكەن.

كۆپ نەرسىنى ئويلاپ ئىچىم قالدى قايناپ،
دۇنيادىكى رىقابەتنىڭ جىق جاڭجەلى.
بۆرە تەگسە بىرەر مالغا كېلىنى دەپ،
قۇرۇتماقچى بوپتۇق ئۇنى بىز بىر يولى.

ئەمدى خۇمار بولما كونا ئىزلارغا دەپ،
بېرىپ تۇرار تىرىكچىلىك بىزگە كېڭەش.
شۇ بۆرىنىڭ تۈزۈك بىر كۈن كۆرۈشىنى
تارتىۋالغان بىز ئۆزىمىز، ئۆزگە ئەمەس.

ئازايماقتا دۇنيادىكى هەر خىل هايۋان،
ئايان بۈگۈن هەممىمىزگە بۇ هەقىقەت.
ئەسلى بەرگەن ئەمەسمىدى ئۇلارغىمۇ
ياشاش ئەركى - هوقۇقىنى بۇ تەبىئەت.

ئەمەس بۇ ئوي مەنلا تاپقان بىر كەشپىيات،
شۇنداق ئويدا داۋالغۇغان چاغلىرىم بار.
شۇڭلاشقىمۇ ئەيتاۋۇر ئاڭ - يىرتقۇچلارنىڭ
گۇناهىنى ئاقلىغىملا كېلىپ تۇرار.

## قاپاق

قارىسا قاپاق تۈرۈپ ئاتام ماڭا
سۆزۈمنى ئېيتالمايتتىم جۈرئەت قىلىپ.
ئۆگەنچى ئۇۋچىلاردەك ئاڭ ئاتالماس،
يۈزىگە باقالمايتتىم مەڭدەپ قېلىپ.

قايرىلسا بەزەن سۆزى قاتتىق كېتىپ،
كۆز يېشىم تۆكۈلگەندە مۆلدۈر ئېتىپ.
ئېچىلىپ تۈرۈك قاپاق ياز تېڭىدەك
كېتەتتى مېهرى تۇتۇپ ئەركىلىتىپ.

مەن تۈرلۈك قاپاقلارنى كۆرۈپ ئۆستۈم،
ئويلىسام قاناتلىنار خىيال شۇئان.
بىلمەمەن سوراپ تۇرماي بىر قاراپلا
سىرلارنى يۈرەكلەردە ياتقان پىنهان.

هەمىشە ئوچۇق تۇرار قاپاقلار بار،
قايتمايدۇ ئالدىدىن هېچ كۆڭۈل سۇنۇپ.
ياخشىلىق بارلىقىغا ئىشىنىسەن
ۋەدىلەر بەرمىسىمۇ قولنى قويۇپ.

ئەل سۆيەر شۇنداق ئوچۇق قاپاقلارنى،
بولۇتسىز چىراي جاننى يىللىتىدۇ.
ئالدىغا بېرىپ قالساڭ بەزىلەرنىڭ
ياۋا نار كەبى چىشلەپ هەم تېپىدۇ.

هەيۋىدە بىر ئۈركۈتۈپ قويماق بولۇپ
كۈلسىمۇ قالتىس هەيۋە بىلەن كۈلۈپ،
چاچقاندەك ئۆچمەنلىكنى بۇ دۇنياغا
هېچقاچان ئالالمايسەن مۇزدىن بۆلۈپ.

قالىمەن قاراپ بارمۇ بىر قۇدرەت دەپ،
تۇغۇلۇپ خىيالىمدا بىردىن گۇمان.
بەندىغۇ بىراق ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش،
ئۆتىدۇ نىم قىلسىمۇ ئۆمرى ھامان.

مەن كۇندە كۆرگەن شۇنداق قاپاقلاردىن
ئاخىرى تاپتىم يەكۇن ئومۇملاشقان:
كۆرۇنسە كىرەك تۇرلۇك قاپاقلاردىن
ھەر تۇرلۇك بىلىم - سەۋىيە بولۇپ ئايان.

## ئۇنۇتمايمەن شۇ تۇننى

تەڭ گۇزەللىك بەرسە ياشلىق ۋە ئادىللىق
كىم بولاتتى بۇ ھاياتتا ئەركە بىزچە.
خۇمار قىلىپ قۇچىقىغا تارتقانىدى،
تەڭ يىپىنغان يىپىنچىدەك مەخمەل كىچە.

ئىچ - ئىچىگىدىن يايراپ چوڭقۇر نەپەس ئىلىپ،
مۇردىلەرگە مۇرە تىرەپ يۇرمەك ئوبدان.
ئاللىقانداق سادا بىرىپ شىۋىرلىشار
ئاياغلارنىڭ تەگلىرىگە چوشكەن خازان.

ئىگىزلاردىن چىقىدىغان گەپلەر قىسقا،
كۆز تىكىشتۇق قاتار تۇرۇپ يىراقلارغا.
پىتىنالماي قىلچە ئارتۇق قىمىرلاشقا
چۆمدۇق سوزۇك خىيال، ئىشقى-يىراقلارغا.

چولىمىز يوق ئۆزگە جايغا قارىغىدەك،
يۇلقۇناتتى بەخباش ھىسلار يول تاپالماي.
ئاشۇ بىر تۇن، پەرىشان تۇن، قەدىرلىك تۇن
مەڭگۇلۇككە كەتتى قايتا قايتىلانماي.

## كۆكلەم ناخشىلىرى

(چاتما)

### ۋاقىت بۇيرۇقى

ئىسسىق نەپەس بىلەن ئىگىز تاغ قوينىغا
ئەمچى ۋاقىت، دەم سىلىپلا ياتقان ئىكەن.
توڭلاپ گويا تاپ بولغىلى تاسلا قاپتۇ
قىرچاڭغۇدەك بوينىغا چوڭ خاۋۇت چۇشكەن...

سوغ دەردىدىن ئازابلانغان، غالىلدىغان،
ئىچىرقىغان ئادەم كەبى ماغدۇرى كەم.
تەبىئەتنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى بىردىن
ئۇزاق يوللار بىسىپ كەلگەن يىللىق كۆكلەم.

خورلىغانتى قىش شامىلى خۇپسەن كۇلۇپ،
يىللىق ھاۋا ئويغاتتى تىز سىلكىندۇرۇپ.
سۆرۇنلۇكلەر غايىب بولدى،
گۇزەللىكلەر
كەلدى نۇرغا كەڭ دۇنيانى پۇركەندۇرۇپ.

تەڭ كىلەلمەي ئىلىشىشتا، چىلىشىشتا،
ئىغىر خەۋپ يىتىپ قالدى قار بىشىغا.
چاپتى دەريا ئىزلىرىغا، ھورلىرىنى
ئوخشاش قىلىپ لەپىلدىگەن قىز چىچىغا.

توغرىلىنىپ قىش ۋە يازنىڭ ئارىسىغا
جاندارلارنىڭ يەر ئانىسى ئويغاندى ھەم.
يىشىل كۆكلەم باشقۇرىدۇ ھەممىسىنى
پەسىللەرنىڭ سەركەردىسى بولۇپ ھەردەم.

### چۆمۈلىلەر

نەۋ باھارنىڭ تىۋىشىنى سەزگەن ھامان
چۇمۇلىلەر ئويغىنىدۇ ئۇيقۇسىدىن.
يەنە قەدىم تىرىكچىلىك ئىشلىرىغا
كىرىشىدۇ يامراپ چىقىپ ئۇۋىسىدىن.
توشۇپ چاۋا - ياپراقلارنىڭ پارچىسىنى
ئۇۋىسىنى تۇزۇشىدۇ ئىشلىشىپ شات.
ئىشچانلاردەك ئۆملىشىپ تەڭ قوزغىلىدۇ،
كۆرمەيسەن دەم ئالغىنىنى بىردەم، ھەيھات.
ئادەمزاتتىن ئۇلاردىغۇ قانۇن باشقا
شۇنداقتىمۇ يوق ئامالىڭ تاڭ قالماسقا.
يىپپىلىدۇ ھەنىۋاسى قاپساپ بىراق
ھەر قانداق بىر دۇشمەن بىلەن جاڭجاللاشسا.
ئادەتتىكىغۇ يول ئالىدۇ يامراپ ھەريان،

بولسا كېرەك بىرلىشىشنى ئۆلچەم قىلغان.
بىرلا يەردىن ئۈنەلەيدۇ قىيىن پەيتتە،
شۇ سەۋەبتىن غالىب بولۇپ چىقار هامان.
ئۇلار شۇنداق كۆرەش بىلەن جان ساقلايدۇ
بەزىلەردەك ھورۇنلىشىپ ئار ساتمايدۇ.
كەڭ تەبىئەت تارتۇق ئەتكەن كۆچ ـ جاسارەت
شامۇ ـ سەھەر چاپتۇرىدۇ، چارچاتمايدۇ.
چىقمىسىمۇ يىراق، مۇشكۈل سەپەرلەرگە،
بىر ئۆۋىغا بەرى ئوزۇق يىغار ھەدەپ.
بىزگە شۇلار بىر ئەسكەرتىش بەرگەن ئىدى،
ئۆملۈكتە ئىش قىلساڭ جەزمەن يېڭىسەن، دەپ.

### دالا مۇھەببىتى

دانالاردەك تۈسكە كىردى تىك چوققىلار،
كەتكەنلىكتىن قېيداپ، بۇتناپ كۆيچى
مۇز ـ قار.
سايا ھەتكە كەلدى بۈگۈن بۇ ياقلارغا
سەر خىل يىگىت، نازىنىن قىز، ھۆرى
دىلدار.
كۆكلەم قۇشىن كۆرۈشكە خوپ خۇمارى بار
قېيىنلارنىڭ، چىنارلارنىڭ ياپراق يايغان.
ئۈۋۈسىنى ئىزدەۋاتقان قۇشلار ئوخشاش،
ھەر كۆڭۈلدە چاقنايدۇ بىر پارلاق ئارمان.
ئىلھام تېپىپ كۈلگەن سەھرا تاڭلىرىدىن
كۆتۈرۈلدى ياڭراق ناخشا پەلەك تامان.
دەۋاتقاندەك گۈزەللەر ئۆز كۆلكىسىدە
سەنلا سۈنساڭ كۆكسۈمگە گۈل تاقاي شۇئان.
باققان بىلەن ئۇلارنىڭ قاش ـ كۆزلىرىگە
قايتۇرالماس سۆزلىرىگە ئەپلەپ جاۋاب.
قىسىلغىنى قىزىق ئاپئاق بوز يىگىتنىڭ
يۈرەك سىرىن ئېيتالماستىن يەرگە قاراپ.
يىگىت تىلى، جۈرئىتىنى باغلايدىغان
مۇشكۈل ئىشلار بۇ دۇنيادا كۆپ
ھەرمەھەل.
شۇنداقتىمۇ ھەممىسىدىن مۇھەببەتلا
بولسا كېرەك مۇشكۈلى چوڭ تۈنجى ئۆتكەل.

### پەسىل قۇشلىرى

كۆكلەم بىللە ئېلىپ كەلگەن غاز ـ ئۆردەكنى
تەسۋىرلەشكە شائىرلار بەك ئامراق ھامان.
نىچۈن دېسەڭ، مېھرى يىللىق كەڭ تەبىئەت
ئادەملەرگە شۇ سوۋغاتنى ھازىرلىغان.
ئىسسىق مەمنۇن ئەتكەندەك خوپ تەرگە
چۆمۈپ
كەڭرى دالا كۈلدى راسا پەيزى سۈرۈپ.
گۈزەللىكنى ئېلىپ كەلدى بۇ دۇنياغا
قارا چىلان تۇپراقلارغا چۆپ ئۈندۈرۈپ.
تونۇتقاندەك ئەقىل تولغان دانالىقنى
ياسار سانسىز يېڭىلىقنى قىلىپ ئايان.
ياقتۇرمايدۇ ساختىلىقنى، قارىلىقنى
ئاق كۆڭۈلدەك بىغۇبار بۇ يېڭى جاھان.
ئادەملەرنىڭ يازغا سۇنغان سوۋغىسىدەك،
دەۋرەپ سېزىم قوزغايدۇ كۆي يۈرەك
ئارا.
مەن ئۆزۈممۇ كۆكلەمنىڭ گۈل جامالىدىن
قۇشلار كەبى ئالىمەن زوق ـ لەززەت گويا.
ئاڭلانسىمۇ ئۆزگىلەردىن ئۈنۈم ئازراق،
مەيۈسلىنىش يات كۆڭلۈمگە مېنىڭ ھامان.
شېئىرىيەت كۈلىنىڭ بىر ئۆردىكىمەن
ھاياتنىڭ بۇ كۆكلىمىدە بەخت تاپقان.

شائىرنىڭ «زاماندash» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن.
ئارسلان تەرجىمىسى

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەتتىمىن بارى

ئېكسلى (ئەنگلىيە)

# خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش

(ھېكايە)

سىمۇھودېر ئەپەندى ئىنچىكە ـ ئۇزۇن بويلۇق، يۈزى ياداڭغۇ، ئىككى چېكىسىگە ئاق كىرگەن، ئۆزى مۇلايىم، جىمغۇر كىشى. ئىلمىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئاجايىپ شىجائەتلىك بۇ ئادەمنىڭ تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، لېكىن ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلاردا تولىمۇ چېچىلاڭغۇ.

كانپوت داشۆسى خىزمەتچى خادىمىدىن بىرنى قوبۇل قىلماقچى بولۇۋىدى، يۈزدىن ئوشۇق ئادەم مۇشۇ بوش ئورۇنغا قوبۇل قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى، سىمۇمۇ ئىلتىماس سۇنۇپ قويدى. ئاخىرىغا بېرىپ، سىمۇ قاتارلىق ئون بەش ئادەملا ئاغزاكى ئىمتىھان بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىدى.

كامپوت داشۆسى جايلاشقان كىچىككىنە بازاردا بارى ـ يوقى بىرلا مېھمانخانا بار ئىدى، مېھمانلار بىردىنلا كۆپىيىپ كەتكەچكە، ئىلاجىنىڭ يوقىدىن بىر كىشىلىك ياتاقلارغا ئىككىدىن ئادەمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. سىمۇ بىلەن بىر ياتاقتا ياتقان ئادەم ئىسمىنىڭ يىگىت سىمۇدىن تولۇق ياش كىچىك ئىدى. ئۆزىگە قاتتىق ئىشىنىدىغان، ئاۋازى تولىمۇ ياڭراق ئادەمنىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنى مېھمانخانىدا پات ـ پات ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ يىگىتنىڭ ئەقىللىقلىقىنى ۋە چاققانلىقىنى بايقاش ئانچە تەسمۇ ئەمەس ئىدى.

ھەكتەپ مۇدىرى بىلەن تاللاش گۇرۇپپىسى ھەممە نامزاتتىن ئاغزاكى ئىمتىھان ئېلىپ، ئاخىرىدا سىمۇ بىلەن ئادەمنى تاللىۋالدى، لېكىن ئىككىسىدىن قايسىسىنى تەكلىپ قىلىشقا كەلگەندە، گۇرۇپپا بىر قارارغا كېلەلمىدى، شۇڭا ئۇلارنى داشۆنىڭ زالىدا ئاشكارا لېكسىيە سۆزلىتىپ، ئاندىن بىر قارارغا كېلىشكە توغرا كەلدى. «قەدىمىي سۇمىنلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى» لېكسىيە ماۋزۇسى قىلىپ تاللىنىپ، لېكسىيىنى ئۈچ كۈندىن كېيىن سۆزلەش بەلگىلەندى.

شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە سىمۇ ياتاقتىن چىقماي، تاماقنىمۇ، ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ئولتۇرۇپ لېكسىيە تېكىستىنى يازدى. لېكىن ئادەم بەخىرامان يۈرۈۋەردى. مەيخانىدىن ئۇنىڭ كۈلكىلىرى ئىلگىرىكىدەكلا ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇ ھەر كۈنى ناھايىتى كەچ يېنىپ كېلەتتى ـ دە، سىمۇدىن لېكسىيە تېكىستىنى قانچىلىك يازغانلىقىنى سورايتتى ۋە ئۆزىنىڭ قارىغا ئېتىش ئۆيى، تىياتىرخانا ۋە

مۇزدىكا زالدىكى كۆڭۈل ئېچىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

لېكسىيە سۆزلىنىدىغان كۈنى ھەممە ئادەم زالغا يىغىلدى. سىمو بىلەن ئادامس سەھنىدىن ئورۇن ئالدى. سىمو مانا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ماشىنكىدا ئۇرۇپ تەييار قىلغان لېكسىيە تېكستىنىڭ قاچاندۇر غايىپ بولغانلىقىنى سېزىپ چۆچۈپ كەتتى.

مەكتەپ مۇدىرى لېكسىيە ئىسمىدىكى باش ھەرپىنىڭ ھەرپ تەرتىپى بويىچە سۆزلىنىدۇ، دەپ جاكارلىدى. ئادامس بىرىنچى بولۇپ سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. روھى چۈشۈپ كەتكەن سىمو بېشىنى كۆتۈرۈپ ئادامسقا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. كەيپى چاغ ئادامس يانچۇقىدىن ئوغرىلىۋېلىنغان لېكسىيە تېكستىنى ئېلىپ، زالدا ئولتۇرغان پروفېسسورلارغا تىكىلگىنىچە لېكسىيىنى ئېلىپ، زالدا ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ناتىقلىق ئىقتىدارىغا سىمونىڭ ئۆزىمۇ ئىچىدە قايىل بولماي تۇرالمىدى. ئادامس لېكسىيىنى سۆزلەپ بولۇشىغا زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. ئادامس چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆز ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

نۆۋەت سىموغا كەلدى. ئۇ سۆزلىمەكچى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى لېكسىيە تېكستىگە يازغانىدى. كەيپىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن ئۇنىڭ دەماللىققا باشقا بىر نېمىنى ئويلاپ تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. نومۇستىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن سىمو تۆۋەن ۋە ھارغىن ئاۋازدا ئادامس ھېلىلا ئوقۇپ ئۆتكەن لېكسىيىنىڭ مەزمۇنىنى سۆزمۇ-سۆز، جۈملىمۇ جۈملە تەكرارلاپ چىقتى. ئۇ لېكسىيىنى تۈگىتىپ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندا، زالدا پەقەت ئۇ يەر، بۇ يەردىلا چاۋاك چېلىندى.

نامزاتلاردىن كىمنى تەكلىپ قىلىشنى مۇزاكىرە قىلىشىۋېلىش ئۈچۈن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى. زالدا قالغانلار قارارنىڭ نەتىجىسى توغرىلىق كۆڭلىدە ئاللىقاچان سان ھاسىل قىلىپ بولغاندەكلا ئىدى.

ئادامس پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن سىمو تەرەپكە قېيشايدى-دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ:

— تەقدىر شۇ ئىكەن، ئاكا، ئىككىمىزدىن بىرىمىزلا تاللىنىدىغان تۇرساق، نېمە ئىلاج، — دېدى كۈلۈمسىرەپ.

شۇ ئارىلىقتا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن گۇرۇپپا ئەزالىرى يېنىپ كىردى.

— جانابلار، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى، — بىز تاللاپ چىقتۇق. خىزمەتكە سىمو ھودېر ئەپەندى تەكلىپ قىلىنىدۇ!

ھەممە ئادەم ھاڭ-تاڭ قالدى.

— مەن ھەرقايسىڭىزلارغا مۇزاكىرە ئەھۋالىنى بايان قىلىپ ئۆتەي، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئادامس ئەپەندىنىڭ ناتىقلىق ئىقتىدارى، مول بىلىمى ھەممىمىزنى ئىنتايىن قايىل قىلدى، مەن ئۆزۈممۇ قاتتىق تەسىرلەندىم. لېكىن شۇنى ئۇنۇتماڭلاركى، ئادامس ئەپەندى لېكسىيىنى تېكستكە قاراپ سۆزلىدى. خوش، ئەمدى ھودېر ئەپەندىچۇ، پۈتۈنلەي تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىگە تايىنىپ، ئادامس ئەپەندى

(ئاخىرى 145 - بەتتە)




پېشقەدەم يازغۇچى ليۇ شياۋۋۇ سۆزلىمە



سۇڭ خەنلياڭ سەنئەتكارلار ئارىسىدا.



دراماتورگ تۇرسۇن يۇنۇس سۆزلىمە



يازغۇچى ليۇ شياۋۋۇ، ۋاڭ يۇخۇ، قەييۇم تۇردىلار بىرلىكتە.



ياش يازغۇچى ئابدۇللا ساۋۇت سۆزلىمە





يىغىن مەيداندىن كۆرۈنۈش.



ئۆز ئارا سۆھبەت.

ۇرەتلەرنى قەيۇم، ئابلىز، شاڭ ئەنخې، سۇن جيابىڭ، يەن شەنلەر تارتقان




《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1992 ـ يىل 7 ـ سان ( 377 ـ سان ) ، 42 ـ يىل نەشرى .
ئۈرۈمچى « تارىم » ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ . تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044
خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : ISSN 1002 _ 9044

国内统一刊号：CN 65－1010／I
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 _ 1010 / I

邮发代号：58－66 定 价：1.70 元
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 66 _ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 1.70 يۈەن

邮政编码：830000
پوچتا نومۇرى : 830000